ئومۇمىي 27-سان

2021 نويابىر

# ئۇيغۇرلار

*The Uyghurs*

ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە مەۋجۇدىيىتىنىڭ ژۇرنىلى

The Magazine of the Uyghur Culture and Survival



ئۇيغۇرلارغا قارشى ئۇرۇش
1



رىزۋانگۈل
98



ئامېرىكا دېڭىز ئارمىيىسى
66

2021 نويابىر
ئومۇمىي 27-سان

# ئۇيغۇرلار

## ئايلىق ئۇنىۋېرسال ژۇرنال

ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتىنى قەدىمقى دۇنيا مەدەنىيەتلىرىنىڭ ئۇچراشقان مەدەنىيەتلەر مەركىزىدۇر. ھالبۇكى، بۇ يەردىكى ئاساسىي ئېقىم مەدەنىيىتى يەنىلا ئەزەلدىن شۇ جايدا ياشاپ كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتىدۇر.

باش مۇھەررىر: ئۇيغۇر كۆكئارت
مۇھەررىرلەر: ھېكمەتيار ئىبراھىم
ئۆتكۈر ئالماس

**چىقارغۇچى ئورۇن :**
ئۇيغۇر پروجېكت فوندى (UPF)
www.uyghursfoundation.org

ژۇرنالنىڭ نەشر ھوقۇقى:
ئۇيغۇر پروجېكت فوندىغا تەۋە.
**مەنبەسى ھەققىدە ئىزاھات بېرىلگەن قىسمەن ئەسەرلەردىن باشقا بارلىق ئەسەرلەرنىڭ نەشر ھوقۇقى بۇ ژۇرنالغا مەنسۇپ.**

6 009800 461091 >



# مۇندەرىجە


## مىسلىسىز ئويغىنىش

ۋاقىت باشقۇرۇش ۋە كىشىلىك مۇۋەپپەقىيەت 41

بىز قانداقسىگە ئىلىم-پەنگە ئىشەنمەس قىلىندۇق 90

«شىنجاڭنىڭ ئەللىك يىلى»غا رەددىيە 46

## خىتاي تەتقىقاتى

ئۇيغۇرلارغا قارشى ئۇرۇش

## گۈلىستان

كىشىگە ئىلھام بېغىشلايدىغان مەشھۇر شەخسلەر 58


## تارىخ ۋە بىز

چاناق قەلئە ئۇرۇشى ۋە ئەھمىيىتى

مىللەتلەرنىڭ يوقىلىشقا دۇچار بولىدىغان پەيتى 118















## خەلقئارا ۋەزىيەت

ئامېرىكا ۋە خىتاي دېڭىز ئارمىيىلىرى ئارىسىدىكى كۈچ تەڭپۇڭسىزلىقىغا نەزەر

## ساغلاملىق

ئىممۇنىتېت سىستېمىسىنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى بۇزىدىغان ئون ئاساسلىق سەۋەب 114

## كۆچمەندىكى ئۇيغۇرلار

ئۇيغۇرلاردا كىيىنىشتىكى قائىدە يوسۇنلار 25

## ئۇيغۇر تەتقىقاتى

شەپقەت ھەمشىرىسى رىۋانگۈلگە بېغىشلانغان ئەسەرلەر ئۈستىدە ئىزدىنىش

ئىسا يۈسۈپ ئالپتېكىن ئەپەندىنىڭ پرېزىدېنت نىكسونغا يازغان خېتى 36

## مەدەنىيىتىمىزدە ئىسلام

ھەدىسلەر ھەققىدە 71


**مۇقاۋىدىكى رەسىملەرنى گۈلناز تۇرسۇن سىزغان**



# ئۇيغۇرلارغا قارشى ئۇرۇش

# THE WAR ON THE UYGHURS

شان روبېرتس

Internal Campaign
a Muslim Minority



## ئىككىنچى باب: ئۇيغۇرلار قانداقسىگە
## «تېرورلۇق تەھدىتى» بولۇپ قالدى؟

(بېشى ئالدىنقىساندا)

### «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى»نىڭ خەلقئارادا
### «تېرورلۇق تەھدىتى» دەپ ئېتىراپ قىلىنىشى

خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى دۆلەت ئىشلىرى مەھكىمىسىنىڭ ئاخبارات ئىشخانىسى ئۇيغۇرلاردىن كېلىدىغان ئاتالمىش «تېرورلۇق تەھدىتى»گە قارشى تۇرۇشتا خەلقئارا جەمئىيەتتىن ياردەم تەلەپ قىلغان بۇ تەپسىلىي ھۆججەتنى ئېلان قىلغان كۈنى، خىتاي ۋەكىللىرى توكيودا ئۆتكۈزۈلگەن ئىئانە قىلىش يىغىنىغا قاتنىشىپ، ئامېرىكانىڭ يېتەكچىلىكىدىكى ئافغانىستاننى قايتا قۇرۇش ئىشلىرىنى قوللاش يۈزىسىدىن، ئافغانىستاننىڭ قايتا قۇرۇش ئىشلىرىغا 1 مىليون دوللار ياردەم قىلىشنى ۋە قوشۇمچە 3 مىليون 600 مىڭ دوللارلىق ئىنسانپەرۋەرلىك بۇيۇملىرى بېرىشنى ۋەدە قىلغان (29). بۇ مەزگىلدىكى ئامېرىكا ـ خىتاي ئارىسىدىكى قوش تەرەپلىك سۆھبەتنىڭ مەزمۇنى ھەققىدە بىلىنگەن تەپسىلاتلار ئاز بولسىمۇ، ئەمما شۇنىسى روشەنكى، بېيجىڭ «تېرورلۇققا قارشى دۇنياۋى ئۇرۇش»نى قوللاش ئارقىلىق، ئامېرىكاغا ئاتالمىش ئۇيغۇر «تېرورلۇق تەھدىتى»نى ۋە ئۇنىڭ «ئەلقائىدە» بىلەن چېتىشلىقى بارلىقىنى ئېتىراپ قىلدۇرماقچى بولغان. ئامېرىكا ئەمەلدارلىرىنىڭ 2001 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى ۋە 2002 ـ يىلىنىڭ كۆپ قىسمىدىكى ئاشكارا باياناتلىرىدىن، ئۇلارنىڭ بۇ مەسىلىدە خىتاينىڭ بېسىمىغا دۇچ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئەمما دەسلەپتە ئامېرىكا ھۆكۈمىتىمۇ بۇ بېسىمغا قارشىلىق كۆرسەتكەن.

جورج W بۇش بىلەن خىتاي رەئىسى جياڭ زېمىن 2001 ـ يىلى 10 ـ ئايدا «ئاسىيا ـ تىنچ ئوكيان ئىقتىسادىي ھەمكارلىق مۇنبىرى»نىڭ (APEC) يىغىن ئارىلىقىدا كۆرۈشۈپ، تېرورلۇققا قارشى كۈرەشتىكى ئۆزئارا دىيالوگ ۋە ھەمكارلىق توغرىسىدا ئوتتۇرا ـ ئۇزۇن مۇددەتلىك قوش تەرەپلىك مېخانىزم بەرپا قىلىش توغرىسىدا كېلىشىم ھاسىل قىلغان (30). ھالبۇكى، بۇش «ئاسىيا ـ تىنچ ئوكيان ئىقتىسادىي ھەمكارلىق مۇنبىرى» جەريانىدا، خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ «تېرورلۇققا قارشى دۇنياۋى ئۇرۇش»نى «ئاز سانلىق مىللەتلەرگە

زىيانكەشلىك قىلىشىنىڭ باھانىسى» سۈپىتىدە قوللىنىشقا ئۇرۇنماسلىقى كېرەكلىكىنى بىلدۈرگەن، بۇ سۆز مەخسۇس خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا تۇتقان مۇئامىلىسىگە قارىتىلغانىدەك قىلاتتى (31). شۇنىڭدىن كېيىن، ئامېرىكا دۆلەت ئىشلىرى مەھكىمىسىنىڭ تېرورلۇققا قارشى تۇرۇش ماسلاشتۇرغۇچىسى، باش ئەلچى فرانسىس تايلور (Francis Taylor) 2001 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ بېشىدا بېيجىڭنى زىيارەت قىلىپ، خىتاي بىلەن تېرورلۇققا قارشى ھەمكارلىق ئورنىتىش توغرىسىدىكى سۆھبەتكە قاتناشتى (32). گەرچە بۇ سۆھبەتلەر ئومۇمي جەھەتتىن نەتىجىلىك بولغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇيغۇرلارنىڭ (خىتاي ھاكىمىيىتىگە بولغان) ئېتىرازلىرىغا «تېرورلۇق تەھدىتى» قالپىقىنى كىيگۈزۈش ـ كىيگۈزمەسلىك ئىككى تەرەپ ئارىسىدىكى ئىختىلاپلىق ساھەلەرنىڭ بىرى ئىدى.

تايلور بېيجىڭدىكى ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىدا ئامېرىكا ئەسكەرلىرىنىڭ ئافغانىستاندا «خىتاينىڭ غەربىدىن كەلگەن بىر قىسىم خىتاي پۇقرالىرى»نى تاپقانلىقىنى ئېتىراپ قىلدى، ئەمما ئۇ يەنە «ئامېرىكا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتىنى تېرورلۇق تەشكىلاتى دەپ بېكىتمىدى ھەم ئۇنداق دەپ قارىمايدۇ» دېگەن مەيداندا قەتئىي چىڭ تۇردى. ئۇ تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ: «خىتاينىڭ غەربىي شىمالىدىكى كىشىلەر دۇچ كېلىۋاتقان مۇۋاپىق ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي مەسىلىلەر چوقۇم تېرورلۇققا قارشى تۇرۇش مەسىلىسى بولۇشى ناتايىن، ھەمدە تېرورلۇققا قارشى تۇرۇش مېتودى ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى سىياسىي ئۇسۇلدا ھەل قىلىنىشى كېرەك» دېدى (33) دېموكراتىيە، ھوقۇق ۋە ئەمگەك ئىشلىرىغا مەسئۇل دۆلەت سېكرېتارى ياردەمچىسى لورنې كرېينېر (Lorne Craner) 2002 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ئامېرىكا دۆلەت ئىشلىرى مەھكىمىسىنىڭ خىتاي توغرىسىدىكى كىشىلىك ھوقۇق دوكلاتىنى تونۇشتۇرۇش جەريانىدا بۇ نۇقتىنى قايتا تەكىتلەپ، «مېنىڭ بىلىشىمچە، خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى (شەرقىي تۈركىستاندا) ھازىرقىدىن كۆپرەك ئەركىنلىكنى تەشەببۇس قىلغانلارنىڭ ھەممىسىگە تېرورچى دەپ قالپاق كىيگۈزۈش يولىنى تاللىدى. بىز بۇنى توغرا دەپ قارىمايمىز» دېدى (34).

ھالبۇكى، 2002 ـ يىلى 8 ـ ئايدا، ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا ئالاقىدار ئاتالمىش «تېرورلۇق تەھدىتى» توغرىسىدىكى ئاشكارا باياناتلىرىدا بەزى ئۆزگىرىشلەر بولغانىدەك قىلاتتى. 2002 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى، مۇئاۋىن دۆلەت سېكرېتارى رىچارد ئارمىتېيج (Richard Armitage) «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى»نى خەلقئارالىق «تېرورلۇق تەشكىلاتى» ۋە ئامېرىكا ئۈچۈن تەھدىت دەپ ئېتىراپ قىلىدىغان بىر ھۆججەتنى تەييارلىدى. «فېدېراتسىيە ئاخباراتى» ژۇرنىلىدا نەقىل قىلىنغىنىدەك، مەزكۇر ھۆججەتتە شۇنداق دېيىلگەن: «مەن بۇ ئارقىلىق <شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى>نىڭ ئامېرىكا خەلقىنىڭ بىخەتەرلىكىگە ياكى ئامېرىكانىڭ دۆلەت بىخەتەرلىكىگە، تاشقى سىياسىتىگە ياكى ئىقتىسادىغا تەھدىت سالغان تېرورلۇق ھەرىكەتلىرىنى سادىر قىلغانلىقىنى ياكى سادىر قىلىش ئېھتىمالىنىڭ زور ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈردۈم» (35). 8 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىدا، سىياسەتتىكى بۇ خىل ئۆزگىرىشنىڭ ئىپادىسى سۈپىتىدە، ئارمىتېيج «<شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى> كىملەرنىڭ يارىلىنىشىغا پەرۋا قىلماستىن، قوراللىق پۇقرالارغا قارىتا زوراۋانلىق قىلمىشلىرىنى سادىر قىلدى» دېدى (36).

يۇقىرىدىكى بايانات ئېلان قىلىنىپ ئىككى كۈندىن كېيىن، ئامېرىكانىڭ بېيجىڭدىكى باش ئەلچىخانىسىنىڭ باياناتچىسىمۇ كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان باياناتتىن بىرنى ئېلان قىلىپ، «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى»نىڭ ئۇسامە بىن لادىن ۋە «ئەلقائىدە» بىلەن ھەمكارلىشىپ، ئامېرىكانىڭ مەنپەئەتىنى زىيانغا ئۇچرىتىدىغان ھۇجۇملارنى قوزغاشنى پىلانلىغانلىقىنى، بۇنىڭ ئىچىدە قىرغىزىستاندىكى ئامېرىكا ئەلچىخانىسىغا ھۇجۇم قىلىش پىلانىمۇ بارلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدى (37). باياناتچى يەنە: «<شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى> ختايدا بومبا پارتلىتىش، قەستلەپ ئۆلتۈرۈش ۋە ئوت قويۇش قاتارلىق 200 قېتىمدىن ئارتۇق تېرورلۇق ھۇجۇمى ئېلىپ باردى، نەتىجىدە كەم دېگەندە 162 ئادەم قازا قىلدى، 440 ئادەم يارىلاندى» دېدى (38). «ۋاشىڭتون پوچتىسى گېزىتى»نىڭ بۇ باياناتنى خەۋەر قىلغان مۇخبىرىنىڭ ئېيتقىنىدەك، بۇ سانلار ختاي خەلق جۇمھۇرىيىتى دۆلەت ئىشلىرى مەھكىمىسى ئاخبارات ئىشخانىسىنىڭ شۇ يىلى 1 ـ ئايدىكى دوكلاتىدىن بىۋاستە ئېلىنغان (39). ئەمما، ئارىدا يەنىلا بىر مۇھىم پەرق بار: ختاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ھۆججىتىدە بۇ ۋەقەلەرنىڭ ھەممىسى «شەرقىي تۈركىستان تېرورلۇق كۈچلىرى»نىڭ بىر قىسمى دەپ سۈپەتلەنگەن نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىغا نىسبەت بېرىلگەن. ئامېرىكا ئەلچىخانىسى بولسا بۇ ۋەقەلەرنىڭ ھەممىسىنى ھېچقانچە ئادەم بىلمەيدىغان «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى»گە ئارتىپ قويغان (40). «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى»نىڭ ئىزچىل ھالدا ھەم ختاي، ھەم خەلقئارا «تېرورلۇق» مۇتەخەسسىسلىرى تەرىپىدىن، 1990 ـ يىللاردا ختايدا يۈز بەرگەن، ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن سادىر قىلىنغانلىقى دەۋا قىلىنغان بارلىق زوراۋانلىققا جاۋابكار بىردىنبىر تەشكىلات سۈپىتىدە تەسۋىرلىنىشىگە ئەگىشىپ، بۇ خاتالىق شۇنىڭدىن كېيىنكى مەزگىللەردە «پىششىقلاپ ئىشلەنگەن»، «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى» ھەققىدىكى ئومۇمىيۈزلۈك ھېكايىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلاندى.

2002 ـ يىلى 3 ـ ئايدىن 8 ـ ئايغىچە بولغان ئارىلىقتا، زادى قانداق ئىشلارنىڭ يۈز بېرىپ، ئامېرىكانىڭ ختاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئۇيغۇرلارنى «تېرورلۇق تەھدىتى»گە باغلىشىنى قوللىشىغا سەۋەب بولغانلىقى ئېنىق ئەمەس. ئامېرىكا ئەمەلدارلىرى بۇ ھەقتە «<شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى>نىڭ ماھىيىتىگە ئالاقىدار مەخپىي ھۆججەتلەرنىڭ ھازىرغىچە ئاشكارىلانمىغانلىقى»نى باھانە قىلىپ، ھېلىھەم بۇ ھەقتە ئېنىق چۈشەنچە بەرمىدى. مەسىلەن، 2002 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ بېشىدا، ئەينى ۋاقىتتىكى شەرقىي ئاسىيا ۋە تىنچ ئوكيان ئىشلىرىغا مەسئۇل دۆلەت سېكرېتارى ياردەمچىسى جېيمس كېلىي (James Kelly) ھۆكۈمەتنى ئاقلاپ، 2002 ـ يىلى يازدا چىقىرىلغان، «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى»نى «تېرورلۇق تەشكىلاتى» دەپ بېكىتىش قارارىنىڭ «ختاي خەلق جۇمھۇرىيىتىگە يول قويغانلىق بولماستىن، ئەكسىچە <شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى>نىڭ <ئەلقائىدە> بىلەن مۇناسىۋەتى بارلىقى ۋە قورالسىز پۇقرالارغا قەستەن زوراۋانلىق ھۇجۇمى قىلغانلىقىغا دائىر مۇستەقىل دەلىل ـ ئىسپاتلارنى ئاساس قىلغان»لىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدى (41). ئارىدىن يەتتە يىل ئۆتكەندىن كېيىن، دۆلەت مەجلىسىدىكى ئىسپات ئاڭلاش يىغىنىدا ئامېرىكانىڭ 2002 ـ يىلىدىكى شەرقىي ئاسىيا ۋە تىنچ ئوكيان ئىشلىرىغا مەسئۇل مۇئاۋىن دىپلوماتىيە مىنىستىرى راندال شرىۋېردىن (Randall Schriver) «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى»نى «تېرورلۇق تەشكىلاتى» دەپ بېكىتىشنىڭ دەلىل ـ ئىسپاتلىرى

توغرىسىدا سورالغاندا، ئۇمۇ «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى»نىڭ تېررورلۇق ھەرىكەتلىرى توغرىسىدا خىتاي دائىرىلىرى تەمىنلىگەن ئۇچۇرلاردىن باشقا، ئىشەنچلىك دەلىل ـ ئىسپاتلارنىڭ بارلىقىنى ئۇتتۇرىغا قويىدى. ئەمما ئۇ يەنە بۇ ئىشەنچلىك دەلىل ـ ئىسپاتلار مەخپىي دەپ بېكىتىلگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلارنى ئاشكارىلىيالمايدىغانلىقىنى ئېيتتى (42). ئۇشبۇ «ئىشەنچلىك دەلىل ـ ئىسپاتلار» ـــ ئەگەر راستلا مەۋجۇت بولسا ـــ ھېلىھەم «مەخپىي» ھۆججەتلەر قاتارىدا بولسا كېرەك.

2002 ـ يىلىدا بىر قاتار ۋەقەلەر يۈز بەردى، بۇ ۋەقەلەر ئامېرىكانىڭ سىياستىنى ئۆزگەرتىشكە تۈرتكە بولغان بۇ ئاتالمىش «ئىشەنچلىك ئىسپاتلار»نى ئوتتۇرىغا چىقارغان بولۇشى مۇمكىن. ئامېرىكا 2002 ـ يىلىنىڭ بېشىدا 22 ئۇيغۇرنى گۇانتانامو قولتۇقىدىكى تۇتۇپ تۇرۇش مەركىزىگە سولىغان بولۇپ، بۇ مەھبۇسلاردىن تويلانغان ئىستىخباراتلار ئامېرىكانىڭ «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى»نىڭ «تېررورلۇق تەشكىلاتى» قىلىپ بېكىتىلىشىگە تۇتقان پوزىتسىيىسىنى ئۆزگەرتكەن بولۇشى مۇمكىن. بۇنىڭدىن سىرت، «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى»نىڭ قىرغىزىستاندىكى ئامېرىكا ئەلچىخانىسىغا ھۇجۇم قىلماقچى بولغانلىقى توغرىسىدىكى ئەيىبلەشلەرمۇ بۇ قارارغا تۈرتكە بولغان بولۇشى مۇمكىن. لېكىن، بۇ ئامىللارنىڭ ھېچقايسىسىنىڭ ئامېرىكا سىياستىدە بۇ خىل تۈيۈقسىز بۇرۇلۇش پەيدا قىلالىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. كېيىن ئاشكارىلانغان گۇانتانامودىكى ئۇيغۇرلارغا ئالاقىدار سوت خاتىرىسىدە، مەزكۇر تەشكىلاتنىڭ «ئەلقائىدە» ياكى تالىبان بىلەن مۇناسىۋىتى بارلىقى توغرىسىدا ھېچقانداق پاكىت يوق بولۇپ، ئامېرىكامۇ ئاخىرىدا شۇ سەۋەبلىك بۇ ئۇيغۇر مەھبۇسلارنىڭ ھەممىسىنى قويۇپ بەرگەن (43). «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى»نىڭ ئامېرىكانىڭ بىشكەكتىكى باش ئەلچىخانىسىغا ھۇجۇم قىلماقچى بولغانلىقى توغرىسىدىكى ھېكايىدىمۇ نۇرغۇن يوچۇقلار مەۋجۇت. ئامېرىكانىڭ بىشكەكتىكى باش ئەلچىخانىسى ھېچقاچان مەزكۇر پىلانلىق ھۇجۇم ھەققىدە بايانات ئېلان قىلىپ باقمىدى، ئەكسىچە بۇ ھەقتىكى باياناتنى ئامېرىكانىڭ بېيجىڭدىكى باش ئەلچىخانىسى تەرىپىدىن ئېلان قىلىندى. قىرغىزىستان دائىرىلىرى بولسا «ئۇيغۇرلارنىڭ قولىدا قىرغىزىستاندىكى بارلىق چەتئەل ئەلچىخانىلىرىنىڭ خەرىتىسى بار»لىقىنى ئامېرىكا ئەلچىخانىسىغا قىلىنماقچى بولغان ئاتالمىش پىلانلىق ھۇجۇمنىڭ ئىسپاتى سۈپىتىدە كۆرسەتتى (44). «ئەلقائىدە»نىڭ ئامېرىكاغا قارشى ھەرقانداق سۇيىقەستى ئۇرۇش قىلمىشى دەپ قارىلىدىغان (ئەينى چاغدىكىدەك) بىر پەيتتە، بۇ ئاتالمىش ھۇجۇم توغرىسىدىكى خەۋەرلەرنىڭ تاراتقۇلاردىن قانچىلىك تېز غايىب بولغانلىقىنى نەزەردە تۇتقاندا، بۇ ھەقتىكى پاكىتلارنىڭ يوقنىڭ ئورنىدا ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلىشقا بولىدۇ.

ئامېرىكانىڭ «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى»نى «تېررورلۇق تەھدىتى» دەپ ئېتىراپ قىلىش قارارىغا خىتاينىڭ «تېررورلۇققا قارشى دۇنياۋى ئۇرۇش»نى تېخىمۇ بەك قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئېھتىياجى تۈرتكە بولغان بولۇش ئېھتىماللىقى تېخىمۇ يۇقىرى. بولۇپمۇ 2002 ـ يىلى 8 ـ ئايغا كەلگەندە، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ئالدىقاچان ئىراققا تاجاۋۇز قىلىش مەسىلىسىدە قانداق قىلىپ خەلقئارانىڭ قوللىشىغا ئېرىشىش توغرىسىدا كاللا قاتۇرۇۋاتقانىدى. كولىن پوۋېلغا (Colin Powell) كۆرە، بۇش 2002 ـ يىلى 1 ـ ئايدا سېپىق نامى پۇر كەتكەن «رەزىللىك ئوقى» نۇتقى ئارقىلىق، ئىراقنى «تېررورلۇققا قارشى دۇنياۋى ئۇرۇش»قا باغلاپ، بولغۇسى ھەربىي ھەرىكەتكە سەھنە

ھازىرلىغاندىن كېيىن، 2002 ـ يىلى يازدىن باشلاپلا بۇ خىل تاجاۋۇزچىلىقنى قانداق ۋۇجۇدقا چىقىرىش توغرىسىدا ھەربىي مەسلىھەت ئېلىشقا باشلىغان (45). بۇنىڭدىن باشقا، پرېزدېنت بۇش «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى»نى «تېرورلۇق تەھدىتى» دەپ ئېتىراپ قىلىپ بىر قانچە ھەپتىدىن كېيىنلا، ب د ت ئومۇمىي مەجلىسىدە ئىراقنى جاۋابكارلىققا تارتىشنىڭ زۆرۈرلىكى توغرىسىدا ھاياجانلىق نۇتۇق سۆزلەپ، ئامېرىكانىڭ بۇ جەھەتتە خىتاي ھالقىلىق ئەزالىرىدىن بىرى بولغان ب د ت خەۋپسىزلىك كېڭىشى بىلەن يېقىندىن ھەمكارلىشىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. شۇڭا، ئەينى ۋاقىتتا «نيۇيورك ۋاقىت گېزىتى» ۋە «ۋاشىڭتون پوچتىسى گېزىتى» تەرىپىدىن ئېلان قىلىنغان ماقالىلەردە «ئامېرىكانىڭ <شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى>نى <تېرورلۇق تەشكىلاتى> دەپ بېكىتىشى ب د ت خەۋپسىزلىك كېڭىشىدە ئامېرىكانىڭ ئىراققا تاجاۋۇز قىلىشىغا يول قويىدىغان قارارنى ماقۇللىتىش جەھەتتە خىتاينىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئىنتايىن پايدىلىق» دېگەن پەرەزلەرنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى ھەيران قالارلىق ئەمەس (46). گەرچە «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى»نىڭ ئامېرىكا تەرىپىدىن «تېرورلۇق تەشكىلاتى» دەپ ئېتىراپ قىلىنىشىنى خىتاينىڭ ئامېرىكانىڭ ئىراققا تاجاۋۇز قىلىشىغا بولغان قوللىشى ياكى ھەمكارلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن قوللىنىلغان تەدبىر دېيىش ئۈچۈن ئېنىق پاكىت بولمىسىمۇ، لېكىن خىتاينىڭ ئەزەلدىن خەۋپسىزلىك كېڭىشىدە ئامېرىكانىڭ (ئىراققا) تاجاۋۇز قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن قارارنامە لايىھەسى سۇنۇپ باقمىغانلىقى دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ.

شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، ئامېرىكا ئۆزى «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى»نى «تېرورلۇق تەشكىلاتى» دەپ ئېتىراپ قىلىش بىلەنلا بولدى قىلماستىن، ب د ت نىڭمۇ بۇ تەشكىلاتنى «تېرورلۇق تەشكىلاتى» دەپ ئېتىراپ قىلىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، پائال ھالدا كۆپ تەرەپلىك تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن. 2002 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى، يەنى ئامېرىكاغا «11 ـ سېنتەبىر ھۇجۇمى» قىلىنغانلىقىنىڭ بىر يىللىق خاتىرە كۈنىدە، ئامېرىكا قىرغىزىستان، ئافغانىستان ۋە خىتاي بىلەن بىرلىكتە ب د ت نىڭ خەۋپسىزلىك كېڭىشىنىڭ 1267 ـ ۋە 1390 ـ نومۇرلۇق قارارلىرىغا ئاساسەن، «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى»گە، ئۇنى «تېرورلۇق تەشكىلاتى» دەپ تونۇغان ئاساستا جازا يۈرگۈزۈشنى تەلەپ قىلدى (47). ب د ت «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى»نى «بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن تىزىملىك»كە كىرگۈزگەندىن كېيىن، ئامېرىكا مالىيە مىنىستىرلىقىمۇ ئاخبارات ئېلان قىلىپ، بۇ قارارنى قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى ۋە «<شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى>نىڭ 200 قېتىمدىن ئارتۇق تېرورلۇق ھۇجۇمى قوزغاپ، 162 ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ، 440 دىن ئارتۇق ئادەمنى يارىلاندۇرغان»لىقىنى يەنە بىر قېتىم تەكرارلىدى. ھالبۇكى، بۇ سانلىق مەلۇماتلار مەزكۇر زوراۋانلىق ۋەقەلىرىنىڭ («شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى» تەرىپىدىن ئەمەس، بەلكى) كۆپلىگەن ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى تەرىپىدىن سادىر قىلىنغانلىقى دەۋا قىلىنغان خىتاي ھۆججىتىدىن شۇ پېتى نەقىل قىلىنغانىدى (48).

شۇنداق قىلىپ، خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى «تېرورلۇققا قارشى دۇنياۋى ئۇرۇش»نىڭ تۇنجى يىلىدا، ئامېرىكا ۋە ب د ت نىڭ قوللىشى بىلەن كەم دېگەندە بىر كىچىك ئۇيغۇر تەشكىلاتىنى ئۇرۇش نىشانلىرى دائىرىسىگە كىرگۈزۈشكە مۇۋەپپەق بولدى. بۇنىڭدىن سىرت، بۇنىڭدىن 20 يىل ئاۋۋال (ئېنىق دەلىل ـ پاكىتلارغا

تايانماستىنلا) گۇمانلىق ئەھۋال ئاستىدا چىقىرىلغان بۇ قارار ھېلىھەم كۈچكە ئىگە بولماقتا. چۈنكى، ئامېرىكانىڭ «تېرورچىلار تىزىملىكى»دە ۋە ب د ت خەۋپسىزلىك كېڭىشىنىڭ «بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن تىزىملىك»ىدە ھېلىھەم «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى»نىڭ ئىسمى بار (بۇ كىتاب نەشر قىلىنغاندا، ئامېرىكا تېخى «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى»نى ئۆزىنىڭ «تېرورچىلار تىزىملىكى»دىن چىقىرىۋەتمىگەنىدى، ت). بۇ ئەھۋال 2002 ـ يىلىدىن باشلاپ، ئومۇمىي ئۇيغۇر خەلقىگە نۇرغۇن (سەلبىي) تەسىرلەرنى ئېلىپ كەلدى، خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى ئۇيغۇرلارنى كەڭ كۆلەمدە تۇتقۇن قىلىشنى ئېغىر «تېرورلۇق تەھدىتى»گە قايتۇرۇلغان مۇۋاپىق ئىنكاس دەپ تورۇۋېلىۋاتقان بولغىنىكى كۆندە بۇ قارارنىڭ سەلبىي تەسىرى ھېلىھەم ئۇيغۇرلارنى قىينىماقتا. ئۇيغۇرلار بىر پۈتۈن مىللەت سۈپىتىدە مەزكۇر «تېرورچى»لىق قالپىقىنىڭ دەردىنى تارتتى. چۈنكى، گەرچە ئامېرىكا ۋە ب د ت خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ «دۇنيادىكى بارلىق ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى يەككە <تېرورلۇق تورى>نىڭ پارچىلىرىدۇر» دېگەن داۋرىڭىنى ئېتىراپ قىلمىغان بولسىمۇ، ئەمما «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى»نىڭ «تېرورلۇق تەشكىلاتى» دەپ بېكىتىلىشى سەۋەبلىك، خىتاي دۆلىتى ھەر قانداق ئۇيغۇر تەشكىلاتى ياكى شەخسكە «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى»نىڭ ئەزاسى ياكى شېرىكى دەپ خالىغانچە قالپاق كىيگۈزۈش، ئەڭ ئاخىرىدا بارلىق ئۇيغۇرلارنى مەزكۇر تەشكىلاتنىڭ ئەزاسى ياكى ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلغۇچى دەپ قارىلاش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتى.

مەسىلەن، خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى 2003 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ئۆزىنىڭ تۇنجى رەسمىي «تېرورچىلار» تىزىملىكىنى ئېلان قىلغاندا، گېرمانىيەدىكى ئىككى ئۇيغۇر تەشكىلاتى ۋە ئۇلارنىڭ رەھبەرلىرى مەزكۇر تىزىملىككە كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، بۇ تەشكىلاتلارنىڭ «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى» بىلەن ئىتتىپاقلاشقانلىقى دەۋا قىلىنغانىدى (49). نەتىجىدە ئىنتېرپول (خەلقئارا ساقچى تەشكىلاتى) مەزكۇر تىزىملىككە كىرگۈزۈلگەنلەردىن بىرى بولغان، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ (WUC) نۆۋەتتىكى رەئىسى، ئەينى ۋاقىتتىكى گېرمانىيەدىكى ئۇيغۇر پائالىيەتچى دولقۇن ئەيسا ئۈچۈن «قىزىل ئۇقتۇرۇش» چىقارغان بولۇپ، شۇ سەۋەبلىك ئۇنىڭ ئامېرىكا ۋە دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىغا سەپەر قىلىشى زور دەرىجىدە توسقۇنلۇققا ئۇچرىغان ۋە بۇ خىل ئەھۋال تاكى ئۇ 2018 ـ يىلى بۇ تىزىملىكتىن چىقىرىۋېتىلگەنگە قەدەر داۋاملاشقان (50). ئوخشاشلا، گۇانتانامو تۈرمىسىدىكى 22 ئۇيغۇر گەرچە ئەڭ ئاخىرىدا قويۇپ بېرىلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئامېرىكا ئارمىيىسى ئۇلارنى «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى»دىن ئىبارەت ئىسمى بار جىسمى يوق «تېرورلۇق تەشكىلاتى»غا باغلىماقچى بولغانلىقتىن، ئۇلاردىن يىللارچە «دۈشمەن جەڭچىسى» سۈپىتىدە گۇمان قىلىنغان. ئەمما، «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى»نىڭ خەلقئارادا «تېرورلۇق تەشكىلاتى» دەپ بېكىتىلىشىنىڭ تېخىمۇ كۆپ ئۇيغۇر خەلقىگە كەلتۈرگەن ئەڭ ئېغىر زىيىنى ئۇنىڭ خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنى «خىتايدىكى (يەنى خىتاي ئىشغالىيىتى ئاستىدىكى شەرقىي تۈركىستاندىكى) ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئىزچىل ۋە خەتەرلىك <تېرورلۇق تەھدىتى> مەۋجۇت»تىن ئىبارەت ئاڭلىماققا راستتەك تۇيۇلىدىغان ھېكايە بىلەن تەمىنلىگەنلىكى بولدى. خىتاي دۆلىتى «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى»نىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا پائال ھەرىكەت قىلىۋاتقانلىقىنى دەۋا قىلىش ئارقىلىق، 20 يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە «تېرورلۇققا قارشى تۇرۇش» باھانىسىدە ئۇيغۇرلارنىڭ نارازىلىقىنى زوراۋانلىق بىلەن باستۇرۇشنى ۋە ئاخىرىدا ئۇيغۇر كۈلتۈرىنى

يوقىتىشنى يوللۇقلاشتۇردى. ئەگەر «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى»نىڭ ئامېرىكا ۋە ب د ت نىڭ «تېرورلۇق» تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلۈشى 2002 ـ يىلى بۇ ھېكايىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشقا ياردەم بەرگەن بولسا، «تېرورلۇق» تەھلىلچىلىرى «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى»نى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە، بىر گەۋدىلەشكەن، چەتئەللىكلەر بازا قىلغان، شەرقىي تۈركىستاندىمۇ ئەزالىرى بار تەشكىلات دەپ سۈپەتلىگەن ئېغىر دەرىجىدىكى كەمتۈك ئەسەرلەر ئارقىلىق مەزكۇر ھېكايىنى داۋاملىشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.

## «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى»نىڭ «تېرورلۇق تەھدىتى» قالپىقىنى يوللۇقلاشتۇرۇش ۋە ساقلاپ قېلىش

ئامېرىكا ۋە ب د ت نىڭ «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى»نى «تېرورلۇق تەشكىلاتى» قاتارىغا كىرگۈزۈشى بىلەن، بۇ تەشكىلاتنىڭ 2002 ـ يىلدىن كېيىن (ئاتالمىش) «تېرورلۇق» مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ تەھلىل ئوبيېكتىغا ئايلىنىشى مۇقەررەر ئىدى. «11 ـ سېنتەبىر ۋەقەسى»دىن كېيىنكى بىر يىل ئىچىدە، ئامېرىكا ۋە ياۋروپادىكى («شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى»نى تەھلىل قىلىدىغان) بۇ خىل مۇتەخەسسىسلەرنىڭ سانى شىددەت بىلەن ئاشتى. ئاكادېمىيە، ئىستىخبارات، سىياسەت ۋە ھەربىي ساھە قاتارلىق خىلمۇخىل ئارقا كۆرۈنۈشكە ئىگە مەزكۇر مۇتەخەسسىسلەرنىڭ «تېرورلۇق قارشى يەرشارىۋى ئۇرۇش»تىكى رولى ئۇرۇش باشلانغاندىن بۇيان («تېرورچى» دەپ) بېكىتىلگەن نۇرغۇن «تېرورلۇق تەشكىلاتلىرى» ھەققىدىكى ئارقا كۆرۈنۈش ۋە ئەڭ يېڭى ئۇچۇرلار بىلەن تەمىنلەش ئىدى. ئۇلار يەنە ئاقىللار ئامبىرى، مەسلىھەتچىلىك شىركىتى ۋە ئۇنىۋېرسىتېت قاتارلىق ھەر خىل ئورگانلاردا خىزمەت قىلاتتى.

«شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى» ئىختىلاپلىق رەۋىشتە ئامېرىكا ۋە ب د ت نىڭ «تېرورچىلار تىزىملىكى»گە كىرگۈزۈلگەندىن كېيىن، مەزكۇر «تېرورلۇق» مۇتەخەسسىسلىرى «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى»نىڭ «تېرورلۇق تەشكىلاتى» ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت ھېكايىنى داۋاملاشتۇرۇشتا پەۋقۇلئاددە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى. ئۇلار قەستەن بولمىسىمۇ، «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى»نىڭ ئاتالمىش «تېرورلۇق تەھدىتى»گە، بولۇپمۇ بۇ تەھدىتنىڭ خىتاي ئىچىدىكى مەۋجۇتلۇقىغا ئالاقىدار ناتوغرا ۋە پەرەزىي ئۇچۇرلار بىلەن تولغان «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى»نىڭ شەكىللىنىش تارىخى ۋە ئالاھىدىلىكىنى ئوتتۇرىغا چىقاردى. بۇ ناتوغرىلىقنىڭ ئۇيغۇر تارىخى، كۇلتۇرى ۋە بولۇپمۇ ئۇيغۇر تىلى توغرىسىدىكى بىلىملەرنىڭ كەمچىل بولۇشى؛

مەزكۇر تەشكىلاتنىڭ ئالاقىدار ئۇچۇرلىرىغا پەقەت تەشۋىقات ماتېرىياللىرى ئارقىلىقلا ئېرىشكىلى بولىدۇ؛ شۇنداقلا بۇ مۇتەخەسسىسلەرنىڭ مەزكۇر «تېرورلۇق تەشكىلاتلىرى» نىڭ داۋاملىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە ئۇلار شەكىللەندۈرگەن ئاتالمىش تەھدىتلەردىن نەپ ئالىدىغان غايەت زور «تېرورلۇققا قارشى تۇرۇش ئۇنىۋېرسال گەۋدىسى»دىكى (بىتەرەپ ئەمەس، بەلكى ئالاقىدار دۆلەتلەرگە مايىل) مەيدانى قاتارلىق نۇرغۇن سەۋەبلىرى بار (51). مەزكۇر «تېرورلۇق» مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ خىزمەتلىرى «تېرورلۇققا قارشى دۇنياۋى ئۇرۇش»نىڭ دەسلەپكى ئون يىلىدا «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى» خىتايغا ۋە دۇنياغا ئېلىپ كەلگەن ئاتالمىش «تېرورلۇق تەھدىتى» توغرىسىدىكى ھېكايىنى داۋاملاشتۇرۇشتا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىدى. ئەمەلىيەتتە، ئۇ ئون يىلدا بۇنداق تەھدىت مەۋجۇت ئەمەس ئىدى.

## «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى» توغرىسىدىكى دەسلەپكى ئەسەرلەر: پەرەز ۋە تەنقىد

2002 ـ يىلى 9 ـ ئايدا «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى» ئامېرىكا ۋە ب د ت تەرىپىدىن «تېرورلۇق تەشكىلاتى» قاتارىغا كىرگۈزۈلەر ـ كىرگۈزۈلمەستىن، نۇرغۇنلىغان تەھلىلچىلەر ۋە ئاكادېمىكلار بۇ تەھدىتنىڭ چىنلىقىنى باھالاشقا، شۇنداقلا تەدبىر بەلگىلىگۈچىلەر ۋە تېخىمۇ كۆپ ئاممىغا ئۇنىڭ ماھىيىتىنى چۈشەندۈرۈشكە ئالدىراشتى. مەزكۇر تەشكىلاتقا ئالاقىدار ئىشەنچلىك ئۇچۇرلارنىڭ ئازلىقى سەۋەبىدىن، بۇنىڭ تولىمۇ مۇشكۇل ئىش ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى. 2001 ـ يىلىدىن ئىلگىرى، «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى» توغرىسىدا ئېنگلىزچە ياكى خىتايچە ئاشكارا پايدىلىنىش ماتېرىيالى يوق ئىدى. شۇنداقلا، مېنىڭ بىلىشىمچە، 2001 ـ يىلى 11 ـ ئايدا خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ يۇقىرىدا مۇھاكىمە قىلىنغان ھۆججىتى ئېلان قىلىنىشتىن ئىلگىرى، خەلقئارالىق ئۇيغۇرشۇناسلارمۇ بۇ تەشكىلاتنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپ باقمىغانىدى (52). بۇنىڭدىن سىرت، بۇ تەھلىلچىلەرنىڭ ھېچقايسىسى ئۇيغۇر تىلىنى بىلمەيتتى، پەقەت ئاز ساندىكىلىرىلا خىتاي تىلىنى بىلەتتى ۋە ئۇيغۇر كۇلتۇرى ۋە تارىخى توغرىسىدا (ئازدۇر ـ كۆپتۇر) مەلۇماتقا ئىگە ئىدى. شۇڭا، بۇ خىل تەھلىلچىلەرنىڭ «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى» ھەققىدىكى دەسلەپكى باسقۇچتىكى بىردىنبىر ئۇچۇر مەنبەسى — خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى» ئامېرىكا ۋە ب د ت نىڭ «تېرورچىلار تىزىملىكى»گە كىرگۈزۈلۈش ھارپىسىدىكى باياناتلىرى، 1990 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدىكى ئۇيغۇر قوراللىق كۈچلىرىگە ئالاقىدار مۇبالىغىلەشتۈرۈلگەن دوكلاتلار (بۇلارمۇ ئاساسلىقى خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەسمىي باياناتلىرىنى ئاساس قىلغان) ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئافغانىستاندىكى «ئەلقائىدە» تەشكىلاتى بىلەن قانداق ئىتتىپاقلاشقانلىقى توغرىسىدىكى پەرەزلەر ئىدى. گەرچە «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى» ھەققىدىكى

دەسلەپكى ئەسەرلەردە ئاساس قىلىنغان مەنبەلەر ئىشەنچسىز بولسىمۇ، ئەمما بۇ ئەسەرلەر مەزكۇر تەشكىلاتنىڭ شۇنىڭدىن كېيىنكى خاراكتېرىنى بېكىتىشكە ئاساس سالدى.

بۇ تەشكىلات 2002 ـ يىلى «تېرورلۇق تەشكىلاتى» قىلىپ بېكىتىلگەندىن كېيىنكى، ئۇنىڭغا ئالاقىدار دەسلەپكى تەسۋىرلەرنى ئامېرىكادىكى «تاشقى ئىشلار كومىتېتى» ۋە «دۆلەت مۇداپىئە ئۇچۇرلىرى مەركىزى» قاتارلىق داڭلىق ئاقىللار ئامبارلىرىنىڭ ئارخىپلانغان تور بەتلىرىدىن تاپقىلى بولىدۇ (53). «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى»نىڭ خاراكتېرى توغرىسىدىكى بۇ قىسقا باياناتلاردا، مەزكۇر تەشكىلاتنىڭ زادى قانچىلىك كۈچى بار ۋە ئۇنىڭ «تېرورلۇق تەشكىلاتى» قىلىپ بېكىتىلىشى مۇۋاپىقمۇ ئەمەسمۇ دېگەن مەسىلىلەرگە ئېھتىياتچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىنغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ھەممىسىدە «بۇ تەشكىلات ئۆزىنىڭ بۆيان خىتايدا ھەرىكەت قىلىۋاتقان، مۇستەقىللىق تەلەپ قىلىدىغان، <ئەڭ ئاشقۇن> ۋە <ئەڭ ئۇرۇشخۇمار> ئۇيغۇر تەشكىلاتى» دېگەن پەرەز ئوتتۇرىغا قويۇلدى (54). ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى تەتقىقات ئورنىنىڭ 2002 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ئېلان قىلىنغان، خىتاي دۆچ كەلگەن «تېرورلۇق تەھدىتى» توغرىسىدىكى دوكلاتىدىمۇ ئوخشاشلا بۇ ھەقتە ئىشەنچلىك ئۇچۇرلارنىڭ كەمچىللىكى كۆرسىتىلگەن ھەمدە «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى» ۋە باشقا ئۇيغۇر قوراللىق تەشكىلاتلىرى ھەققىدە «ئېنىق دەلىل ـ ئىسپاتلارنى قولغا كەلتۈرۈش ھېلىھەم مۇشكۈل، شۇنداقلا بۇ ئۇچۇرلار كىشىنى گاڭگىرىتىپ قويىدۇ» دېيىلگەن ـ يۇ، ئەمما شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇ تەشكىلاتلارنىڭ «ھەقىقەتەن پائال ھەرىكەت قىلىۋاتقانلىقى ۋە خىتايدا زوراۋانلىق قىلمىشلىرىنى سادىر قىلغانلىقى» ئوتتۇرىغا قويۇلغان (55).

ئامېرىكا «11 ـ سېنتەبىر ھۇجۇمى»غا ئۇچرىغاندىن كېيىن، تالاش ـ تارتىشقا سەۋەب بولغان سىنگاپورلۇق «تېرورلۇق مۇتەخەسسىسى» روھان گۇناراتنا (Rohan Gunaratna) تەرىپىدىن 2002 ـ يېزىلغان، «ئەلقائىدە» تەشكىلاتىغا ئائىت، كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغىغان تۇنجى كىتابىنىڭ «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى» ھەققىدىكى ئۇچۇرلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىشى جەھەتتىكى تەسىرى مەزكۇر دوكلاتنىڭكىدىن ياكى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئاقىللار ئامبىرى تور بېكەتلىرىنىڭكىدىنمۇ بەكرەك كۈچلۈك بولىدى (56). گۇناراتنا مەزكۇر «ئەڭ كۆپ سېتىلغان» كىتابىدا، تەخمىنەن ئۈچ بەتنى «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى»گە ۋە ئۇيغۇرلاردىن كېلىدىغان ئاتالمىش «تېرورلۇق تەھدىتى»نىڭ تەرەققىيات جەريانىغا بېغىشلىغان. گەرچە كىتابنىڭ مەزكۇر قىسقا بۆلۈكىدە بىر يۇقىرىدا تىلغا ئالغان خىتاي ھۆكۈمەت ھۆججەتلىرى نەقىل قىلىنمىغان بولسىمۇ، ئەمما شۇلارنىڭ سۆزلىرى (ئۆز پېتى) قوللىنىلغان. گۇناراتنا ھېچقانداق كونكرېت مەنبە كۆرسەتمەستىنلا، كەسكىن قىلىپ: «نۆۋەتتە شىنجاڭدا مۇستەقىللىق ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقان بىر قانچە ئىسلامىي تەشكىلات بار، يەنە بەزىلىرى پاكىستان، قازاقىستان، قىرغىزىستان ۋە گېرمانىيەلەرگىچە كېڭىيىپ، شۇ يەرلەردە مەبلەغ توپلىماقتا» دېگەن (57). ئۇ بۇنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي يۈزلىنىشىدىكى ئېنىنىق مىللەتچىلىك ھەرىكەتلىرىدىن ئوچۇق ـ ئاشكارا ھالدىكى «پانئىسلامىزم»غا ئۆتۈشتىن ئىبارەت ماھىيەتلىك ئۆزگىرىشنى ئەكس ئەتتۈرىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ يەنە كونكرېت مەنبەلەرنى كۆرسەتمەستىنلا: «خىتايدىكى مۇسۇلمانلار سىياسىي ۋە ھەربىي تەلىم ـ تەربىيە ئېلىش ئۈچۈن،

ماسلاشتۇرۇلغان سىستېما ئارقىلىق 1990 ـ يىللاردا پاكىستان ۋە ئافغانىستانغا كۆپلەپ ئېقىپ كىرگەن» دېگەن (58).

گۇناراتنانىڭ بۇ تەھدىتنىڭ قانداق شەكىللەنگەنلىكى توغرىسىدىكى تارىخىي چۈشەندۈرۈشىگە كۆرە، ئۇيغۇر مۇستەقىللىق ھەرىكىتى ــــ مەنچە ئۇ بۇنى «تېرورلۇق ھەرىكىتى» بىلەن باراۋەر دەپ قارىغان ــــ «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» دەۋرىدە باشلانغان ۋە «ئۇيغۇرىستان خەلق پارتىيەسى»دىن «شەرقىي تۈركىستان پارتىيەسى»گىچە بولغان خىلمۇخىل ئىسىملارنى قوللىنىپ، ئاخىرىدا «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى» دېگەن نامدا تۇراقلاشقان ۋە كېيىنچە ئافغانىستاندىكى «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى»گە ئايلانغان. ئۇ يەنە مەزكۇر تەشكىلاتنىڭ قانداقسىغا ئافغانىستانغا يەرلىشىپ قالغانلىقى ۋە نەتىجىدە «ئەلقائىدە»گە باغلىنىپ قالغانلىقىنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن، «خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلارنى 1980 ـ يىللاردا سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى ئۇرۇش قىلىۋاتقان مۇجاھىدلارنىڭ سېپىگە قاتناشتۇرۇش ئۈچۈن مەشقلەندۈرگەن» دېگەن پاكىتسىز ھېكايىنى ئاساس قىلغان. گەرچە گۇناراتنانىڭ كىتابىدىكى «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى» توغرىسىدىكى بايانلار قىسقا، ھەمدە (بۇ جەھەتتە) ئېنىقسىز ۋە تومتاق ئىككىلا مەنبە نەقىل قىلىنغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ «ئەلقائىدە»گە ئالاقىدار ئەڭ كۆپ سېتىلغان كىتابقا كىرگۈزۈلگەنلىكى ناھايىتى مۇھىم ئىدى (59). نەتىجىدە، ئۇنىڭ نۇرغۇن (ئاساسسىز) ھۆكۈملىرى «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى»نى تونۇشتۇرۇش ۋە «ئۇزۇن تارىخقا ۋە دۆلەت ھالقىغان جىھادىي تەشكىلاتلار بىلەن چوڭقۇر باغلىنىشقا ئىگە مەزكۇر تەشكىلات زور خەلقئارالىق بىخەتەرلىك تەھدىتى شەكىللەندۈرىدۇ» دېگەن ھېكايىنى داۋاملاشتۇرۇش مەقسىتىدە يېزىلغان كېيىنكى ئەسەرلەردىن ئورۇن ئالدى.

2003 ـ يىلى داڭلىق «جىنايەتشۇناسلىق» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان ماقالە گۇناراتنانىڭ كىتابىنىڭ «تېرورلۇق» مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ ــــ بولۇپمۇ قانۇن ئىجرا قىلىش ئورگانلىرىدىكى ــــ «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى»نى خاراكتېرلىشىگە قانداق تەسىر كۆرسەتكەنلىكى توغرىسىدىكى ئېنىق مىسالدۇر. ماقالىدە ئاساسلىقى گۇناراتنانىڭ سۆزلىرى نەقىل قىلىنغان ۋە خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ھۆججەتلىرىگە قارىغۇلارچە ئىشىنىلگەن. شۇنداقلا «خىتايدىكى جىنايى ئىشلار ئەدلىيەسى ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تېرورلۇققا قارشى تۇرۇش بۆلۈمىدىكى ئوقۇتقۇچىلار بىلەن ئېلىپ بېرىلغان سۆھبەت» ئارقىلىق مەزكۇر ھۆججەتلەردىكى يەكۈنلەر تېخىمۇ قۇۋۋەتلەنگەن (60). بۇ ماقالىنىڭ كۆپىنچە قىسمىدا «تېرورلۇق پسىخولوگىيەسى»گە ئالاقىدار ئەسەرلەرنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى ئاستىدا، «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى»نى نېمە ئۈچۈن «تېرورلۇق تەشكىلاتى» دەپ قاراش كېرەكلىكىنى چۈشەندۈرۈشكە ئۇرۇنۇلغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ يەنىلا «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى» توغرىسىدىكى تامامەن خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى تەرىپىدىن تەمىنلەنگەن گۇمانلىق ئىسپاتلارنى ئاساس قىلغان. بۇنىڭدىن باشقا، ئاپتورنىڭ تولىمۇ يۈزەكى تەتقىقاتى «خىتاينىڭ ھۆججەتلىرىدە <شەرقىي تۈركىستان تېرورلۇق كۈچلىرى>نىڭ بىر قىسمى دېيىلگەن باشقا تەشكىلاتلار ئەمەلىيەتتە <شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى>نىڭ

تارماق تەشكىلاتلىرىدۇر» دېگەندەك نۇرغۇن پەلپەتىش قاراشلارنى ئوتتۇرىغا چىقارغان. شۇنداقلا، بۇ قاراشلار باشقا ئەسەرلەردە پات ـ پاتلا نەقىل قىلىنىپ تۇرغان.

شۇنىمۇ ئەسكەرتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، بۇ مەزگىلدە، مەزكۇر رايوننى تەتقىق قىلىدىغان مۇتەخەسسىسلەر ئارىسىدا، «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى» توغرىسىدا يۇقىرىدىكىلەرگە زىت قاراشلارمۇ ئوتتۇرىغا قويۇلغان. مەسىلەن، **2004** ـ يىلى ۋاشىنگتوندىكى «شەرق ـ غەرب مەركىزى» **(The East ـ West Center)** دېگەن ئاقىللار ئامبىرى جېيمس مىلۋاردىنىڭ **(James Millward)** بىر پارچە مۇھىم دوكلاتىنى ئېلان قىلغان. مەزكۇر دوكلاتتا، **1990** ـ يىللاردا ئۇيغۇر دىيارىدا يۈز بەرگەن زوراۋانلىق ۋەقەلىرى تەنقىدىي تەھلىل قىلىنىپ، بۇ ۋەقەلەرنىڭ رايوندا «تېرورلۇق تەھدىتى» شەكىللەندۈرگەنلىكىگە بولغان گۇمان ئوتتۇرىغا قويۇلغان **(61)**. شۇنىڭدەك، ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ سىرتتىكى ئىسلام دۇنياسى بىلەن بولغان ئالاقىسىنىڭ ئەڭ تۆۋەن چەكتە ئىكەنلىكى توغرىسىدا مەلۇماتقا ئىگە تەتقىقاتچىلار «خىتاينىڭ ئۇيغۇرلاردىن كېلىدىغان (ئاتالمىش) <تېرورلۇق تەھدىتى> توغرىسىدىكى يەكۈنلىرى بەكلا مۇبالىغىلەشتۈرۈۋېتىلگەن» دېيىشكەن **(62)**. تەتقىقاتچىلار يەنە سىياسەتنى يېتەكچى قىلغان تېخىمۇ ئامىمباب تاراتقۇلاردا، بۇش ھۆكۈمىتىنىڭ «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى»نى «تېرورلۇق تەشكىلاتى» دەپ بېكىتىشىگە سوئال قويۇپ، بۇنىڭ خىتاينىڭ (ئامېرىكا تەرىپىدىن) ئىراقتا قىلىنغۇسى تاجاۋۇزغا بولغان قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن قوللىنىلغان پىلانلىق تاكتىكا ئىكەنلىكىدىن شەپە بېرىشكەن **(63)**.

گەرچە «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى» توغرىسىدىكى بۇ خىل قارىشى نۇقتىئىينەزەر ئامېرىكانىڭ شۇ مەزگىلدە ئۇيغۇرلارغا تۇتقان تاشقى سىياسەت مەيدانىنى مۆتىدىللەشتۈرۈپ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن قانۇن ئىجرا قىلغۇچى ئورگانلاردىكى ۋە ھەربىي ساھەدىكى نۇرغۇن كىشىلەر يەنىلا ئۇيغۇرلار «تېرورلۇق تەھدىتى» شەكىللەندۈردى، دېگەن پەرەزنى داۋاملاشتۇرغان. مەسىلەن، ئەينى چاغدا نيۇيوركتا جازاسى كېچىكتۈرۈلگەن جىنايەتچىلەرنى نازارەت قىلىش ئوفتسېرى بولۇپ ئىشلەۋاتقان ئاپامنىڭ ئېيتىشىچە، **FBI 2000** ـ يىللارنىڭ بېشىدا ئۇنىڭ ئىشخانىسىغا قاراتقان مەشقلەردە، ئۇيغۇرلار ئامېرىكا ئۈچۈن يوشۇرۇن «تېرورلۇق تەھدىتى»؛ «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى» بولسا «ئەلقائىدە»نىڭ روشەن بىر قىسمى دەپ قارالغان. ئاپام **FBI** نىڭ ئالاھىدە خادىم يېتەكچىسىگە مېنىڭ ئۇيغۇرلارنى تەتقىق قىلىۋاتقانلىقىمنى ئېيتقاندا، ئۇ ئاپامغا مېنى ئاگاھلاندۇرۇشنى، چۈنكى ئۇيغۇرلارنىڭ «ناچار ئەبلەخلەر» ئىكەنلىكىنى جېكىلىگەن.

«شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى» توغرىسىدىكى ھېكايىلەرنىڭ بۇ خىل ئىختىلاپلىق ماھىيىتى شۇ چاغدىكى «تېرورلۇققا قارشى دۇنياۋى ئۇرۇش» جەڭگاھىدىن كەلگەن زىددىيەتلىك ئۈچۈرلار سەۋەبلىك تېخىمۇ مۇرەككەپلىشىپ كەتكەن. گەرچە 22 ئۇيغۇر «دۈشمەن جەڭچىسى» شىكايىتى بىلەن گۇانتانامو تۈرمىسىدە تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما **2004** ـ يىلغا كەلگەندە، ئامېرىكا ئارمىيەسىدىكى نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ بۇ ئۇيغۇرلارغا ـــ ھېچبولمىغاندا شۇلارنىڭ ئارىسىدىكى 12 كىشىگە ـــ («دۈشمەن جەڭچىسى» دېگەن) بۇ قالپاقنى كىيگۈزۈشكە نىسبەتەن ئېغىر دەرىجىدە پاسسىپ پوزىتسىيەدە ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى ئۈچۈرلار ئوتتۇرىغا چىققان **(64)**.

بۇنىڭدىن سىرت، 2003 ـ يىلى 12 ـ ئايدا، پاكىستان ئارمىيەسىنىڭ شۇ يىلى 10 ـ ئايدا پاكىستاننىڭ غەربىي شىمالىدا «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى»نىڭ رەھبىرى ئىكەنلىكى ئىلگىرى سۈرۈلگەن ھەسەن مەخسۇمنى ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكى خەۋەر قىلىنغان (65). ھەسەن مەخسۇم ئۆلگەندىن كېيىن، بۇ تەشكىلاتنىڭ يەنە نېمىسى قالغانلىقى نامەلۇم ئىدى. شۇنداقلا، ئۇنىڭ ئامېرىكا ۋە ب د ت تەرىپىدىن «تېرورلۇق تەشكىلاتى» قىلىپ بېكىتىلگەندىن كېيىن، مەيلى خىتايدا ياكى ئافغانىستاندا ئاكتىپ ھەرىكەت ئېلىپ بارغانلىقىغا ئائىت ھېچقانداق پاكىت يوق ئىدى.

بۇ خىل ئارقا كۆرۈنۈشتە، 2005 ـ يىلىغا كەلگەندە، ئۇيغۇرلار شەكىللەندۈرگەن ئاتالمىش «تېرورلۇق تەھدىتى» توغرىسىدىكى ئىلگىرىكىگە ئوخشاش سۆزلەر ئامېرىكا ۋە ياۋروپادىكى سىياسىي ۋە ئىلمىي مۇھاكىمىلەردىن ئاستا ـ ئاستا يوقىلىشقا باشلىغان. گەرچە ئوخشىمىغان «تېرورلۇق تەشكىلاتلىرى»نىڭ سىخېمىسىنى ئوتتۇرىغا قويىدىغان ئاقىللار ئامبارلىرى يەنىلا «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى»نى «تېرورلۇق تەشكىلاتى» دەپ سۈپەتلەشنى داۋاملاشتۇرغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى مەزكۇر تەشكىلاتنىڭ خىتاي ۋە دۇنياغا بولغان تەھدىتىنى ئىلگىرىكىدىن سۇسلاشتۇرۇپ بايان قىلىشقا باشلىغان (66). 2006 ـ يىلى ئامېرىكا گۇانتانامودا تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقان بەش ئۇيغۇرنى قويۇۋېتىپ، ئۇلارنى ئالبانىيەگە ئۆتكۈزۈپ بەرگەندە بۇ خىل يۈزلىنىش تېخىمۇ گەۋدىلەنگەن (67). ئامېرىكا «بۇ ئۇيغۇرلار <دۈشمەن جەڭچىسى> ئەمەس، شۇڭا قويۇپ بېرىلىشى كېرەك. ئەمما ئۇلارنى قىيناش، تۈرمىگە سولاش ۋەياكى ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىش خەۋپى بولغان خىتايغا قايتۇرۇپ بېرىشكە بولمايدۇ» دەپ يەكۈن چىقارغان. بۇ سابىق مەھبۇسلارنىڭ تەقدىرى ئاممىباب تاراتقۇلاردا «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى»نىڭ «تېرورلۇق تەشكىلاتى» قىلىپ بېكىتىلىشىنىڭ سىياسىي خاراكتېرى توغرىسىدىكى مۇنازىرىلەرنى قايتىدىن جانلاندۇرۇپ، مەزكۇر تەشكىلاتنىڭ «تېرورلۇققا قارشى دۇنياۋى ئۇرۇش» بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە نىسبەتەن تېخىمۇ كۈچلۈك گۇمان تۇغدۇرغان.

## تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسى ۋە «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى» ھېكايىسىنىڭ قايتىدىن ئوتتۇرىغا چىقىشى

2004 ـ يىلى، ئۇيغۇرلارغا «تېرورلۇق تەھدىتى» دېگەن قالپاقنى كىيگۈزۈش غەرب دۇنياسىدا ئەھمىيىتىنى يوقاتقاندەك كۆرۈنگەن بىر پەيتتە، قارىماققا يېڭىدەك كۆرۈنىدىغان بىر ئۇيغۇر قوراللىق تەشكىلاتى ئىنتېرنېت ئارقىلىق خەلقئاراغا ئۆزىنى تونۇتتى. گەرچە ھەسەن مەخسۇمنىڭ رەھبەرلىكىدىكى «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى»نىڭ تور بېكىتىمۇ، ئىنتېرنېتتا يوللانغان ۋىدىيو ياكى باياناتلىرىمۇ يوق بولسىمۇ، مەزكۇر يېڭى تەشكىلات تۇيۇقسىزلا بۇ خىل ئىمكانىيەتلەرگە ئىگە بولغاندەك قىلاتتى. گەرچە بۇ تەشكىلات ئۆزىنى «شەرقىي

تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى» ئەمەس، بەلكى «تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسى» (TIP) دەپ ئاتىغان بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ 2004 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ئېلان قىلىنغان تۇنجى ۋىدىيوسىدا «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى»نىڭ قۇرغۇچىسى دەپ قارالغان ھەسەن مەخسۇمنىڭ ئەرەبچە تەرجىمىھالى تونۇشتۇرۇلغان (68). مەزكۇر ۋىدىيودا يەنە «تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسى»نىڭ يېڭى تور بېتى ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلىشقا بولىدىغان www.tipislamawazi.com مۇ تەشۋىق قىلىنغان. مەزكۇر تور بەتكە ۋە ھەسەن مەخسۇم ھەققىدىكى تەرجىمىھال ۋىدىيوسىغا كۆرە، «تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسى» پەقەت «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى»نىڭ يېڭى ئىسمى بولۇپ، بۇ ئىسىم 2000 ـ يىلى، يەنە ھەسەن مەخسۇم ئۆلۈشتىن ئىلگىرىلا ئۆزگەرتىلگەن (69).

گەرچە «تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسى»نىڭ تور بېكىتى ۋە ئۇنىڭ ھەسەن مەخسۇمنىڭ شەرىپىگە ئاتالغان بىردىنبىر ۋىدىيوسى دەسلەپتە كىشىلەرنىڭ خەلقئارادا ئانچە دىققەت تارتمىغان بولسىمۇ، 2006 ـ يىلى ئىنتېرنېتتا ئۇيغۇرچە ـ ئەرەبچە يەنە بىر ۋىدىيو تارقالغان. سۈرىيەدە تۇغۇلغان ئىسپانىيە پۇقراسى ۋە داڭلىق جىھادچى ئەبۇ مۇسئەب ئەلسۇرىنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى تەرىپىدىن ئىشلەنگەندەك كۆرۈنىدىغان مەزكۇر ۋىدىيودا شەرقىي تۈركىستاندا جىھاد قىلىش چاقىرىقى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. مەزكۇر ۋىدىيودا «تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسى»نىڭ ئىسمى ئىشلىتىلمىگەن بولسىمۇ، ئەمما ۋىدىيونىڭ ئوڭ ئۈستى بۇرجىكىدە لاتىنچە ۋە ئەرەبچە ھەرپلەر بىلەن يېزىلغان «تۈركىستان» دېگەن لوگو بار ئىدى (70). مەزكۇر ۋىدىيودا جىھاد تەشۋىق قىلىنغاندىن سىرت، يەنە نۇرغۇن كۆزەتكۈچىلەرنىڭ بىرەر ئىسلامىي «تېرورچى» تەشكىلاتنىڭ ئالاقە ۋاستىلىرىدىن ۋاقىپلىنىش ئۈستىكى قاندۇرۇلغان. ۋىدىيودا سۆز قىلغۇاتقان ئۇيغۇرلارغا ئەرەبچە ئاۋاز بېرىلگەن بولۇپ، شاھادەت كەلىمىسى يېزىلغان قارا بايراقنى كۆتۈرۈۋالغان، سەللە كىيگەن ۋە نىقاب ئارقىلىق يۈزىنى يېپىۋالغان بۇ كىشىلەر 47 ـ AK تىپلىق ئاپتوماتنى ھاياجان ئىلكىدە پۇلاڭلىتىشاتتى.

2004 ـ يىلىدىن 2006 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى بۇ ئۆزگىرىشلەر خەلقئارالىق «تېرورلۇق» مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ ئۇيغۇرلار شەكىللەندۇرگەن ئاتالمىش «تېرورلۇق تەھدىتى»نى تەھلىل قىلىشقا بولغان قىزىقىشىنى ئازراق بولسىمۇ كۈچەيتتى. ئەمما، 2006 ـ يىلى مەزكۇر ئاتالمىش تەھدىتكە قىزىقىدىغان كىشىلەرنىڭ بۇ ئاتالمىش «تېرورلۇق تەھدىتى»نىڭ سالمىقىنىڭ زادى قانچىلىك ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى كۆز قاراشلىرى يەنىلا بەكلا پەرقلىق ئىدى. «خىتاي ۋە ياۋرو ـ ئاسىيا مۇنبىرى پەسىللىك ژۇرنىلى»نىڭ 2006 ـ يىلىدىكى تېرورلۇققا ئائىت مەخسۇس سانى بۇ خىل پىكىر ئىختىلاپىنى نامايان قىلغانىدى (71). شۇ سان ژۇرنالدىكى تۆت پارچە ماقالىنىڭ، ئۇيغۇرلارنى ياخشى بىلىدىغان تەتقىقاتچىلار تەرىپىدىن يېزىلغان ئىككى پارچىسىدە «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى» ئېلىپ كەلگەن تەھدىت ئوچۇق ـ ئاشكارا رەت قىلىنىپ، خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ بۇ تەشكىلاتنىڭ كۈچىنى ھەددىدىن زىيادە مۇبالىغىلەشتۈرۈۋەتكەنلىكى تەكىتلەنگەن؛ ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا بىر خىتاي تەتقىقاتچى ۋە روھان گۇناراتنا بىلەن كېنىس پېرېيىر (Kenneth Pereire) ئىسىملىك خىزمەتدىشىنىڭ ھەمكارلىقىدا يېزىلغان باشقا ئىككى پارچە ماقالىدە بولسا، «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى»نىڭ «ئەلقائىدە» بىلەن قويۇق مۇناسىۋىتى بارلىقى ۋە خىتايغا نىسبەتەن ئەڭ ئېغىر بىخەتەرلىك تەھدىتى ئىكەنلىكى

ئوتتۇرىغا قويۇلغان (72). بىز يۇقىرىدا تىلغا ئالغان، شۇ ۋاقىتتا ئېلان قىلىنغىنىغا ئۇزۇن بولمىغان ئەبۇ مۇسئەب ئەلسۇرىغا مۇناسىۋەتلىك ۋىدىيو نۇقتىلىق مۇھاكىمە قىلىنغان، گۇناراتنا بىلەن كېنىس پېرېرې تەرىپىدىن يېزىلغان ماقالىدە، گۇناراتنا 2002 ـ يىلىدىكى «ئەلقائىدە» توغرىسىدىكى كىتابىدا ئوتتۇرىغا قويغان «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى.» ھەققىدىكى. ئا.گا.ھالاندۇرۇش تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقىرىلىپ، بۇ تەشكىلاتنىڭ ئۇزاققا قالمايلا خىتايدا «ئادەمبومبا» ئۇسۇلىنى ئىشلىتىشى ھەمدە ئۇيغۇرلارنىڭ خىتاي بىلەن بولغان توقۇنۇشىنىڭ «ئىسلاملىششى»غا يېتەكچىلىك قىلىشى مۇمكىنلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلغان (73).

گەرچە رايون مۇتەخەسسىسلىرى «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى»نىڭ مۇھىملىقى، ھەتتا مەۋجۇتلۇقىدىن داۋاملىق گۇمانلىنىۋاتقان بولسىمۇ، مەزكۇر تەشكىلاتقا ئالاقىدار ئەسەرلەردە ۋەھىملىك نۇقتىئىنەزەرلەر يەنىلا ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىدى. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ماقالىنى گۇناراتنا بىلەن بىرلىكتە يازغان پېرېيېر 2006 ـ يىلى يەنە مەلۇم بىر سىنگاپور ئاقىللار ئامبىرى ئۈچۈن «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى» توغرىسىدا دوكلات يېزىپ، بۇ تەشكىلاتنىڭ «تۆۋەن مۆلچەرلەپ قويۇلغان» ئېغىر «تېرورلۇق تەھدىتى» ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدى (74). يەنە شۇنىڭدەك، 2007 ـ يىلى لىزا ستېل (Liza Steele) ۋە رايموند كو (Raymond Kuo) تەرىپىدىن يېزىلغان ئىلمىي ماقالىدە، «ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي پارچىلىنىشى ۋە نارازىلىقى سەل قاراشقا بولمايدىغان، كۆرۈنەرلىك، ئاشقۇن ئىسلامىي تەھدىتنى كەلتۈرۈپ چىقاردى» دەپ يەكۈن چىقىرىلدى .(75)

بەلكىم، ئەينى چاغدىكى «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى» توغرىسىدىكى ۋەھىملىك چۈشەندۈرۈشلەرنىڭ ئەڭ ئېنىق ئىلمىي مىسالى مارتىن ۋېيىننىڭ (Martin Wayne) كىتابى بولۇشى مۇمكىن. مەزكۇر كىتابتا خىتاينىڭ «تېرورلۇققا قارشى تۇرۇش» ئۇرۇنۇشى ئامېرىكانىڭ ئافغانىستان ۋە ئىراقتىكى ھەربىي ئىستراتېگىيەسىنى شەكىللەندۈرگەن توپىلاڭغا قارشى تۇرۇش نەزەرىيەلىرى (counter ـ insurgency theories) نۇقتىسىدىن مۇھاكىمە قىلىنغان (76). رايون تەتقىقاتچىسى ئەمەس، بەلكى سېلىشتۇرما بىخەتەرلىك تەتقىقاتى مۇتەخەسسىسى بولغان ۋېين ئۇيغۇر قوراللىق كۈچلىرىنىڭ ئۆز ۋەتىنىدە توپىلاڭ كۆتۈرۈشىنى خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ «تېرورلۇققا قارشى تۇرۇش» ئۇرۇنۇشىنى يوللۇقلاشتۇرىدىغان سەۋەب قىلىپ كۆرسەتكەن. گۇناراتنانىڭ سۆزلىرىنى كۆپلەپ نەقىل قىلغان ۋېين «خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى نۇرغۇن ئۇيغۇرلارنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى ئۇرۇشقا سېلىش ئۈچۈن مەشىقلەندۈرگەن» دېگەن ھېكايىگە ئاساسلىنىپ، «ئۇيغۇر قوراللىق كۈچلىرىنىڭ ئافغانىستاندا ئۇزۇن يىللىق تەجرىبىسى بار، شۇنداقلا ئۇلار ئافغانىستان ۋە پاكىستاندىكى يەرشارىۋى جىھادىي ھەرىكەت بىلەن ھەمكارلىشىش ئارقىلىق ئۇيغۇر ۋەتىنىدە پۈتۈن جەمئىيەت مىقياسىدا توپىلاڭ قوزغىماقچى بولۇۋاتىدۇ» دېگەن (77). ئۇ بۇنداق قىلىش ئارقىلىق يەنە خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ بۇ تەھدىتنى چەكلەش ئۈچۈن كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقىنى ماختاپ، بۇ ئۇرۇنۇشلارنىڭ «ئىسلامىي تېرورلۇققا قارشى يەرشارىۋى كۈرەشتىكى ئاز ساندىكى ئۇتۇقلاردىن بىرى» ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان (78). ۋېين بۇ (ئاتالمىش) «مۇۋەپپەقىيەت»نى

ئۇيغۇرلارنىڭ خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىگە سىڭىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى مەقسەت قىلغان، «ئاشقۇنلۇققا قارشى تۇرۇش» جەھەتتىكى «ھەم تەپسىلىي، ھەم ئومۇمىيۈزلۈك» ئىستراتېگىيەنىڭ مەھسۇلى، دەپ قارىغان.

## 2008 ـ يىللىق بېيجىڭ ئولىمپىك مۇسابىقىسى ۋە «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى»نىڭ «سەھنىگە چىقىشى»

ئەگەر «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى»نىڭ «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى» شەكلىدە قايتىدىن ئوتتۇرىغا چىقىشى 2006 ~ 2007 ـ يىللىرى ئاكادېمىكلار ۋە تەھلىلچىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغىغان بولسا، بۇ قىزىقىش 2008 ـ يىلىدىكى بېيجىڭ ئولىمپىك مۇسابىقىسى ھارپىسىدا ئاندىن كەڭ كۆلەملەشتى. «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى» ياكى «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى»گە بولغان بۇ يېڭى دىققەتنى خىتاي ھۆكۈمىتى ۋە «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى» ئۆزى قوزغىدى. 2008 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى» ئۆز ئەمرى ئابدۇلھەقنىڭ ۋىدىيولۇق ئۇچۇرىنى ئېلان قىلدى. شەرقىي تۈركىستاننىڭ خەرىتىسى ئالدىدا مىلتىق تۇتۇپ تۇرغان ئابدۇلھەق «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى»نىڭ (بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلىدىغان) ئولىمپىك مۇسابىقىسىگە ھۇجۇم قىلماقچى ئىكەنلىكىنى جاكارلاپ، خەلقئارا جەمئىيەتنى ئولىمپىك مۇسابىقىسىگە قاتناشماسلىق توغرىسىدا ئاگاھلاندۇردى (79). گەرچە بۇ ۋىدىيونىڭ سۈپىتىنىڭ ناچارلىقى «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى»نى سەل نائۇستا كۆرسىتىپ قويغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ تەشكىلاتنىڭ تەھدىتى نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە تېزلىكتە كۈچەيدى. مەزكۇر ۋىدىيو تارقىتىلغاندىن كېيىنكى بىر ھەپتە ئىچىدە، خىتاي ھۆكۈمىتى ئۆزىنىڭ ئايروپىلانغا قارىتىلغان بىر قېتىملىق ھۇجۇمنى بىتچىت قىلغانلىقىنى ئېلان قىلدى. خىتاي ھۆكۈمىتىگە كۆرە، (ئەينى چاغدا) بىر ئۇيغۇر ئايال ئايروپىلانغا بىر قۇتا بېنزىننى ئېلىپ چىققان (80). شۇنىڭدىن كېيىن، خىتاي دائىرىلىرى يەنە ئوخشاش مەزگىلدە خىتايدىكى باشقا ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن پىلانلانغان نۇرغۇن ئاتالمىش «تېرورلۇق» سۇيىقەستلىرىنى بىتچىت قىلغانلىقىنى ئېلان قىلدى (81). بۇ باياناتلارغا «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى»نىڭ ۋىدىيولىرى قوشۇلۇپ، خىتايدىكى ئۇيغۇرلاردىن كېلىدىغان ئاتالمىش «تېرورلۇق تەھدىتى» 2008 ـ يىلى ئەتىيازدا تۇيۇقسىزلا خەلقئارالىق خەۋەرگە ئايلىنىپ كەتتى.

بۇ ۋەقەلەرنىڭ غەربتىكى «تېرورلۇق» تەھلىلچىلىرىنىڭمۇ دىققىتىنى قوزغىغانلىقىنى پەرەز قىلىشقا بولىدۇ. 2001 ـ يىلىدىن باشلاپ قۇرۇلغان «تېرورلۇق»نى نازارەت قىلىش تور بېكەتلىرى ئۇيغۇرلار ئولىمپىككە ئېلىپ كەلگەن ئاتالمىش «تېرورلۇق تەھدىتى» توغرىسىدا بىر قانچە پارچە تەھلىل ماقالىسى ئېلان قىلدى. ئېلىزابېت ۋان ۋىي دېيۋىسنىڭ (Elizabeth Van Wie Davis) «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى»نىڭ ھەققەتەن تەھدىت ئېلىپ كەلگەنلىكى بايان قىلىنغان ماقالىسى «جېيمىستاۋن فوندى»نىڭ «تېرورىزم كۆزەتكۈچىسى» (Terrorism

Monitor) ژۇرنىلىنىڭ 2008 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ بېشىدىكى سانىدا ئېلان قىلىندى. ئاپتور ئامېرىكا ئىستىخبارات ئورگانلىرىنىڭ بۇ تەشكىلاتنىڭ «ئەلقائىدە» بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدىن خېلى بۇرۇنلار خەۋەردار ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا ئافغانىستان ۋە پاكىستاندىكى لاگېرلاردا 1980 ـ يىلىدىن باشلاپلا ئۇيغۇر قوراللىق كۈچلىرىنىڭ مەشىقلەندۈرۈلگەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان (82). ئۇ يەنە «بۇ تەشكىلات ئولىمپىك ھارپىسىدا خىتايدا يۈز بەرگەن بىر قاتار زوراۋانلىق ۋەقەلىرىنىڭ جاۋابكارى، ئۇلار ئولىمپىك مۇسابىقىسىگە ھەقىقىي تەھدىت شەكىللەندۈردى» دەپ قارىغان (83). شۇ يىلى 5 ـ ئايدا، (ئىستراتېگىيەلىك مۆلچەرلەش شىركىتى) StratFor ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ ئولىمپىكقا بولغان تەھدىتى توغرىسىدا ئۈچ بۆلەككە بۆلۈنگەن يۈرۈشلۈك ماقالە ئېلان قىلغان (84). ھالبۇكى، StratFor نىڭ ئۇيغۇرلاردىن كېلىدىغان ئاتالمىش «تېرورلۇق تەھدىتى» توغرىسىدىكى تەھلىللىرى دېيۋىسىنىڭكىگە قارىغاندا گۇمانىي نۇقتىئىينەزەرلەر بىلەن تولغان بولۇپ، ئۇلار «بۇ (ئاتالمىش «تېرورلۇق تەھدىتى») بېيجىڭ تەرىپىدىن تىزگىنلىنىدۇ ۋە خىتايدىكى ۋەقەلەرنىڭ <شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى> بىلەن ھېچقانچە مۇناسىۋىتى بولماسلىقى مۇمكىن» دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان (85). شۇنداق بولۇشىغا قارىماستىن، مەزكۇر شىركەت يەنىلا «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى»نى بارغانسېرى كۈچىيىۋاتقان يوشۇرۇن «تېرورلۇق تەھدىتى» دەپ قارىغان.

«شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى» ياكى «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى»نىڭ ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە ئاز قالغاندا ئېلان قىلغان ۋىدېيولىرى مەزكۇر تەشكىلاتقا بولغان قىزىقىشنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتتى. مەزكۇر تەشكىلات بۇ ۋىدېيولارنىڭ بىرىدە، ئولىمپىك ھارپىسىدا شاڭخەي ۋە كۇنمىڭدا يۈز بەرگەن ئاپتوبۇستا بومبا پارتلىتىش ۋەقەلىرىنىڭ جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئالغان. ئەمما، كېيىنچە خىتاي ھۆكۈمىتى بۇ ۋەقەلەرنىڭ ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن سادىر قىلىنغانلىقىنى ئىنكار قىلغان. بېيجىڭ ئولىمپىك بايرىقىنىڭ كۆيۈۋاتقانلىقى ۋە ئولىمپىك تەنتەربىيە سارىيىنىڭ پارتلىتىلغانلىقى توغرىسىدىكى تەقلىدىي كۆرۈنۈش بىلەن باشلانغان يەنە بىر ۋىدېيودا، مەزكۇر تەشكىلات ئولىمپىكنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدىن بىر ھەپتە بۇرۇن تېخىمۇ كۆپ ھۇجۇم قوزغايدىغانلىقىنى جاكارلىغان (86). دەرۋەقە، ئېچىلىش مۇراسىمىدىن ئىلگىرىكى بىر ھەپتىدە، شەرقىي تۈركىستاندا بىخەتەرلىك ئورگانلىرىغا، ھەربىيلەرگە ۋە ساقچىلارغا قارىتىلغان، ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن سادىر قىلىنغانلىقى دەۋا قىلىنغان ئىككى قېتىملىق زوراۋانلىق ۋەقەسى يۈز بەرگەن (87). گەرچە مەزكۇر قىلمىشلار بۇ كىتابتا قوللىنىلغان جانلىق ئېنىقلىمىغا كۆرە «تېرورلۇق» ھېسابلانمىسىمۇ، شۇنداقلا «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى» ياكى «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى»نى بۇ ۋەقەلەرگە باغلايدىغان ھېچقانداق پاكىت بولمىسىمۇ، بۇ زوراۋانلىق ۋەقەلىرى «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى» ياكى «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى»نىڭ خىتايدىكى ئاتالمىش «تېرورلۇق تەھدىتى» توغرىسىدا تېخىمۇ كۆپ پەرەزلەرگە سەۋەب بولدى.

«تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى»نىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشنى چۆرىدىگەن ۋەقەلەر ۋە ئۇنىڭ ئولىمپىكقا بولغان تەھدىتى ئامېرىكا ۋە ياۋروپادا ئۇيغۇرلاردىن كېلىدىغان ئاتالمىش «تېرورلۇق تەھدىتى»نىڭ ماھىيىتى توغرىسىدىكى سىياسىي مۇنازىرىلەرنى خېلىلا جانلاندۇرۇۋەتتى. گەرچە غەربتىكى دېموكراتىك دۆلەتلەرنىڭ ئاشكارا باياناتلىرىدا

ختاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىگە بولغان ئەندىشىلەر داۋاملىق تەكىتلەنگەن ھەمدە «تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش» ئۇسۇلىنىڭ دۆلەت ئىچىدىكى نارازىلىقنى باستۇرۇش ئۈچۈن سۈيىئىستېمال قىلىنىشى داۋاملىق تەنقىد قىلىنغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ دۆلەتلەر ئۆز نۇۋىتىدە يەنە ختاينىڭ ئۇيغۇرلاردىن كېلىدىغان «تېررورلۇق تەھدىتى» توغرىسىدا بەزى يوللۇق ئەندىشىلىرى بار بولۇشى مۇمكىنلىكىنى ئېتىراپ قىلدى. بۇنىڭدىن سىرت، ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ ئىچىدىمۇ شۇنىڭغا ماس قەدەمدە گۇانتانامودىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تەقدىرى ھەققىدىكى مۇنازىرىلەر ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئۇيغۇرلار بارغانسېرى ئامېرىكانىڭ ئىچكى سىياسىتىدىكى سىياسىيلاشقان مەسىلىگە ئايلاندى. مەسىلەن، «دېموكراتىيەنى قوغداش فوندى»دىكى **(FDD)** «تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش» مۇتەخەسسىسى توماس جوسېلىن **(Thomas Joscelyn)** بىر يۈرۈش ئوبزورلىرىدا، گۇانتانامودىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئابدۇلھەق بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئېتىراپ قىلغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان. توماس «ئابدۇلھەق ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسىنى ئافغانىستاندىكى لاگېردا تەربىيەلىگەن ۋە ھازىر ئابدۇلھەقنىڭ ئولىمپىك مۇسابىقىسىگە تەھدىت سالغانلىقى توغرىسىدا ئىسپاتلار بار. بۇ مەزكۇر مەھبۇسلارنى <دۈشمەن جەڭچىسى> دەپ بېكىتىشكە بولىدىغانلىقىنىڭ ئىسپاتىدۇر» دېگەن **(88)**. دەل مۇشۇ ۋاقىتتا، يەنى **2008** ـ يىلى **10** ـ ئايدا ختاي خەلق جۇمھۇرىيىتى جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىقى ئۆزىنىڭ «تېررورچىلار تىزىملىكى»گە سەككىز ئادەمنى قوشقان ۋە ئۇلارنىڭ ھەممىسى «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى»نىڭ يادرولۇق ئەزالىرى دېيىلگەن. بۇ تىزىملىكنىڭ بېشىدا ئابدۇلھەق بار ئىدى **(89)**.

## ئولىمپىكتىن كېيىنكى «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى» ھېكايىسى

ئولىمپىكتىن كېيىنكى بىر نەچچە يىلدا، تەھلىلچىلەر ۋە بىخەتەرلىك تەتقىقاتچىلىرىنىڭ «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى» ياكى «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى»نى «تېررورلۇق تەھدىتى» سۈپىتىدە ئىز قوغلاپ تەتقىق قىلىش سالمىقى ئىزچىل ئاشتى. مەخسۇس تېررورلۇق تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خۇسۇسىي ئىستىخبارات شىركەتلىرى ۋە پايدا كۆزلىمەيدىغان ئورگانلار ئىچىدە، «**IntelCenter**» ۋىدىيولارغا ۋە «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى»نىڭ تور بېتىدىكى ئۈچۈرلارغا ئاساسەن، «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى» ياكى «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى» رەھبەرلىك قۇرۇلمىسىنىڭ تەھدىتىگە ئالاقىدار ئاسما ئۈچۈر جەدۋىلى تۈزۈپ چىقتى. «**11** ـ سېنتەبىر جاۋاب تېپىش فوندى» بولسا «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى»نىڭ تور بېكىتىدىكى يوللانمىلارنىڭ ۋە ئۇلار تارقاتقان بەزى ۋىدىيولارنىڭ تەرجىمىسىنى ئېلان قىلدى **(90)**. بۇنىڭدىن سىرت، «جېيمىستاۋن فوندى»، «خەلقئارا تېررورلۇق تەشكىلاتلىرىنى ئىزدەش ئورگىنى»، «دېموكراتىيەنى قوغداش فوندى» ۋە مەخسۇس «تېررورلۇق تەھدىتى»نى تەھلىل قىلىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان باشقا تەشكىلاتلارنىڭ دائىملىق تەھلىل ئاخباراتىدا، «شەرقىي

تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى» ياكى «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى»گە ئالاقىدار مەزمۇنلار بارغانسېرى كۆپەيدى. ئەنە شۇ شەكىلدە، ئۇيغۇرلاردىن كېلىدىغان ئاتالمىش «تېررورلۇق تەھدىتى» توغرىسىدىكى ھېكايە مۆلچەرلىگىلى بولىدىغان كەلگۈسىگىچە داۋاملىشىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتى ۋە خەلقئارانىڭ ئۇنىڭغا بولغان دىققىتى ساقلاپ قېلىندى.

بۇ ۋەقەلەر بۇ ۋاقىتتا تېخىمۇ چوڭ «تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ئۇنىۋېرسال گەۋدىسى»نىڭ دىققىتىنى تارتقان بولۇپ، ئامېرىكا 2002 ـ يىلى «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى»نى ئۆزىنىڭ «تېررورچىلار تىزىملىكى»گە كىرگۈزۈش ۋە گۇانتانامودا ئۇيغۇرلارنى تۇتۇپ تۇرۇش ئارقىلىق، ئاتالمىش ئۇيغۇر «تېررورچىلار»غا قارىتا تۇنجى قېتىم ماھىيەتلىك تەدبىر قوللانغاندى. 2009 ـ يىلى 4 ـ ئايدا، ئامېرىكا مالىيە مىنىستىرلىقى «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى» ياكى «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى»نىڭ رەھبىرى دەپ قارالغان ئابدۇلھەقنى، يەنى خىتاينىڭ ئالتە ئاي ئىلگىرى ئېلان قىلىنغان يېڭى «تېررورچىلار تىزىملىكى»دىكى 1 ـ نومۇرلۇق شەخسنى ئېمبارگو تىزىملىكىگە كىرگۈزدى. ئامېرىكا مالىيە مىنىستىرلىقىنىڭ باياناتچىسى مەزكۇر قارارنى جاكارلىغان ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىدا مۇنداق دېدى: «ئابدۇلھەق 2008 ـ يىلدىكى خىتاي ئولىمپىك مۇسابىقىسىدە زوراۋانلىق قىلىشنى تەرغىب قىلغان ۋە خەلقئارالىق ئىنتىپاقلىقنى بۇزماقچى بولغان تېررورلۇق تەشكىلاتىغا قوماندانلىق قىلدۇ. بۈگۈن بىز دۇنيا بىلەن بىرلىكتە بۇ رەھىمسىز تېررورچىنى ئەيىبلەيمىز ۋە ئۇنى خەلقئارا پۇل مۇئامىلە سىستېمىسىدا يېتىم قالدۇرىمىز» (91). 2010 ـ يىلى 2 ـ ئايدا، ئامېرىكا ئابدۇلھەقكە زەربە بېرىش سالمىقىنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ، ئۇنىڭغا ئۇچقۇچىسىز ئايروپىلان بىلەن ھۇجۇم قىلدى ۋە ئۇنىڭ شۇ ھۇجۇمدا ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ئىلگىرى سۈردى (92).

2008 ـ يىلدىن 2012 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا، «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى» ياكى «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى»گە ئالاقىدار تەھلىل خاراكتېرلىك ئەسەرلەر غەربتە شىددەت بىلەن كۆپەيدى. ئولىمپىكنى چۆرىدىگەن بىر قاتار ۋەقەلەر خىتايدىكى ئۇيغۇرلاردىن كېلىدىغان ئاتالمىش «تېررورلۇق تەھدىتى»گە بولغان قىزىقىشنى ئاشۇرۇشتا تۈرتكىلىك رول ئوينىدى، ئەمما «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى» ئۆزىمۇ نۇرغۇن يېڭى ۋە تېخىمۇ سۈپەتلىك ۋىدېيولارنى ئىشلەش، شۇنداقلا 2008 ـ يىلدىن باشلاپ قەرەللىك ھالدا ئەرەبچە ژۇرنال چىقىرىش ئارقىلىق بۇ قىزىقىشنى كۈچەيتىپ تۇردى (93). مەخسۇس ئاتالمىش «تېررورلۇق تەشكىلاتلىرى» تەرىپىدىن ئىشلەنگەن ۋىدېيولارنى تەھلىل قىلىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان «IntelCenter»نىڭ كۆرسىتىپ ئۆتكىنىدەك، «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى» 2004 ـ يىلدىن 2008 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا دەسلەپكى بەش ۋىدېيوسىنى ئېلان قىلغاندىن كېيىن، 2009 ـ يىلدىن 2012 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا 55 ۋىدېيو ئېلان قىلغان ۋە شۇ سەۋەبلىك «IntelCenter»نىڭ «جىھادىي ۋىدېيو ئىشلەپچىقارغۇچىلار» تىزىملىكىنىڭ ئالدىنقى قاتارىدىن ئورۇن ئالغان (94). «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى» ئېلان قىلغان مېدىيا ھۆججەتلىرىنىڭ تۇيۇقسىز كۆپىيىشى ئۇيغۇرلارغا باغلانغان ئاتالمىش «تېررورلۇق تەھدىتى» توغرىسىدىكى دۇنياۋى ھېكايىنى زور دەرىجىدە ئۆزگەرتتى. ئەگەر «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى»نىڭ نۇرغۇنلىغان يېڭى ۋىدېيولىرى «تېررورلۇق تەھلىلچىلىرى»نى

تېخمۇ كۆپ ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىگەن بولسا، بۇ جەھەتتە چوقۇم دىققەت قىلىشقا تېگىشلىكى شۇكى، بۇ خىل ۋىدىيولار ئەڭ ئالدى بىلەن تەشۋىقات مەقسىتىدە ئىشلىنىدىغان بولغاچقا، چوقۇم مۇشۇ نۇقتىدىن تەھلىل قىلىنىشى كېرەك (95). «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى»نىڭ ۋىدىيولىرىدا، ئۇلار ئوخشىمىغان كىشىلەرگە يېتەكۆزمەكچى بولغان نۇرغۇنلىغان ئۇچۇرلار بار. خىتاي ھۆكۈمىتىگە قارىتا، ئۇلار كۈچلۈك ئوبرازىنى ۋە زوراۋانلىق تاكتىكىسى ئارقىلىق خىتايغا جەڭ ئېلان قىلغۇدەك قۇربىتى بارلىقىنى نامايەن قىلماقچى بولغان. ئەرەب دۇنياسىدىكى ئۇلارنى قوللاۋاتقانلىقى ئىلگىرى سۈرۈلگەن ـــ «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى»نىڭ ئەرەبچە مېدىيا ھۆججەتلىرى شۇلار ئۈچۈن ئىشلەنگەن ـــ لەرگە قارىتا، ئۇلار ئۆزىنىڭ دىندارلىقىنى، سەلەفىيلىككە بولغان چۈشەنچىسىنى ۋە باشقا جىھادىي تەشكىلاتلار بىلەن بولغان ئالاقىسىنى نامايان قىلماقچى بولغان. ئەڭ ئاخىرىدا، شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلارغا قارىتا، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ خىتاي ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تارىخىي مۇجادىلىسى بىلەن باغلانغان ئۆزۈن ۋە بىر گەۋدىلەشكەن تارىخنى تەسۋىرلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ۋەتەندىكى ئۇيغۇرلارنى تارقاق ھۇجۇم قىلىش ئارقىلىق جىھادقا قاتنىشىشقا ئىلھاملاندۇرغان. گەرچە بۇ مەنبەلەر تەنقىدىي تەكشۈرۈلگەندە، «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى»نىڭ ئىدېئولوگىيىسى، نىشانى ۋە ئىقتىدارىنى كۆزىتىدىغان كۆزنەك بىلەن تەمىنلەيدىغان بولسىمۇ، ئەمما كۆپىنچە تەھلىلچىلەر ئۇلارغا مەۋجۇت «تېرورلۇق تەشكىلاتى»نىڭ (ئادەتتىكى) خەۋەرلىرى سۈپىتىدە يۈزەكى مۇئامىلە قىلدى. بۇنىڭدىن سىرت، مەزكۇر تەھلىلچىلەر ئۇيغۇر تىلى بىلمىگەچكە، ئۇلار ئەرەب تىلىدا ئىشلەنگەن ئاشۇ بىر قانچە ۋىدىيوغىلا تايىنىپ قالدى ياكى ئۇيغۇرچە ۋىدىيولاردىن (گېپىنى چۈشەنمەي تۇرۇپمۇ) كۆز بىلەن كۆرگىلى بولىدىغان يىپ ئۇچلىرىنى تېپىشقا ئۇرۇندى.

گەرچە 2009 ـ يىلىدىكى ئۈرۈمچى مالىمانچىلىقىغا «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى» ياكى باشقا ئۇيغۇر قوراللىق ھەرىكەتلىرىنىڭ تۈرتكە بولمىغانلىقى ناھايىتى ئېنىق بولسىمۇ، ئەمما ئالجىرىيەدىكى «ئىسلامىي مەغرىبتىكى ئەلقائىدە» (Al ـ Qaeda in the Islamic Maghreb) تەشكىلاتى خىتايدىن ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنى ئۆلتۈرگەنلىكى ئۈچۈن قىساس ئالىدىغانلىقىنى جاكارلىغاندا، بۇ ۋەقە «تېرورلۇق» تەھلىلچىلىرىنىڭ قىزىقىشىنى قوزغىدى. بۇ غوللۇق ئەرەب جىھادىي تەشكىلاتلىرىنىڭ تۇنجى قېتىم خىتايغا ئاشكارا تەھدىت سېلىشى ياكى ئۇيغۇر مەسىلىسىگە ئومۇميۈزلۈك كۆڭتەرتىپ سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىشى ئىدى (96). بۇنىڭدىن سىرت، سىنگاپورلۇق «تېرورلۇق» مۇتەخەسسىسى گۇناراتنا «شىنخۇا ئاگېنتلىقى»نىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا، مەزكۇر ۋەقەنىڭ «تېرورچىلار» بىلەن مۇناسىۋىتى بارلىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن مەزكۇر زوراۋانلىق ۋەقەسىگە جاۋابكار ئىكەنلىكى ئىلگىرى سۈرۈلگەن دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىدا «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى»گە ھېسداشلىق قىلغۇچىلارنىڭ نۇرغۇن ئىكەنلىكىنى تىلغا ئالدى (97). خىتاي ھۆكۈمىتىمۇ يەنە بۇ رايوندىكى توپىلاڭدىن كېيىنكى باستۇرۇشتا قولغا ئېلىنغان ئاتالمىش ئۇيغۇر «تېرورچى»لارنىڭ كۆپىيىۋاتقانلىقىنى خەۋەر قىلىش ئارقىلىق مەزكۇر ۋەقە بىلەن «تېرورچىلار» ئوتتۇرىسىدىكى بۇ مۇناسىۋەت توغرىسىدا تېخىمۇ بەك داۋراڭ سالدى. ئاخىرىدا، 2010 ـ يىلى نورۋېگىيە ۋە دۇبەيدە، ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن پىلانلانغانلىقى دەۋا قىلىنغان، خىتاينىڭ (شۇ جايلاردىكى) مەنپەئەتىگە قارىتىلغان ئىككى «تېرورلۇق سۇيىقەستى»نىڭ بىتچىت قىلىنغانلىقى توغرىسىدىكى

خەۋەرلەر سەۋەبلىك، بۇ ئاملىلار تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقتى (98). مەزكۇر ئاتالمىش «پىلانلىق» ھۇجۇملارنى چۈرىدىگەن ئېنىقسىز ئەھۋاللار كېيىنكى بابتا مۇزاكىرە قىلىنىدىغان بولسىمۇ، بۇ يەردە كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىكى شۇكى، بۇ نۇرغۇن تەھلىلچىلەرنى «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى»نىڭ ھەرىكەتلىرى گەرچە خىتايغا مەركەزلەشكەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ خەلقئارالىشىپ، «ئەلقائىدە» تەھدىتىنىڭ تەركىبىي قىسمىغا ئايلانغانلىقى توغرىسىدىكى ئىسپاتلار بىلەن تەمىنلىگەندەك قىلاتتى.

بۇ خىل ئارقا كۆرۈنۈشتە، 2010 ـ يىلى ئۇيغۇرلاردىن كېلىدىغان ئاتالمىش «تېررورلۇق تەھدىتى» توغرىسىدىكى ئەڭ ئىغۋاگەر ئىككى كىتابنىڭ نەشر قىلىنىشى ھەيران قالارلىق ئىش ئەمەس. (بۇ ئىككى كىتابنىڭ) بىرىنچىسىگە ئاددىيلا قىلىپ «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى» دەپ ئىسىم قويۇلغان. بۇ كىتابنى ئۇيغۇرچىدىن خەۋىرى يوق ئىككى مۇخبىر يازغان بولۇپ، ئۇلار مەزكۇر تەشكىلاتنى، ئۇنىڭ پائالىيەتلىرىنى ۋە ئىدىئولوگىيەسىنى تەسۋىرلەشتە، خىتاي دۆلىتىنىڭ، «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى»نىڭ ۋە «تېررورلۇق» تەھلىلچىلىرىنىڭ ماتېرىياللىرىنى جۇغلاپ، ئۇلاردىن ئېھتىياتچانلىق بىلەن، ئەمما ئاساسەن تەنقىدتىن خالىي ھالدا پايدىلانغان (99). نۇرغۇن جەھەتلەردە، بۇ كىتابنى «تېررورلۇققا قارشى دۇنياۋى ئۇرۇش»نىڭ دەسلەپكى ئون يىلىدا «تېررورلۇق» تەھلىلچىلىرى تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان، «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى» توغرىسىدىكى بىر گەۋدىلەشكەن، ئەمما كەمتۈك ھېكايىنىڭ خاتىرىسى دېيىشكە بولىدۇ. بۇ كىتابلارنىڭ ئىككىنچىسىنى، روھان گۇناراتنا، سىنگاپورلىق يەنە بىر كىشى ۋە گۇناراتنانىڭ ئاۋمىندىكى بىر خىتاي خىزمەتدىشى ھەمكارلىشىپ يېزىپ چىققان بولۇپ، خىتايدىكى مىللىي توقۇنۇش مەسىلىسىگە مەركەزلەشكەن (100). گەرچە گۇناراتنانىڭ كىتابىدا خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ «تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش» ئۇرۇنۇشى جەھەتتە تېخىمۇ ئىنسانىي بولۇشى كېرەكلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولسىمۇ، ئۇ ئۆز نۆۋىتىدە يەنە «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى» ياكى «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى»نى خىتايدىكى ئېغىر دەرىجىدىكى «ئاشقۇنلۇق» ۋە «تېررورلۇق» تەھدىتى دەپ ئىنتايىن ۋەھىملىك سۈپەتلىگەن (101).

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، 2009 ـ يىلدىن 2012 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى» ياكى «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى» ھەققىدىكى بىخەتەرلىك تەتقىقاتلىرى داۋامىدا، «تېررورلۇق» تەھلىلچىلىرى ۋە ئاكادېمىكلىرى تەرىپىدىن يېزىلغان ئەسەرلەر مەزكۇر تەشكىلات ھەققىدە ئىلگىرىكىگە قارىغاندا تېخىمۇ بىر گەۋدىلەشكەن ھېكايىنى ۋۇجۇدقا چىقاردى. ئەمما بۇ ھېكايە مەنبە قىلغان دەلىللەرنىڭ تولىمۇ ئاجىزلىقىنى نەزەردە تۇتقاندا، بۇ ھېكايىنىڭ توغرىلىقىغا چوقۇم سوئال قويۇلۇشى كېرەك. بىر تەرەپتىن، رايون مۇتەخەسسىسلىرى داۋاملىق تۈردە «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى»نىڭ خىتايغا بولغان تەھدىتىنىڭ چىنلىقىغا بولغان گۇمانىنى ئوتتۇرىغا قويسا، يەنە بىر تەرەپتىن، بۇ تەشكىلاتقا «خەلقئارالىق مۇسۇلمان قوراللىق كۈچلىرى تورى»نىڭ بىر پارچىسى سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىدىغان «تېررورلۇق» تەھلىلچىلىرى ئۇنىڭ خىتايغا ئېلىپ كەلگەن تەھدىتىنى كۆپتۈرۈشكە مايىل (102). «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى»نىڭ تاراتقۇ تارمىقىنىڭ تىرىشچانلىقىنى

نەزەردە تۇتقاندا، بۇ مەزگىلدىكى «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى» ياكى «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى»گە ئالاقىدار ئەسەرلەر ھازىرقى دەۋرگە ماس كېلىدىغان تەھلىللەرنى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ ماتېرىيالغا ئېرىشىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتى. ئەمما، بۇ ئەسەرلەر ئاساسلىقى «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى»نىڭ ئەرەب ياكى تۈرك تىلىدىكى مەنبەلىرىگە، شۇنداقلا ئىنگلىزچىغا تەرجىمە قىلىنغان ئاز ساندىكى ماتېرىياللارغىلا تايىنىپ قالدى. بۇ ئەسەرلەردە يەنە «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى»نىڭ شەكىللىنىش جەريانى ۋە تارىخى سىجىللىقى توغرىسىدىكى ئىلگىرى ئېلان قىلىنغان تېخىمۇ پەرەزىي ۋە نۇقسانلىق تەھلىللەردىن ئارقا كۆرۈنۈش ئۈچۈرلىرى نەقىل ئېلىندى. ئەمەلىيەتتە، بۇلار (يەنى ئاتالمىش مەنبەلەر)نىڭ ھەممىسى خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ سۆزلىرىنى ئاساس قىلغانىدى (103).

شۇڭا، «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى» ئامېرىكا ۋە ب د ت تەرىپىدىن «تېرورلۇق تەشكىلاتى» قىلىپ بېكىتىلىپ ئون يىلدىن كېيىن، بۇ تەشكىلاتنىڭ كېلىپ چىقىشى، ھەقىقىي ماھىيىتى ۋە مەۋجۇتلۇقى ئىلگىرى سۈرۈلگەن تەھدىتى قاتارلىق جەھەتلەردىكى مەسىلىلەر يەنىلا ئېنىقلاشمىغان ۋە تالاش - تارتىشتا قالغانىدى. لېكىن، تەھلىلچىلەر ئۆز خىزمىتى داۋامىدا مەزكۇر تەشكىلاتنى ئىشەنچ بىلەن «تېرورلۇق تەشكىلاتى» دەپ سۈپەتلىگەنلىكى ئۈچۈن، «تېرورلۇققا قارشى تۇرۇش ئۇنىۋېرسال گەۋدىسى» ئىزچىل ھالدا «<شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى> ياكى <تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى> خەتەرلىك <تېرورلۇق تەھدىتى>دۇر ھەم شۇ سەۋەبلىك ئامېرىكا ۋە ب د ت نىڭ <تېرورچىلار تىزىملىكى>دىن ئورۇن ئېلىشى كېرەك» دېگەن پەرىزىنى داۋاملاشتۇردى. قىسمەن جەھەتتە، بۇ خىل ئەھۋال (رېئال پاكىتلاردىن خالىي ھالدا) خالىغانچە پەرەز قىلىش ۋە «تېرورلۇق» مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ سىلىشتۇرما تەھلىللىرىدىن ئورۇن ئېلىشى كېرەك بولغان ئىنچىكە تەتقىقاتلارنىڭ كەمچىللىكىدىن كېلىپ چىققان بولسا، ئۇ ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ئىزچىللىقا ئىگە ئېنىقلىمىسى (**consistent definition**) بولمىغان بىر ھادىسىنى تەتقىق قىلىشنىڭ مۇقەررەر مەھسۇلىدۇر. بۇ يەردە گېپى بولۇنغان غەربتىكى «تېرورلۇق تەھلىلچىلىرى»نىڭ كۆپىنچىسىگە نىسبەتەن، «تېرورلۇق تەشكىلاتى» دېمەك، «سەلەفىي ئېقىمىدىكى سىياسىي ئىسلام نامىدا زوراۋانلىق قىلىدىغان ۋە غەربتىكى مەلۇم بىر كۈچ تەرىپىدىن <تېرورچى> دەپ بېكىتىلگەن، غەيرىي دۆلەت خاراكتېرلىك تەشكىلات» دېمەكتۇر. ئەمما، خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى ئۈچۈن ئېيتقاندا، «تېرورلۇق» تېخىمۇ كەڭ مەنىگە ئىگە بولۇپ، ئۇ ھەرقانداق شەكىلدىكى ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش چاقىرىقى («بۆلگۈنچىلىك»)، ئىسلامنىڭ دۆلەت تەستىقلىمىغان ھەر قانداق ئىپادىسى («ئاشقۇنلۇق») ۋە ئۇيغۇرلار سادىر قىلغان ھەر قانداق زوراۋانلىق ھەرىكىتى («تېرورلۇق»)دىن ئىبارەت «ئۈچ خىل كۈچ» دەپ ئاتالغان بىر گەۋدىلەشكەن تەھدىتنىڭ ھەرقانداق ئىپادىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. (ئاتالمىش «تېرورلۇق» مۇتەخەسسىسلىرى ۋە خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى تەرىپىدىن قوللىنىلغان) بۇ ئىككىلا خىل ئېنىقلىمىدا چىقىش نۇقتىسىدىنلا پەۋقۇلئاددە ئېغىر مەسىلە بار بولۇپ، ئۇلار ئاشۇ ئېنىقلىمىنى بازارغا سېلىۋاتقانلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. لېكىن،

بۇ ئىككى خىل ئېنىقلىمىنىڭ «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى» ياكى «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى» توغرىسىدىكى قايتا ئىشلەپچىقىرىلغان ھېكايىلەردە تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى تېخىمۇ ئېغىر مەسىلە بولۇپ، بۇ مەزكۇر تەشكىلاتنى «تېرورلۇق تەشكىلاتى» دەپ سۈپەتلەشنىڭ توغرىلىقىغا نىسبەتەن تېخىمۇ ئېغىر گۇمان تۇغدۇرىدۇ.

«تېرورلۇققا قارشى دۇنياۋى ئۇرۇش»نىڭ دەسلەپكى ئون يىلىدا — ھېچ بولمىغاندا «تېرورلۇق تەھلىلچىلىرى» نىڭ نەزىرىدە — «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى»گە باغلانغان ئۇيغۇر قوراللىق كۈچلىرىنىڭ رېئاللىقىغا تېخىمۇ يېقىندىن نەزەر سالغاندا، «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى» ياكى «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى»نىڭ «تېرورلۇق تەشكىلاتى» قىلىپ بېكىتىلىشى كىشىنى تېخىمۇ تەشۋىشكە سالىدۇ. گەرچە «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى» خەلقئارالىق «تېرورلۇق تەشكىلاتى» قىلىپ بېكىتىلگەن، شۇنداقلا «تېرورلۇق تەھلىلچىلىرى» تەرىپىدىن مەزكۇر تەشكىلات توغرىسىدا يېزىلغان زىيادە كۆپ ئەسەرلەردە مەزكۇر تەشكىلاتنىڭ «خىتايدا زوراۋانلىق ھۇجۇمى قىلىش جەھەتتە ئۇزۇن تارىخقا ئىگە، شۇنداقلا كەم دېگەندە 1998 ـ يىلىدىن باشلاپ <ئەلقائىدە>نىڭ تارمىقى» ئىكەنلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولسىمۇ، ئەمما مېنىڭ شۇ مەزگىلدىكى «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى» ياكى «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى»نىڭ ئەزاسى دەپ قارالغان ئۇيغۇرلارنى تەھلىل قىلىشىمدىن مەلۇم بولۇشىچە، بۇ پەرەزلەرنىڭ ھېچقايسىسى توغرا ئەمەس.

3 Prominent members of TIP since 2008. Pictured from the left top corner clockwise: *Emir* Abdul Häq; *Deputy Emir* Abdushakur (d. 2012); Commander Säyfullah (d. 2012); religious figure Abduläziz (d. 2012). The last three were killed by drone strikes in Pakistan during 2012, presumably ordered by the US.



«تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى»نىڭ 2008 ـ يىلدىن كېيىنكى غوللۇق ئەزالىرى.

سول تەرەپ ئۈستىدىن باشلاپ سائەت ئىسترېلكىسى يۆنىلىشى بويىچە:

ئەمىر ئابدۇلھەق.

مۇئاۋىن ئەمىر ئابدۇشۇكۇر (2012 ـ يىلى ئۆلتۈرۈلگەن)

قوماندىن سەيفۇللاھ (2012 ـ يىلى ئۆلتۈرۈلگەن)

دىنىي زات ئابدۇلئەزىز (2012 ـ يىلى ئۆلتۈرۈلگەن)

كېيىنكى ئۈچەيلەن 2012 ـ يىلى پاكىستاندا ئىنسانسىز ئۇچقۇ ھۇجۇمىدا ئۆلتۈرۈلگەن بولۇپ، بۇ ھۇجۇمنىڭ ئامېرىكانىڭ بۇيرۇقى بىلەن قىلىنغانلىقى مۆلچەرلەنمەكتە. («ئۇيغۇرلارغا قارشى ئۇرۇش» ناملىق كىتابنىڭ ئىككىنچى بابىنىڭ ئاخىرىغا قىستۇرما قىلىنغان رەسىم، كىتابنىڭ ئەسلى ئۇسلۇبىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن تەرجىمىگە ئۆز پېتى قىستۇرما قىلىندى.)

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

ئىنگلىزچىدىن ھېكمەتيار ئىبراھىم، ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمىسى




# ئۇيغۇرلاردا كىيىنىشتىكى قائىدە يوسۇنلار

گۈزەلنۇر تارىم

# ئۇيغۇرلاردا كىينىشتىكى قائىدە ـ يۇسۇنلار

گۈزەلنۇر تارىم

(ئىستانبول خانىم ـ قىزلار ئىلىم چىپىدىكى تاللانغان ماقالىلەر)

بىر مىللەتنى تونۇغرا، ئەتراپلىق چۈشىنىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن شۇ مىللەتنىڭ ئېتنىك مەنبەسىنى، مەدەنىيىتى ۋە ئۆرپ ـ ئادىتىنى، دىنىي ئېتىقادى قاتارلىقلارنى بىلىش كېرەك. كىيىم ـ كېچەك بىر مىللەتنىڭ تىلىدىن كېيىنكى ئۆزلۈكىنى ئىپادىلەيدىغان بىر ۋاستىدۇر. ئۇيغۇر خەلقى ئۇزۇن ئەسىرلىك تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا، پۈتۈن دۇنيانى ھەيران قالدۇرىدىغان كۆپلىگەن مەدەنىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. بۇلارنىڭ بەزىلىرى خۇددى «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقام» غا ئوخشاش تاكامۇللىشىپ، تارىخ تەرەققىياتىنى بويلاپ بۈگۈنكى كۈنگە يېتىپ كەلگەن بولسا، بەزىلىرى تارىخىي ۋە ئىجتىمائىي ئامىللارنىڭ تەسىرىدە ئۆز مەۋجۇدلىقىنى يوقاتقان ياكى يوقاتماقتا.

ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى مىلادى 2 ـ ئەسىردىن باشلاپلا يۇڭ، يىپەك ۋە ئۆسۈملۈك تالالىرىدىن كىيىم كىيىشنى باشلىغان. بۇ شۇ زاماندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ توقۇمىچىلىق، بوياقچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىكىنىڭ تەرەققىي قىلغانلىقى ۋە تارىختا ئۆزگىچە خاس ئۇسلۇب ياراتقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئۇيغۇر كىيىم كېچەكلىرىنىڭ جىنسىي ئايرىملىق، ياش ـ قورام، پەسىل ۋە سورۇنغا قاراپ ئايرىلىشى ناھايىتى ئېنىق بولۇپ، رەڭ، ماتېرىيال، ۋە پاسون جەھەتتىن روشەن گەۋدىلىنىدۇ.

«كىيىملەرنىڭ بايانى»دېگەن قول يازمىغا ئاساسەن باي ئاياللارنىڭ يۈرۈش ـ تۇرۇشى مۇنداق تەسۋىرلىنىدۇ: ئۇيغۇر ئاياللىرى ئالتۇن ھالقا، ئالتۇن تاج ۋە ئەتلەس كۆڭلەكنى ئەڭ ياقتۇرىدۇ. ئۇلار يەنە تاۋار، دۇخاۋا ۋە چەكمەنلەردىمۇ ئوشۇقىغا كېلىدىغان كۆينەك تىكتۈرۈپ كىيىشنى ۋە تۈرلۈك ماتېرىياللاردىن تىكىلگەن شالۋار كىيىشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئۇلار كىيىمنىڭ تۆپىگە ئاق رەڭلىك پەرىجە ۋە يېڭى ئۇزۇن پەرىجە كىيىدۇ، لېكىن ئۇنىڭ يېڭىنى ساپمايدۇ. بېشىغا بولسا لىچەك سالىدۇ. خوتەن ۋە ياركەنتتە بولسا پەرىجە ئورىمايدۇ، ئۇلار تۆت چاسا كېلىدىغان ھىندىستان داكىسىدىن تاكى تاپىنىغا كەلگۈدەك لىچەك ئارتىشىدىغان بولۇپ، بۇ خىل لىچەك بەھرى دەپ ئاتىلىدۇ. گەردىش دەپ ئاتىلىدىغان يەنە بىر خىل لىچەك بار بولۇپ، پۈتۈنلەي كەشتە بىلەن تىكىلگەن. ئۇيغۇر ئاياللىرى ياز پەسلىدە تولىسى نەپىس مەشۈت لىباسلاردىن كىيىم كىيسە، قىش پەسلىدە يېنىك كۆرپىلەردىن تىكىلگەن جۇۋىلارنى تىككۈزۈپ، ئىزمە تۈگمىلىرىگە ئۈچ مىسقاللىق تەڭگىنى تۈگمە قىلىپ كىيىدۇ.



يۇقىرىقى بايانلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۇيغۇر ئاياللىرى ئەزەلدىن كىيىملىكىنىڭ ماتېرىيالىغا ۋە تۇرمۇشقا قولايلىق، سورۇنغا ماس كېلىشكە ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەن يەنە بىر مىسسيونېر (مىسيونېر دىگىنىمىز خرىستىيان دىنىنى كىشىلەرگە تونۇشتۇرۇش ۋە تارقىتىش ئۈچۈن كەلگەن بىر گۇرۇپپا كىشىلەر) مارىيا لوۋىسانىڭ 1912 ـ يىلى 14 ـ ئاپرىلدا ئائىلىسىگە يازغان بىر پارچە خېتىدە ئۆز ۋاقتىدىكى قەشقەردىكى مىسسيونېرلار دوختۇرخانىسىغا كېلىپ داۋالانغان ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ پاختا، قېلىن يىپەك ۋە دۇخاۋىلاردىن ئۆزۈن كۆينەك كىيىدىغانلىقى، ئۇلارنىڭ مەرۋايىت، زىرە، ياقۇتلاردىن زىبۇ ـ زىننەت تاقايدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ.

شىۋىتسىيىلىك ئارخېلوگ Folke Bergman قۇم دەريا دېلتىسىدىن تېپىلغان قەبرىلەردىكى كىيىم كېچەكلەرنى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ:ئالدىدا ئىككى پېشى بار، ئالدى ئوچۇق كىيىم بويالمىغان ئاق يۇڭ يىپتىن توقۇلغان بولۇپ، يېپىنىڭ كەڭلىكى2م م، بەلۋاغ قىزىل رەڭلىك يىپتىن بوش قىلىپ توقۇلغان بولۇپ، يېپىنىڭ كەڭلىكى 4 م م كېلىدۇ. كىيىملەرنىڭ توقۇلۇش سەنئىتىمۇ ئۇنى ھەيران قالدۇرغان. ئۇ يەنە كىيىملەرنىڭ ناھايىتى سىلىق توقۇلۇشىغا ۋە سۇپىتىنىڭ يۇقىرىلىقىغا قاراپ، تۆگە ياكى باشقا ھايۋانلارنىڭ يۇڭىدىن ئەمەس، قوي يۇڭىدىن توقۇلغىنىنى ئىسپاتلاپ چىققان شۇنداقلا شۇ خىل قويلارنىڭ ئىرقىنىڭ كاۋكاز ـ پارس ئىرقىدىكى قويلار ئىكەنلىكىنى قىياس قىلىپ، شۇ تۇپراقتا ياشىغان كىشىلەرنىڭ دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلىقىنى، ۋە تۆگە، ئات، ئېشەك قاتارلىق ھايۋانلارنى باقىدىغانلىقىنى، دەريا بويىدا بېلىقچىلىق قىلىدىغانلىقىنى، ۋە كۆپ قىسىم كىشىلەرنىڭ قومۇشلۇقتا ياكى تۈزلەڭلىكتە ئوۋچىلىق قىلىدىغانلىقىنىمۇ ئوتتۇرىغا قويغان. دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك يەنە بىر پاكىت شۇكى، يۇڭچىلىق ئۇلارنىڭ ئاساسلىق سودا ئوبيېكتى بولۇپ، ئېچكىرى ئۆلكىلەردە ئەينى دەۋردە تېخى ئۇنداق تېخنىكا يوق بولغاچقا، ئاساسلىقى شۇلارنى يۇڭ توقۇمىچىلىق بۇيۇملىرى بىلەن تەمىنلەپ كەلگەن.

### كىيىم ـ كېچەك ئالاھىدىلىكلىرى

ئۇيغۇرلاردا كىيىم ـ كېچەك تۈرلىرى ناھايىتى كۆپ، شەكلى ھەرخىل ۋە رەڭگارەڭ. ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىم ـ كېچەك ئالاھىدىلىكى ھەققىدىكى تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن قارىغاندا ئۇلار تەبىئىي ئېھتىياج بىلەن ئېستېتىك ئېھتىياجنى

بىرلەشتۈرۈپ كىيىنىش جەھەتتە روشەن مىللىي ئالاھىدىلىكنى گەۋدىلەندۈرۈشكە باشلىغان دەۋرى ناھايىتى قەدىمىي دەۋرلەرگە تەئەللۇق. بۇنىڭدىن مىڭ يىل بۇرۇنقى ئارخولوگىيىلىك تېپىندىلار ۋە ھەرخىل يازما ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى كىيىم ـ كېچەكلىرىنىڭ تۈرلىرى، تاش كىيىم، ئىچ كىيىم دەپ ئىككى چوڭ تۈرگە؛ شەخسىنىڭ پائالىيەت ئېھتىياجىنى چىقىش نوختىسى قىلغان ھالدا، ئۆي ئىچى كىيىمى، تالالىق كىيىم، ئەمگەك كىيىمى، كەسپىي كىيىم ۋە مۇراسىم كىيىملىرى قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلۈشكە بولىدۇ. ئومۇمەن ماددىي تۇرمۇش شارائىتى يار بەرگەن ئەھۋال ئاستىدا ھەرخىل ئېھتىياج تۈپەيلى پەرىقلىق كىيىنىش ئادىتى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان بىرخىل سەنئەت بولۇپ داۋاملىشىپ كەلگەن. ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىم ـ كېچەك ئەنئەنىسىدە، گۈللۈك يىپەك رەخت كىيىملەر چوڭ سالماقنى ئىگەللەيدۇ. بولۇپمۇ، ئۇيغۇر ئاياللىرى ھەرخىل گۈللۈك ۋە نەقىشلىك يىپەك رەخت كىيىملەرنى كىيىشنى ياخشى كۆرىدۇ ۋە ئەتىۋارلايدۇ. بۇ ئەھۋالنى <تۈركىي تىللار دىۋانى> دا < قىلىقلىناي دىسە قىزىل كىيەر، يارايى دىسە يېشىل كىيەر > (<تۈركىي تىللار دىۋانى>1توم 512 ـ بەت) دىگەن تەمسىل بىلەن سۈرەتلىگەن. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۆزىگە خاس گۈزەللىك قارىشىدا نىسپىي ھالدا، قىزىل رەڭ ـ خوشاللىق ۋە شادلىقنىڭ، ئاق رەڭ ـ ساپلىق ۋە قۇتلۇقنىڭ، سېرىق رەڭ ـ پەرىشانلىق ۋە غەمكىنلىكنىڭ، كۆك رەڭ ـ ياشلىق ۋە بەخت ـ سائادەتنىڭ، قارا رەڭ ـ قايغۇ ـ ئەلەم ۋە مۇسىبەتنىڭ سىموۋۇلى قىلىنغان. مۇشۇ قاراشلارغا ئاساسەن جىنسىي ئايرىملىقتا، ياش قۇرامغا، كەسپىي ئالاھىدىلىككە، ئورۇن ـ مەرتىۋىسىگە، پەسىل خاراكتىرىگە ۋە تۇرمۇش ئېھتىياجىغا ئاساسەن، پەرىقلىق كىيىنىش ئادەتلىرى شەكىللەنگەن.

ئەر ـ ئاياللارغا قارىتا ئىش تەخسىماتى جەھەتتىكى ئوخشاشماسلىق، گۈزەللىك تەلپى ۋە پسىخولوگىيىلىك ھالىتى جەھەتتىكى ئوخشىماسلىق قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلى، قەدىمدىن تارتىپ ئەر ۋە ئاياللارنىڭ كىيىنىش ئادىتىدىمۇ روشەن پەرىق بارلىققا كەلگەن. مەسلەن، ئادەتتە ئۇيغۇر ئاياللىرى گۈللۈك رەختلەردىن ئۇزۇن كۆڭلەك ۋە ئوشۇقنى يېپىپ تۇرىدىغان ئىشتان، كۆڭلەك ئۈستىگە تىك ياقلىق جىلتكە ياكى تاۋار جىلتكە، ئىزمىلىق كەمزۇل چاپان قاتارلىق گۈللۈك كىيىملەرنى كىيىشكە ئادەتلەنگەن؛ئەرلەر بولسا (كۆپرەك ئاق، قارا، قارا كۆك، كۆلرەڭ ) تىزنى يېپىپ تۇرىدىغان ئالدى ئۇچۇق تونچە كۆڭلەك ياكى ئەستەرلىك تونچە چاپان، ئۇزۇن ئىشتان، كاشا (تۆگە يۇڭىدا توقۇلغان بەش ـ ئون سانتىمىتىر كەڭلىكتىكى بەلباغ ) ياكى رەخت بىلەن بىلىنى باغلاپ، سول يېنىغا غىلاپلىق پىچاق ئاسىدۇ. باللار ۋە ياشلار كۆپرەك تىلە ياكى بورەك ياقىلىق خالتا كۆڭلەك ۋە كەلمىزۇل چاپان كىيىدۇ. كۆڭلەكنىڭ ياقىسى ۋە ئالدى پېشىگە مىللىي ئۇسلۇبتا رەڭلىك يىپ بىلەن كانۋاي ئىشلىگەن كۆڭلەكلەرنى كىيىشنى ياشلار تېخىمۇ ياخشى كۆرىدۇ.

كىيىنىش ئادىتى تارىخىيۋىلىككە ئىگە بولۇپ، دەۋرنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، كىيىم ـ كېچەك نىسپىي ھالدا ئۆزگىرىش ھاسىل بولىدۇ. جۈملىدىن، جۇغراپىيىلىك شارائىت ۋە تۇرمۇش سەۋىيىسى جەھەتتىكى پەرىقلەر تۈپەيلىدىن، كىيىم ـ كېچەك جەھەتتىمۇ بەزى پەرىقلەر پەيدا بولىدۇ. مەسلەن، ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرقى كىيىنىش ئادىتى بىلەن ئۆتمۈشتىكى كىيىنىش ئادىتى، شەھەردىكىلەر بىلەن يېزىدىكىلەرنىڭ كىيىش ئادىتى مەلۇم پەرىقلەرگە ئىگە بولۇپ كەلمەكتە.

**كىنىش يۇسۇنلىرى**

يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۆزىگە خاس مىللىي كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتى بار بولۇپ بۇ ئۇلارنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق ئۇزاق تەرەققىيات تارىخىدا بارا ـ بارا ئېستېتىك ئېڭى، مۇھىتى ۋە دىنىي ئېتىقادى قاتارلىقلارغا ياندىشىپ مۇكەممەللەشكەن. كىينىش مىللىي ئالاھىدىلىكنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان تاشقى بەلگىنىڭ بىرى، قانداق كىيىنىش مىللىي ئالاھىدىلىكنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرسىمۇ ئۇ قائىدە ـ يۇسۇن كاتېگورىيەسىگە كىرمەيدۇ. چۈنكى ئۇ دەۋرنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئۆزگىرىپ بارىدۇ، يېڭىلىنىدۇ. قائىدە ـ يۇسۇن بولسا قىممەت قارىشى ۋە يۇسۇنلىرىنى ئۆزگەرتىشكە بولمايدىغان سەل قارالمايدىغان مىللىي ئالاھىدىلىكنى ساقلاپ قىلىشتىكى ئالاھىدە بىر قۇرالدۇر. ئەگەر قائىدە ـ يۇسۇن بىر تەرەپلىمىلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىنسا ياكى ئۇنىڭغا بولغان قىممەت قاراش ئۆزگەرسە مىللىي يۇسۇن ئۆزگەرگەن بولۇپ بۇ خىل سۈپەت ئۆزگىرىشى بىلەن مىللىي خاسلىقتا نۇقسان يېتىدۇ.

**ئۆزلۈكىمىزنى قوغداش**

ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىم ـ كېچەك تارىخى نەچچە مىڭ يىللىق تارىخى ـ تەرەققىياتنى بېشىدىن كەچۈرۈپ بۈگۈنكى دەۋرگە كەلدى. بىز ئۆزىمىزنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتە دۇنيادىكى ئىلغار مىللەتلەردىن خېلى كۆپ كەينىدە قالغانلىقىمىزنى ئېتىراپ قىلساقمۇ بىزنىڭ كىيىم كېچەكلىرىمىز رەڭدارلىق، نەپىسلىك، گۈزەللىك. يارىشىملىق جەھەتتىكى يۇقىرى سەنئەتلىك ئالاھىدىلىكى بىلەن خېلى يۇقىرى مەدەنىيەتكە ۋەكىللىك قىلىدىغانلىقىدىن ئىپتىخارلىنىشقا ھەقلىقمىز. دەۋرنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ بەزى ياشلىرىمىزنىڭ غەرب مەدەنىيىتىگە مەپتۇن بولۇشى تالالاش ئەركىنلىكى دىيىلگەندىمۇ ئۇلارنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي كىيىم ـ كېچەكلىرىنى كەمسىتىپ تۆۋەن كۆرۈشى پىكىر ئەركىنلىكى بولماستىن بەلكى ئۆز مىللىتىگە بولغان ئەقىدىسىنىڭ سۇسلاۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئۇيغۇر خەلقى يېڭى مەدەنىيەتلەرنى قوبۇل قىلىشنى چەتكە قاقمايدۇ. يېڭى مەدەنىيەتلەرنى قوبۇل قىلىش ئۇيغۇرلارنىڭ مۇھىم ئەنئەنىسىدۇر، بىراق ئۆزىگە خاس مىللىي ئەنئەنىلەرنى كۆزگە ئىلماسلىقنى ئۆزىدىن ياتلىشىش دەپ قارايدۇ. مەھمۇد كاشغەرىيمۇ ئۆز دەۋرىدە ئۆزىنىڭ مىللىي كىيىم كېچەكلىرىنى پەخىرلىك ھالدا تىلغا ئېلىپ، باشقا مىللەت كىيىم ـ كېچەكلىرىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقىنى جاكارلىغان ئىدى. بۇ مەنىدىن ئالغاندا مىللەتنىڭ مىللىي جۇلاسىنى نامايان قىلغان مىللىي مەدەنىيەتنى ۋە قائىدە يۇسۇنلىرىنى قەدىرلەپ ئۆزىنى بېزەش ۋە مۇكەممەلەشتۈرۈشنىڭ مۇھىم ۋاستىسى قىلغان ئادەمنى مىللىي قائىدە يۇسۇنغا ئەقىدە باغلىغان ئۆزلۈكىنى قوغداپ قالغان ئادەم دەپ قارايمىز.

## كىينىشتىكى مىللىي قائىدە ـ يۇسۇن



ئۇيغۇر مىللىي كىيىملىرى

ئۇيغۇرلار كىيىنىش ئارقىلىق ئۆز ـ ئارا ھۆرمەت، قەدىر ـ قىممەت، ھايادىن ئىبارەت خاس مىللى ئالاھىدىلىكىنى ئىپادىلەيدىغان مىللەتتۇر. ئۇيغۇرلاردا ئەر ياكى ئايال كىشى بولسۇن مەھرەم ھېسابلانمايدىغان كىشىلەر ئالدىدا كىيىم ـ كېچەكلىرىنى چىقارمايدۇ، ئەرلەر يات ئاياللار ئالدىدا كۆڭلەكلىرىنى چىقارمايدۇ، ئەمما پاقالچاق تەرىپى ئېچىلسا ئەيىبكە بۇيرۇلمايدۇ. ئۇيغۇرلاردا ئاياللارغا نىسبەتەن تىخمۇ قاتتىقراق تەلەپ قويۇلىدىغان بولۇپ ئاياللار نامەھرەم ئەرلەرنىڭ ئالدىدا پاچاق، يوتا، كۆكرەك، بىلەك قاتارلىق ئەزالىرىنى ئوچۇق قويمايدۇ. بۇنى ھاياسىزلىق دەپ قارىشىدۇ. ئاياللار ياغلىق ئارتىدۇ ياكى ھەرخىل دوپپا تۇرلىرىدىن باش كىيىمى كىيىدۇ، ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ باشقا مىللەتلەردىن پەرقلىنىدىغان ئۆزىگە خاس ياغلىق ئارتىش ئۇسۇلى بار. بەزى تارىخشۇناسلار ئۇيغۇرلاردىكى ياغلىق ئارتىش قائىدىسىنى دىنني تۇس ئالغانلىقى ئۈچۈنلا ئەمەس بەلكى گۈزەللىكنىڭ ئېھتىياجى، مىللي ئالاھىدىلىكىنىڭ ئىپادىسى، چېچىنى، يۈزىنى مۇھاپىزەت قىلىشنىڭ تەلىپى دەپ قارايدۇ. ئۇيغۇر قائىدە ـ يۇسۇنلىرىدا باش كىيىمنىڭ رولى ئالاھىدە مۇھىم ھىسابلىنىدۇ. ئەر ـ ئاياللار توي ـ تۆكۈن، ئۆلۈم ـ يىتىم ۋە ھېيت ـ بايراملاردا بېشىغا باش كىيىم كىيىدۇ، يالاڭباش بىرىش قائىدە يۇسۇنغا زىت دەپ قارىلىدۇ. قىز ـ ئاياللار ئائىلىدە چوڭلار ئالدىدا يالاڭباشتاق يۈرمەيدۇ، بۇنى پەزىلەت جۈملىسىدىن سانايدۇ. ئۇيغۇرلار نەچچە مىڭ يىللار ئاۋاللا ناھايىتى سىپتا كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيتىگە ئىگە بولۇش بىلەن بىرگە باش كىيىمگىمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن بىر مىللەتتۇر.

## كىينىشتىكى پەرھىزلەر

ئۇيغۇر خەلقى نەچچە مىڭ يىللار بۇرۇنلا ناھايىتى نەپىس، ئېستېتىك قىممىتى يۇقىرى بولغان كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتى دەۋرىگە قەدەم قويغان. نەچچە مىڭ يىل داۋامىدا ئۆزىگە خاس كىيىم ـ كېچەك يۇسۇنلىرى ۋە ياسىنىش ئالاھىدىلىكىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. بۇ جەرياندا، ئۇلار ئەرلەرگە ئەرلىك خاراكتېرى بىلەن ئاياللارغا ئاياللىق نازاكىتى بىلەن روشەن پەرقلىنىدىغان كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتىنى ياراتقان. شۇنىڭغا ئەگىشىپ كىيىنىش، ياسىنىش قائىدە ـ يۇسۇنلىرى بارلىققا كەلگەن ھەم ياسىنىش جەھەتتە پەرھىزلىك قائىدە ـ يۇسۇنلارمۇ شەكىللەنگەن. ئۇيغۇر خەلقى ئەرلەرنىڭ ئاياللاردەك ياسىنىشىغا، ئاياللارنىڭ بولسا ئەرلەردەك ياسىنىشىغا ئالاھىدە سەزگۈر بولۇپ بۇنى قوبۇل قىلىشقا

بۇلمايدىغان ئەخلاقسىزلىق دەپ قارايدۇ. ئەرلەرنىڭ ئەرلەرگە خاس كىينىشى، ئاياللارنىڭ بولسا ئاياللارغا خاس نازاكىتى بىلەن كىينىشى كىينىشتىكى ئەڭ مۇھىم قائىدە يۇسۇنلارنىڭ بىرىدۇر. ئەر-ئاياللارنىڭ كىيىملىرى ناھايىتى روشەن جىنسى ئالاھىدىلىك پەرقىگە ئىگە بولۇپ ئەرلەر قىزىل كىيىملەردىن ئاياللار بولسا رەڭسىز كىيىملەردىن ئۆزاق تۇرىشىدۇ، ئاياللارنىڭ تار ئىشتان ياكى تار ئۈست كىيىملەر بىلەن بەدەنلىرىنى چىقىرىپ كىينىشى ۋە نىپىز بەدەننى كۆرسىتىپ قۇيىدىغان كىيىملەرنى كىيىشى ئەيىپ ھىساپلىنىدۇ.

### ئەرلەردە كىينىش ئادەتلىرى

ئۇيغۇر ئەرلىرىنىڭ بىلىگە پىچاق ئېسىشى ناھايىتى قەدىمكى دەۋىردىن باشلانغان ئادەت بولۇپ ئۇيغۇر ئەرلىرى بېشىغا دوپپا، قالپاق، تۇماق قاتارلىق باش كىيىملىرى كىيىدۇ. ئەرلەر ئىچكى ۋە تاشقى كىيىمگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن بولۇپ تاشقى كىيىملىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئۇزۇن پەشمەت بولۇپ تىزىغا چۈشىدۇ، پەشمەتنىڭ بىلىدىن پوتا باغلانغان بىلىگە خەنجەر ۋە قىلىچ ئاسقان ھالەتتە كۆرىمىز. ياش يىگىتلەر ئۆيلەنمىگىچە بۇرتىغا تىغ تەگكۈزمەيدۇ، ئۇيغۇرلاردا ياشنىڭ ۋە پەسىللەرنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ساقال-بۇرۇتلىرنىڭ پاسۇنى ئۆزگىرىپ بارىدۇ. كىيىم-كېچەكلەرمۇ ياشلارنىڭ ياشلارغا خاس ياشانغانلارنىڭ ياشانغانلارغا خاس بولىدۇ. ساقال-بۇرۇت قويۇشنى ئۇيغۇر ئەرلىرنىڭ ياسىنىشتىكى بىر ئالاھىدىلىكى دەپ قاراشقا بولىدۇ شۇڭا «سۆزنىڭ كۆركى ماقال، ئەرنىڭ كۆركى ساقال» دىگەندەك ماقال تەمسىللىرمىزمۇ بارلىققا كەلگەن. ئۇيغۇر يىگىتلىرى كەشتە ئىشلەنگەن كانۋاي كۆڭلەكلەرنى كىيىشنى ياخشى كۆرىدۇ. زەرلىك پارقىراق نەرسىلەرنى كىيمەيدۇ، قۇلقىغا ھالقا ئالتۇن ئۈزۈك تاقمايدۇ، بويىنىغا زەنجىر ئاسمايدۇ، خاتىرە تاشلاردىن ياكى كۈمۈشلەردىن ئۈزۈك تاقاشنى ياخشى كۆرىدۇ.

### پوتا باغلاش

پوتا باغلاش ئۇيغۇر ئەرلىرى ئارىسىدا قەدىمدىن بىرى داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان بىر ئەنئەنىۋى ئادەت بولۇپ ئۇ بارا-بارا ھەرخىل مەزمۇن ئېلىپ مىللەتنىڭ مۇھىم قائىدە-يۇسۇنغا ئايلانغان. چۈنكى، ئۇ پەقەت كىينىش ئادىتى بولۇپلا قالماي بەلكى ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى، مەردلىك، باتۇرلۇقنىڭ سىمۋۇلى بولۇپ مۇراسىم ۋە نىكاھ ئادەتلىرى، ئەمەل دەرىجىلىرى قاتارلىقلار بىلەن ھاياتى كۈچىنى تىخىمۇ ئاشۇرماقتا، قەدىمكى زامان ئەمەل دەرىجىللىرىدە بەلباغ، كەمەرنىڭ توقىسى ئالتۇندىن بولۇشى شاھلارغا خاس، كۈمۈشتىن بولۇشى ۋەزىرلەرگە خاس بولغان. چېلىشىش، بەيگە قاتارلىق مۇسابىقىلەردە غالىپ چىققان ئەرلەرنىڭ بېلىگە پوتا باغلايدۇ، نىكاھدا يىگىتكە پوتا باغلىنىدۇ. يۇقىرقىلاردىن باشقا بەل باغلاش ئۇيغۇرلار ئارىسىدا كۆپ خىل سىمۋۇللۇق مەنالارنى بىلدىردۇ. «بەلنى چىڭ باغلاش» دىگەن ئىش قىلغابدا ئىرادىلىك بۇلۇشنى كۆرسىتىدۇ. «بىلى بوش» دىگەنلىك ئىرادىسىز، غەيرەتسىزلىكنى ئىپادىلەيدۇ. پوتا

باغلاشنىڭ ئىلمى ئاساسى يۇقىرى بولۇپ ئۇ ئىغىر جىسمانى ئەمگەك قىلغاندا بەلنىڭ چىم بولۇپ كىتىشى، ئىچكى ئەزالارنىڭ زىيانغا ئۇچرىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ، بۇلارغا ئاساسلانغاندا پوتا باغلاش ئۇيغىرلارنىڭ قەدىمدىن بىرى داۋاملىشىپ كىلىۋاتقان ئەنئەنىلەرنىڭ بىرى بولۇپلا قالماي بەلكى ئۇنىڭدا بەلگىلىك ئىلمى ئاساس بارلىقنى كىسىپ ئيتالايمىز.

## ئۇيغۇر ئاياللىرنىڭ ياسىنىش قائىدىلىرى

ئۇيغۇر ئاياللىرى گۈزەل، جازبىلىك، پاك، ساداقەتمەن، ۋاپادار، هايالىق، نومۇسچان. ئۇلار مانا مۇشۇنداق ئالاهىدىلىككە مۇناسىپ هالدا ئۆزىگە خاس ياسىنىش مەدەنىيىتىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. ئۇيغۇر ئاياللىرى گۈزەللىككى بەكمۇ ئەهمىيەت بىرىدۇ، گۈزەللىكنى سۆيىدۇ چاچ ئۇيغۇر ئاياللىرنىڭ مۇهىم بىر گۈزەللىك ئۆلچىمى بولۇپ ئۇزۇن بوستان چاچلىق ئاياللار گۈزەل هېسابلىنىدۇ. ئۇزۇن چاچنى ياخشى كۆرۈش ئادىتى هازىرغىچە داۋاملاشقان بولۇپ چاچنى 40 تال ئۆرۈپ بوستان چاچ قىلىش ۋە ماڭلاي چاچ قويۇش ئادەتكە ئايلانغان.

پەرداز قىلىشتا ئاياللارنىڭ يۈزىگە ئەڭلىك سۈركىشى نەچچە مىڭ يىللاردىن بىرى داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئۇدۇمى بولۇپ كىروران ئانىسنىڭ يۈزىگە ئەڭلىك سۈرتكىنى مەهمۇد كاشغەرىينىڭ ئەڭلىكنى تونۇشتۇرۇپ يۈزىگە سۈرتىدىغان ئاچ قىزىل رەڭلىك بۇياق دىگەنلىكى ئەدەبى ئەسەرلەردە تىلغا ئىلىنغان. ئاياللار يۈزىگە تەبئىي قىزىل تۈستە گىرىم قىلىدۇ، ئۇپا سۈرتىدۇ ئېقى ئاق، قىزىلى قىزىل بولۇشنى ياخشى كۆرىدۇ يۈزىنى چالمىدەك ئاپئاق قىلىۋىلىشنى يامان كۆرىدۇ. ئۇيغۇر قىز ـ جۇۋانلىرى يىغىلىشىپ قېشىغا ئوسما قويۇشىدۇ. ئوسما ئۇلارنىڭ قاش گۈزەللىك ئۆلچىمىگە يېتىشىگە ياردەم بېرىدۇ. ئۇيغۇر ئاياللىرى تەبئىي گۈزەللىك بىلەن بىزەك بۇيۇملىرىدا پەردازلىنىشنى ياخشى كۆرىدۇ، چاچقا گۈل قىسىش، قۇلقىغا هالقا سېلىش، بوينىغا زەنجىر، بىلاپكا ئېسىش، قولىغا بىلەزۈك سېلىش ئۇلارنىڭ ياسىنىشىدىكى بىر ئەنئەنىۋىي يۇسۇنى، ئۇلار زىننەت بۇيۇملىرنى يالغۇز ياسىنىش ئېهتىياجىلا دەپ قارىماستىن بەلكى ئاياللار ئۈچۈن ياخشى يامان كۈنلەردە قالقان بولىدۇ بىشىغا كۈن چۈشكەندە زىبۇ ـ زىننەتلەر ئارقىلىق قىيىن ئۆتكەلدىن ئۆتىدىغان قىممەتلىك مۈلۈك قاتارىدا كۆرىدۇ، بۇنىڭغا ئاساسلىنىپ ئۇيغۇرلاردا پۇل تاپسا ئايال قىزلىرىغا ئالتۇندىن زىبۇ ـ زىننەت قىلىپ بىردىغان ئادەت شەكىللەنگەن.

ئۇيغۇر ئاياللىرنىڭ كىيىنىش ئادەتلىرى ئۇمۇمىي جەهەتتىن بىردەك بولسىمۇ لېكىن هەرقايسى رايونلاردىكى ئاياللارنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرى يەنە قىسمەن پەرقلەرگە ئىگە. ئۇمۇمەن ئۇيغۇر ئاياللىرى بىشىغا چىمەن دوپپا هەم ياغلىق ئارتىدۇ، ياغلىق ئارتىش شەكلى كۆپ خىل بولىدۇ، ئۇزۇن كۆڭلەك كىيىدۇ، كۆڭلەك ئىچىگە ئۇزۇن تامبال كىيىدۇ، كالتە ئىشتان، كالتە كۆڭلەك يىڭى قىسقا كىيىملەرنى كىيىشنى هاياسىزلىق دەپ قارايدۇ. ئۇيغۇر قىزلىرى

ئەتلەستىن كۆڭلەك كىيىشنى ياخشى كۆرىدۇ، ئومۇمەن گۈللۈك رەختلەردىن كىيىم كىيىش ئۇيغۇر قىز ـ ئاياللىرى كىيىم ـ كېچەكلىرىدىكى بىر ئالاھىدىلىكتۇر.

ئۇيغۇر ئاياللىرى كۈز، قىش، ئەتىياز پەسىللىرىدە پەلتۇ، جىلتكە كىيىپ سوغۇقتىن ساقلىنىدۇ، ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ ئىتەكلىك ۋە كۆلاچلىق كۆڭلەكلەرنى كىيىشى خاس جايلىرنى يۇشۇرۇش ئۈچۈن بولۇپ ئولتۇرغاندا پاچاقلىرىنىڭ ئېچىلىپ قىلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈندۇر، قىزلارنىڭ ئولتۇرغاندا ئىككى پۇتىنى بىر ـ بىرگە يۆكۈپ ئولتۇرۇشى، چازا قۇرۇپ ئولتۇرۇشى، زوڭ ئولتۇرۇشى پەزىلەتسىزلىك دەپ قارىلىدۇ.

قائىدە يوسۇننىڭ تۆپ يىلتىزى ئېتىقادقا تاقىلىدىغان بولۇپ دەسلەپكى قائىدە يوسۇن قانداق ئەقىدە ئاساسىدا بارلىققا كېلىشىدىن قەتئىي نەزەر مەلۇم ئېتقاتنى مەنبە قىلغانلىقى ئېنىق. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا ئىنسانلاردىكى ئەقىدىنىڭ ئۈچقۇنلىرى ئىنسانلاردا ئويغانغان ئادىيملىكنىڭ ۋە ئۆزىنى ئىزدەش، ئۆزىنىڭ كېلىش مەنبەسىنى بىلىش تۇيغۇسىدىن كەلگەنلىكنى بىلمەك قىيىن ئەمەس. قائىدە ـ يوسۇنلار ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇشىنىڭ بارلىق تەرەپلىرىگە چوڭقۇر سىڭىپ كەتكەن بولۇپ، ئىنسانلار تۇغۇلغاندىن تارتىپ ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە قائىدە ـ يوسۇن ئىچىدە ياشايدۇ. قائىدە يوسۇن ئىنسانلارنىڭ مەدەنىيتى، قائىدە يوسۇندىن مەھرۇم بولسا ئىنسانلار ئىنسانلىق ئالاھىدىلىكىدىن مەھرۇم بولىدۇ. ئۇيغۇر خەلقىمۇ نەچچە مىڭ يىللىق قائىدە ـ يوسۇن تارىخىغا ئىگە بىر مىللەت بولۇپ يۇقارقى قائىدە ـ يوسۇنلارمۇ نەچچە مىڭ يىللىق قائىدە ـ يوسۇنلارنىڭ قېلىپلىشىپ، قائىدىلىشىپ مىللەتنىڭ مۇھىم بىر بايلىقىغا، مىللى ئالاھىدىلىكى ۋە مەۋجۇتلىقىنىڭ يادرۇلۇق قىسمىغا ئايلانغان ئۆزلۈك قىممەتلىرىدۇر.

پايدىلانغان ماتېرىياللار

ئۇيغۇر ئۆرپ ـ ئادەتلىرى

قائىدە ـ يوسۇنلىرىمىز

ئۇيغۇر مىللىي كىيىم ـ كېچەكلىرى

ئۇيغۇر ئاياللىرنىڭ پەرداز ئادەتلىرى

تارىخى ماتىرىياللاردا ئۇيغۇر كىيىم ـ كېچەكلىرى



# ئىسا يۈسۈپ ئالىپتېكىن ئەپەندىنىڭ پرېزىدېنت نىكسونغا يازغان خېتى

## ئىيسا يۈسۈپ ئالپتېكىن ئەپەندىنىڭ رىچارد نىكسونغا يازغان خېتى

**(ۋىلسون ئېلېكترونلۇق ئارخىپ مەركىزىدىكى ـ 208596 نومۇرلۇق ئارخىپ)**

**شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئازادلىق تەشكىلاتى مەركىزى**

**1970 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى**

**پرېزدېنت رىچارد نىكسون ئەپەندى**

**ئاق ساراي**

**ۋاشىڭتون**

**قەدىرلىك پرېزدېنت:**

**ھەم كىشىنى تەشۋىشلەندۈرىدىغان، ھەم تەخىرسىز بىر ئىش توغرىسىدا سىز بىلەن بىۋاستە ئالاقىلىشىش ئۈچۈن ئۆزرە سورايمەن.**

**ئۇشبۇ مەسىلە ئامېرىكا يېتەكچىلىكىدىكى پۈتۈن دۇنيا دۇچ كېلىۋاتقان زور تەھدىتكە ئالاقىداردۇر. نۆۋەتتە، بۇ تەھدىت بارغانسېرى زورىيىپ، يەرشارىنى يالماپ يۇتۇۋېتىش يولىدا كېتىۋاتماقتا. ئەگەر يېتەرلىك ۋاقىت بېرىلسە، مەزكۇر تەھدىت دۇنيا تەڭپۇڭلۇقىنى ئەركىن دۆلەتلەرگە زىيانلىق رەۋىشتە بۇزۇپ تاشلايدۇ. مېنىڭ ۋەتىنىم ھازىر مۇشۇ خىل قورقۇنچلۇق يوشۇرۇن ھازىرلىقلار ئېلىپ بېرىلىدىغان بازىغا ئايلانغان، شۇنداقلا خەلقىم تۈرلۈك مەخپىي ۋەھشىي جىنايەتلەرنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ كېتىۋاتقان بولغاچقا، مەن بىز دۇچ كەلگەن ھەقىقىي خىرىسنىڭ ئېغىرلىقى توغرىسىدا توختىلىشنى زۆرۈر تاپتىم.**

**پۈتۈن دۇنيا قىزىل خىتايدىن تەشۋىشلىنىشى كېرەك، چۈنكى ئۇ يەر شارىدىكى قارشى تۇرغىلى بولمايدىغان [ئەسلى تېكىست شۇنداق] تەھدىتكە ئايلىنىشى مۇمكىن. ئەمما كۆپىنچە ئىنسانلار تېخىچە ھېس قىلىپ يەتمىگەن ئازابلىق پاكىت شۇكى، قىزىل خىتاي ئۆزىنىڭ كېڭىيىش پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن تامامەن دېگۈدەك ئۆزىنىڭ يېڭى تېررىتورىيەسى بولغان شىنجاڭ زېمىنىغا تايانماقتا. ئەگەر توغرا رەۋىشتە باھا بېرىلسە، سىرتقا دۇنياغا «شىنجاڭ» دېگەن مۇستەملىكىۋى ئىسىم بىلەن تونۇشتۇرۇلغان شەرقىي تۈركىستان زېمىنى مىنېرال بايلىقلارنىلا ئەمەس، بەلكى ئىستراتېگىيەلىك ئۆزگىچە ئورۇننى ئۆز ئىچىگە**

ئالغان، يەر شارى مىقياسىدا كېڭەيمىچىلىك قىلىش بازىسى قىلىشتا زۆرۈر بولغان بارلىق ئامىللارنى ئۆزىدە ھازىرلىغان.

مېنىڭ ۋەتىنىم ئاسىيانىڭ كىندىكىدىكى بىر زېمىن بولۇش سۈپىتى بىلەن، جۇغراپىيەلىك جەھەتتىن ئوخشىمىغان جايلارنىڭ ئارىسىغا جايلاشقان بولۇپ، ئۇنىڭ شەرقىدە خىتاي، شىمالىدا سىبىرىيە، غەربىدە سوۋېت تۈركىستانى ياكى غەربىي تۈركىستان، غەربىي جەنۇبىدا ئافغانىستان، جەنۇبىدا پاكىستان ۋە ھىندىستان، شەرقىي جەنۇبىدا تىبەت بار، بۇ يەر قەدىمكى دەۋرلەردىن بۇيان تۈركىي خەلقلەرنىڭ ۋەتىنى بولۇپ كەلگەن. يەرلىكلەر (natives) خىتايلاردىن تامامەن پەرقلىق بولۇپ، بۇ خىل پەرق تىل، ئىرق، كۇلتۇر، ئەنئەنە ۋە دىن قاتارلىق بارلىق جەھەتلەردىكى تۈپ پەرقلەر ئارقىلىق ئالاھىدە گەۋدىلىنىپ تۇرىدۇ.

بۈگۈنكى خىتاي چەتئەللەردە خاتا ھالدا بىر مىللەتلىك دۆلەت دەپ تەسۋىرلىنىۋاتىدۇ، ھالبۇكى خىتايدا ھېلىھەم ئۆزىنىڭ تېررىتورىيەلىك ئاساسى بار 100 دىن كۆپرەك ئوخشىمىغان مىللەتلەر مەۋجۇت. تۈركلەر، موڭغۇللار، مانجۇلار، تىبەتلەر، يى، مياۋ، جۇاڭ، دەي ۋە باشقا خىتاي بولمىغان نۇرغۇن مىللەتلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقىنىڭ ئۆزىلا خىتاينىڭ جاھانگىر ۋە مۇستەملىكىچى قۇرۇلمىسىنىڭ جانلىق دەلىلىدۇر. ئەگەر خىتاينىڭ باشقا مىللەتلەرنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلىشتىكى ئىنتايىن مۇرەككەپ تاكتىكىلىرىغا نۆۋەتتە تېرورلۇق ۋە مەجبۇرلاش قوشۇلغانلىقىنىڭ پاكىتلىق رېئاللىق ئىكەنلىكى ئېتىراپ قىلىنسا، خىتاينىڭ غايەت زور نوپۇسىنى نەزەرگە ئالمىغاندىمۇ، خىتاي ھۆكۈمرانلىقىدىكى ئوخشىمىغان مىللەتلەرنىڭ ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ قېلىش يولىدىكى جاپا ـ مۇشەققەتلىرى ۋە ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرى قەيسەرلىكىنىڭ مۇنەۋۋەر ئۈرنىكى سۈپىتىدە يۈكسەك باھاغا لايىقتۇر. بۈگۈن دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ دۆلەتلەرنىڭ بىرى بولمىش خىتايدا چوڭ دۆلەتنىڭ شوۋىنىزم نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ماركسىزم تەلىماتى ئىجرا قىلىنماقتا. خىتاينىڭ غايەت زور نوپۇسى ھەمدە تېخنىكا ۋە ھەربىي ساھەلەردە ئاتامان بولۇش جەھەتتىكى ئەسەبىي تىرىشچانلىقى خىتاينىڭ دۇنياغا نىسبەتەن تېخىمۇ زور تەھدىتكە ئايلىنىشى مۇمكىن. شۇنداقلا، ئەگەر ئەركىن دۆلەتلەر ئېھتىياتچان بولمىسا ۋە يىراقنى كۆرەلمىسە، بۇ تەھدىت ئەركىن دۆلەتلەرنى تەلتۆكۈس ۋەيران قىلىۋېتىشى مۇمكىن.

خىتاي جاھانگىرلىكى شەرقىي تۈركىستاننى ئۆزىنىڭ كېڭەيمىچىلىك پىلانىنى ئىجرا قىلىدىغان ئاساسلىق بازا قىلىشنىڭ كويىدا. بۇ سەۋەبتىن، ئەسلىدىنلا ئىشلىنىۋاتقان تەييارلىق خىزمەتلىرى يېقىندىن بۇيان تېخىمۇ كۈچەيتىلدى، شۇ سەۋەبتىن شەرقىي تۈركىستان زېمىنى ھەر ۋاقىت خىتاينىڭ دۇنيانى بويسۇندۇرۇش جېڭىنى باشلايدىغان مۇھىم نۇقتىسىغا ئايلىنىشى مۇمكىن. مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ۋەقەلەر تارىختا كۆپ قېتىم يۈز بەرگەن بولۇپ، ئەينى چاغدا شەرقىي تۈركىستان بازا ۋە چېقىش ئېغىزلىق رولىنى ئويناپ، خىتاينىڭ غەربىي ئاسىيا ۋە ياۋروپا تەرەپكە كېڭىيىشتىكى كارىدورى بولغانىدى. تارىخ تەكرارلىنىپ تۇرىدۇ. ئەگەر زامانىمىزدىكى خىتاي جاھانگىرلىكى ئۆزىنىڭ ئەسەبىي كېڭەيمىچىلىك

ئۆرۈنۈشنى يەنە بىر قېتىم شەرقىي تۈركىستان زېمىنى ئارقىلىق باشلىسا، بۇنىڭ ھەيران قالغۇچىلىكى يوق. شۇڭلاشقا، بىز شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەر ئىككى يېرىم شارنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىشتىكى بىرىنچى مۇداپىئە لىنىيەسى ئىكەنلىكىنىڭ قىل سىغماس ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى چوقۇم ئېتىراپ قىلىشىمىز كېرەك، چۈنكى تارىختىن بۇيان، شەرقىي تۈركىستان ئىزچىل ھالدا خىتاينىڭ كېڭەيمىچىلىكىگە قارشى تۇرىدىغان قورغان بولۇپ كەلگەن.

ھالبۇكى، خىتاينىڭ ئەسەبىيلەرچە تەۋەككۈلچىلىكىنى توختىتىش مۇمكىنچىلىكى يەنىلا مەۋجۇت. بۇنى خىتاي ئىمپېرىيەسىنىڭ پارچىلىنىش قەدىمىنى تېزلىتىش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ، چۈنكى 100 دىن ئارتۇق ئوخشىمىغان مىللەتنى قۇل قىلغان ۋە ئۇلارغا قارىتا ئەڭ قەبىھ جىنايى قىلمىشلارنى سادىر قىلغان خىتاي ئىمپېرىيەسىدە ھازىر يىمىرىلىش ئالامەتلىرى كۆرۈلمەكتە. ئەگەر خىتاي تەرىپىدىن بېسىۋېلىنغان خەلقلەرنىڭ نارازىلىقىغا قۇلاق سېلىنسا ۋە ئۇلارنىڭ دەۋاسىغا ئەمەلىي ياردەم بېرىلسە، ئۇنداقتا بۇ كىشىنى ھاياجانغا سالىدىغان بىر جەريان بولۇپ قالىدۇ. ھاقارەتلىك زۇلۇملارغا ئۇچراۋاتقان ئاشۇ خەلقلەرنىڭ بىرى بولغان شەرقىي تۈركىستان خەلقى دۇنيادىكى ئەركىن دۆلەتلەرنىڭ، بولۇپمۇ ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ھەققانىي دەۋاسىنى قوللىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ تەلىپۈنۈشى زامانىۋى ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ پرىنسىپلىرىغا ماس كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىلتىماسى شۇنچىلىك ئاددىي ۋە مەنتىقىلىق بولۇپ، مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە:

1. خىتاينىڭ ۋەھشىي جىنايەتلىرىنى ئەيىبلەش: قىزىل خىتاينىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى خەلقلەرنىڭ، بولۇپمۇ شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ مۇستەقىللىقىنى قوللاش ئەركىن دۇنيانىڭ ئىنسانىي بۇرچىدۇر، چۈنكى بۇ خەلقلەرنىڭ ئەركىنلىكى ۋە مۇستەقىللىقى يەر يۈزىدە مەڭگۈلۈك تىنچلىق ۋە ئادالەت ئورنىتىشنىڭ مۇستەھكەم كاپالىتى بولالايدۇ. خىتاينىڭ ۋەھشىي جىنايەتلىرىنى ئەيىبلەش ۋە شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئومۇمىي مەجلىسىگە سۇنۇش، قىزىل خىتاينىڭ دۇنياغا تەھدىت سېلىۋاتقان ئەسەبىيلىكىگە ۋە جاھانگىرلىك تەمەسىگە قارشى ئۈچ ئېلىش خاراكتېرلىك تەدبىرلەرنى قوللىنىشقا ئوخشاشلا زۆرۈردۇر.

2. شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقىنى جاكارلاش: (تەپۋەندىكى) مىللەتچى خىتاي ھاكىمىيىتى ب د ت دا يەككە خىتاي مىللىتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان بىردىنبىر ئورۇنغا ئىگە بولغاندىن سىرت، خىتاي چوڭ قۇرۇقلۇقىغا قارىتا ھېچقانداق ئەمەلىي كونتروللۇققا ئىگە ئەمەس. مەسخىرىلىك يېرى شۇكى، گەرچە شەرقىي تۈركىستان ھازىر مىللەتچى خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى بولغان بېيجىڭ ھاكىمىيىتىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا بولسىمۇ، مىللەتچى خىتاي ھۆكۈمىتى يەنىلا شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقىنى جاكارلىغىلى ئۇنىماۋاتىدۇ. مىللەتچى خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ شەرقىي

تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقىنى رەت قىلىشنى، قىزىل خىتاينىڭ خىتاي چوڭ قۇرۇقلۇقىدىكى خىتاي بولمىغان كىشىلەرنى يوقىتىشنى ۋە ئاسسىمىلياتسىيە قىلىشنى مەقسەت قىلغان سىياسىتىگە ئاۋاز قوشقانلىق دەپ چۈشىنىشكە بولىدۇ. شۇ ۋەجىدىن، ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ مىللەتچى خىتاي ھۆكۈمىتى بىلەن سۆھبەتلىشىپ، ئۇلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقىنى جاكارلاشقا قوشۇلۇشىنى قولغا كەلتۈرۈش جەھەتتە ياردىمىنى ئايىماسلىقىنى تەلەپ قىلىمىز.

3. ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرى: شەرقىي ۋە غەربىي تۈركىستان زېمىنلىرىنىڭ يۈز بېرىشى مۇمكىن بولغان يادرو ئۇرۇشىنىڭ نىشانىغا ئايلىنىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، چوقۇم زۆرۈر تەدبىرلەر قوللىنىلىشى كېرەك.

4. سالاھىيەت كاپالىتى: خىتاي بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئارىسىدا يۈز بېرىشى مۇمكىن بولغان ئۇرۇشنىڭ نەتىجىسى سۈپىتىدە، ھەر ئىككى تۈركىستاننىڭ، يەنى ھەم شەرقىي، ھەم غەربىي تۈركىستاننىڭ بۇ ئىككى چوڭ كوممۇنىستىك دۆلەتنىڭ ھەرقانداق بىرى تەرىپىدىن ئالمىشىپ ئىشغال قىلىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش زۆرۈردۇر.

5. تەشكىلىي كاپالەت: بۈگۈنكى خىتايدا ياشاۋاتقان، خىتاي بولمىغان خەلقلەرنىڭ بارلىق تەرەپلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان ئاكادېمىك قۇرۇلمىغا ئىگە ئىنىستىتۇت قۇرۇش، شۇنداقلا ئاشۇ خەلقلەرنىڭ تىللىرىدا شۇلارغا ئاڭلىتىلىدىغان رادىيو تورى تەسىس قىلىش زۆرۈردۇر.

6. يوشۇرۇن كۈچلەرنى ئىشقا سېلىش: قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئالاقىدار زېمىنلارنىڭ ھەقلىق ئىگىلىرى ئەركىن دۇنيا ئۈچۈن ئاساسلىق يوشۇرۇن كۈچ بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. شۇ ۋەجىدىن، ئۇلارنىڭ ھەمكارلىقىنى كاپالەتلەندۈرىدىغان ۋە چەتئەللەردىكى خىتاي بولمىغانلارنىڭ پەرزەنتلىرىنى تەربىيەلەيدىغان پىلان تۈزۈپ چىقىش پەۋقۇلئاددە زۆرۈر.

7. مەركەزلەشتۈرۈش: بېيجىڭنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى خىتاي بولمىغان تۈرلۈك خەلقلەر ـ ھېچ بولمىغاندا نۆۋەتتە ـ ئورتاق مەسىلىگە دۇچ كەلگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ قولمۇ قول تۇتۇشۇپ ھەمكارلىشىشى زۆرۈر. شۇ ۋەجىدىن، ئۇلارنىڭ ھەرىكەتلىرىنى مەركەزلەشتۈرۈلگەن مۇقىم بىر قۇرۇلما ئىچىدە قايتىدىن تەشكىللىمەك لازىم.

8. دۆلەت مىراسلىرىنى قوغداش: نۆۋەتتە، «يېڭى تېررىتورىيە» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان، يۈز يىللىق تارىخقا ئىگە مۇستەملىكىۋى خىتايچە ئىسىم بولمىش «شىنجاڭ» شەرقىي تۈركىستاننىڭ رەسمىي نامى سۈپىتىدە قوللىنىلماقتا. «شىنجاڭ» نامى بۈگۈنكى خىتاي ئىمپېرىيەسىنىڭ بەشتىن بىرىگە توغرا كېلىدىغان بۇ زېمىننىڭ شەرقىي تۈركلەرگە تەۋە ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت رېئاللىقنى يوشۇرۇپ قالالايدىغانلىقى ئۈچۈن،

**بېيجىڭ ھاكىمىيىتى ھېلىھەم مۇشۇ نامنى ئىشلىتىشكە مايىل. ئەركىن دۇنيادا بۇنداق مۇستەملىكە پۇرىقىغا ئىگە ئىسىمنى ئىشلىتىش كەچۈرگۈسىز بىمەنىلىكتۇر.**

**9. ماددىي ياردەم: گەرچە شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئۈمىدسىزلىككە چۆمگەن بولسىمۇ، ئۇلار يەنىلا ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىدىكى ئاق كۆڭۈل كىشىلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئەركىنلىك كۈرىشىنى ماددىي ياردەم بىلەن قوللىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ.**

**بۇ مېنىڭ دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدىكى خەلقىمنىڭ ئارزۇسىدۇر، ئۇلارنىڭ ئاداققى ئارزۇسى ۋە نىشانى مۇستەقىللىقتۇر، ئۇلار ئۆتمۈشتە ئاشۇ نىشان ئۈچۈن كۈرەش قىلغان ۋە ھېلىھەم كۈرەش قىلىۋاتىدۇ. شۇڭلاشقا، مەن ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى ئەركىن دۇنيانى خەلقىمنىڭ ئىلتىماسىغا قۇلاق سېلىشقا ۋە بۇ ھەقتە جىددىي ئويلىنىشقا چاقىرىمەن. شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىل بولۇشنىڭ بارلىق سەۋەبلىرى ۋە ھەقلىرىگە ئىگە. ھالبۇكى، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن خىتاي ئارىسىدا يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان قوراللىق توقۇنۇشتا سوۋېت غەلىبە قىلسا، شەرقىي تۈركىستاننىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ئۆتۈش ئېھتىماللىقى يەنىلا كىشىنى ئۈمىدسىزلەندۈرىدىغان ۋە تەشۋىشلەندۈرىدىغان مەسىلىدۇر.**

**خەلقىم مەن بىلەن بىرلىكتە جانابىڭىزغا ۋە ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىدىكى ياخشى كىشىلەرگە چىن كۆڭلىدىن سالام يوللايدۇ.**

**ــــ ئىيسا يۈسۈپ ئالپتېكىن**

**شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئازادلىق تەشكىلاتى مەركىزىنىڭ رەئىسى**

**سابىق شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتى (11 بېتىمدىن كېيىن قۇرۇلغان ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت)نىڭ باش كاتىپى**

ئىنگلىزچىدىن ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمىسى

**مەنبە:**

https://digitalarchive.wilsoncenter.org/document/208596


مىسلىسىز ئويغىنىش
كىشىلىك مۇۋەپپەقىيەتتىكى ئىككى مۇھىم مەسىلە
براين چېيسى

# كىشىلىك مۇۋەپپەقىيەتتىكى ئىككى مۇھىم مەسىلە

براين چېيسى (ئامېرىكا)

**ئۆز - ئۆزىڭىزگە بېسىم ئىشلىتىڭ**

**«مۇۋەپپەقىيەتنىڭ بىرىنچى شەرتى ھاردىم - تالدىم دېمەستىن، جىسمانىي ۋە روھىي ئېنېرگىيەڭىزنى ئۈزلۈكسىز ھالدا بىر نۇقتىغا مەركەزلەشتۈرۈشتۇر» ــــ توماس ئېدىسون (Thomas Edison)**

**دۇنيا شۇنداق كىشىلەر بىلەن تولغانكى، ئۇلار ئاللىكىملەرنىڭ ئۆزلىرىنى ئۆز غايىسىدىكىدەك كىشىلەرگە ئايلىنىشقا رىغبەتلەندۈرۈشىنى كۈتۈپ تۇرىدۇ. ئەمما، مەسىلى شۇكى، «ھېچكىم سىزنى قۇتۇلدۇرغىلى كەلمەيدۇ».**
**(ئۆزلىرىگە يول كۆرسىتىپ بېرىدىغان) ئاللىكىملەرنى كۈتۈۋاتقان بۇ كىشىلەر ئاپتوبۇس ئۆتمەيدىغان كوچىدا ئاپتوبۇس ساقلاۋاتقان كىشىگە ئوخشايدۇ. شۇ ۋەجىدىن، ئەگەر ئۇلار ئۆز ھاياتىغا مەسئۇل بولمىسا ۋە ئۆزلىرىگە بېسىم قىلمىسا، شۇ تەرىقىدە مەڭگۈ كۈتۈپ تۇرۇۋېرىدۇ. ھالبۇكى، بۇ (يەنى پاسسىپ ھالدا كۈتۈپ تۇرۇش) مۇتلەق كۆپ قىسىم كىشىلەرنىڭ تاللىشىدۇر.**
**پەقەت ئىككى پىرسەنت كىشىلەرلا ھېچقانداق نازارەتچى بولمىغان ئەھۋالدىمۇ نورمال خىزمەت قىلالايدۇ. بىز بۇنداق كىشىلەرنى «يېتەكچىلەر» دەپ ئاتايمىز. سىز ئايلىنىشىڭىز كېرەك بولغان ۋە بەل باغلىسىڭىزلا ئايلىنالايدىغان تىپ دەل ئاشۇدۇر.**
**يوشۇرۇن كۈچىڭىزنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن، سىز باشقىلارنىڭ سىزگە بېسىم ئىشلىتىشىنى كۈتمەستىن، چوقۇم ئۆز - ئۆزىڭىزگە بېسىم ئىشلىتىش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈشىڭىز، يەنى چوقۇم ئۆز «پاقا»ڭىزنى ئۆزىڭىز تاللاپ، ئاندىن شۇلارنى مۇھىملىق تەرتىپى بويىچە يەۋېتىشىڭىز كېرەك.**

**ساھەنىڭ سەركىسى بولۇڭ**

**ئۆزىڭىزنى باشقىلارنىڭ ئۈرنىكى دەپ قاراپ، ھەرۋاقىت ئۆزىڭىزگە قاتتىق تەلەپ قويۇڭ. سىز ئۆز خىزمىتىڭىزگە ۋە يۈرۈش - تۇرۇشىڭىزغا قويىدىغان تەلەپ چوقۇم باشقىلار سىزگە قويۇشى مۇمكىن بولغان تەلەپتىن يۇقىرى بولۇشى كېرەك.**
**خىزمەتنى مۇسابىقە دەپ قاراپ، ئىشقا بالدۇرراق بېرىپ، كۆچەپ‌رەك ئىشلەپ، كېيىنرەك ئىشتىن چۈشۈڭ، ۋەزىپىنى نورمىدىن ئاشۇرۇپ ئورۇنداشقا تىرىشىڭ.**
**پسىخولوگ ناسانىيېل براندون (Nathaniel Brandon) خاراكتېرنىڭ يادروسى بولغان ئۆز - ئۆزىنى قەدىرلەش تۇيغۇسىنى «ئۆز نەزىرىڭىزدىكى ئىناۋىتىڭىز» دەپ تەبىرلىگەن.**

سىز ئۆزىڭىز قىلغان ياكى قىلالمىغان ھەربىر ئىش ئارقىلىق ئۆز ئىناۋىتىڭىزنى يۇكسەلدۈرىسىز ياكى تۆۋەنلىتىسىز. خۇش خەۋەر شۇكى، قاچانىكى سىز ئۆز ئىقتىدارىڭىزنى ئەڭ يۇكسەك دەرىجىدە جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن تىرىشسىڭىز، روھىڭىز تېخىمۇ كۆتۈرەڭگۈ بولىدۇ. ئادەتتىكى كىشىلەر بەل قويۇۋېتىدىغان يەردىن ھالقىپ كېتەلىگەن ۋاقتىڭىزدا، ئۆز - ئۆزىڭىزگە بولغان قەدىرلەش تۇيغۇڭىزنى كۈچەيتەلەيسىز.

تەسەۋۋۇردىكى ئاخىرقى چەك

سۆرەلمىلىكنى يېڭىشنىڭ ئەڭ ياخشى چارىلىرىدىن بىرى بۇگۈننى ئەڭ مۇھىم خىزمەتنى تاماملاش ئۈچۈن بېرىلگەن ئاخىرقى كۈن دەپ قاراشتۇر.

ھەركۈنى شۇنداق تەسەۋۋۇر قىلىڭ: بايىلا بىر جىددىي خەۋەر تاپشۇرۇۋالدىڭىز، خەۋەردە مەلۇم بىر يەرگە بىر ئايلىق ۋەزىپىگە بارىدىغانلىقىڭىز ئۇقتۇرۇلدى. ئەگەر راست شۇنداق ئىش بولسا، يولغا چىقىشتىن ئىلگىرى چوقۇم قىلىۋەتمىسىڭىز بولمايدىغان ئىش قايسى؟ بۇ ھەقتىكى جاۋابىڭىز نېمە بولسا، ھازىرلا شۇ ئىشقا تۇتۇش قىلىڭ.

ئۆزىڭىزگە بېسىم ئىشلىتىشنىڭ يەنە بىر ئۇسۇلى شۇكى، سىز ئۆزىڭىزنىڭ مەنزىرىسى تولىمۇ گۈزەل بىر ساياھەت رايونىغا بىر ھەپتىلىك ھەقسىز ساياھەت قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشكەنلىكىڭىزنى، ئەمما چوقۇم ئەتىسى ئەتىگەندە يولغا چىقىشىڭىز كېرەكلىكىنى، بولمىسا بۇ پۇرسەتنىڭ باشقىلارغا بېرىۋېتىلىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىڭ. ئەگەر راست شۇنداق بولسا، سىز ئاشۇ ساياھەتكە چىقىشتىن ئىلگىرى قايسى ئىشنى چوقۇم قىلىۋەتكەن بولاتتىڭىز؟ بۇنىڭ جاۋابىنىڭمۇ نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، دەرھال شۇ ئىشنى باشلاڭ.

ئۈتۈقدار شەخسلەر ئۆز ئىقتىدارىنى يۇكسەك سەۋىيەدە جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن ھەرۋاقىت ئۆز - ئۆزىگە بېسىم قىلىپ تۇرىدۇ. ئۇتۇقسىز كىشىلەر بولسا باشقىلارنىڭ يول كۆرسىتىشىگە، نازارەت قىلىشىغا ۋە بېسىم ئىشلىتىشىگە موھتاج بولىدۇ.

سىز ئۆز - ئۆزىڭىزگە بېسىم ئىشلىتىش ئارقىلىق تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ سۈپەتلىك ئىشلارنى ئىلگىرىكىدىن تېخىمۇ تېز ۋۇجۇدقا چىقىرالايسىز - دە، يۇكسەك ئۇنۇمدار ۋە ئۈتۈقدار شەخسكە ئايلىنىسىز. ئۆزىڭىزگە ئۆزىڭىزگىمۇ ھەيران قالىسىز ۋە تەدرىجىي ھالدا ۋەزىپىلەرنى تېز سۈرئەتتە تاماملاش ئادىتىنى يېتىلدۈرەلەيسىز ھەمدە بۇ سىزگە ئۆمۈر بويى ئەسقاتىدۇ.

ئۇ پاقىنى يەۋېتىڭ!

1. ھەربىر ۋەزىپە ۋە پائالىيەتكە ئاخىرقى چەك ۋە تارماق چەكلەرنى بېكىتىڭ. ئۆز - ئۆزىڭىز ئۈچۈن «مەجبۇرلاش سىستېمىسى» بەرپا قىلىڭ. ئۆزىڭىزگە بېسىم ئىشلىتىپ تۇرۇڭ، ھەرگىز بوشاشماڭ. چەك بېكىتكەن ھامان، ۋەزىپىنى شۇ چەكتىن بۇرۇن تاماملاشقا تىرىشىڭ.

2. ھەر قېتىملىق چوڭ خىزمەت ياكى پىلاننى باشلاشتىن ئىلگىرى، ئۇنىڭ ھەربىر قەدەم - باسقۇچلىرىنى يېزىپ چىقىڭ. ھەربىر باسقۇچنى تاماملاشقا قانچە مىنۇت ياكى سائەت كېتىدىغانلىقىنى بەلگىلەڭ. ئاندىن ۋاقىت بىلەن بولغان بەيگىڭىزنى باشلاپ، ۋەزىپىنى بېكىتىلگەن چەكتىن ئىلگىرى تاماملاڭ. ئۇنى بىر مۇسابىقە سۈپىتىدە كۆرۈپ، يېڭىپ چىقىشقا بەل باغلاڭ!

## قۇربىتىڭىزنى ئەڭ زور چەككە يەتكۈزۈڭ

«بارچە ئىمكانىڭىزنى، ئىقتىدارىڭىزنى ۋە ئېنېرگىيەڭىزنى بىر يەرگە توپلاپ، پۈتۈن كۈچىڭىزنى مەركەزلەشتۈرۈپ، بىر ساھەدە بولسىمۇ ۋايىغا يېتىشكە تىرىشىڭ» ـــ جون ھاگېي (John Haggai)

خىزمەتتىكى ئېپادىڭىزنىڭ ۋە ئۈنۈمدارلىقىڭىزنىڭ خام ماتېرىياللىرى سىزنىڭ جىسمانىي، روھىي ۋە ھېسسىي ئېنېرگىيەڭىزدۇر.

روھىڭىز ئۇرغۇپ تۇرغان ۋاقىتتىكى ئىش ئۈنۈمىڭىز ھېرىپ ھالىڭىزدىن كەتكەن ۋاقىتتىكىدىن ئىككى، ئۈچ، ھەتتا بەش ھەسسە يۇقىرى بولىدۇ.

بەدىنىڭىز گويا يېمەك ـ ئىچمەك ۋە ئارام ئېلىش ئارقىلىق ئېنېرگىيە ھاسىل قىلىدىغان، ئاندىن سىز شۇ ئارقىلىق تۇرمۇشىڭىز ۋە خىزمىتىڭىزدىكى مۇھىم ۋەزىپىلەرنى تاماملايدىغان ماشىنىغا ئوخشايدۇ.

خۇشال ـ خۇرام ۋە ئۈنۈمدار بولۇشنىڭ ئەڭ مۇھىم شەرتلىرىدىن بىرى، ھەر ۋاقىت ئېنېرگىيەڭىزنىڭ تولۇپ ـ تېشىپ تۇرۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشتۇر.

ھەددىدىن زىيادە ئىشلىۋېتىش ئۈنۈمسىزلىككە ئايلىنىشى مۇمكىن

شۇنىسى ھەقىقەتكى، سىز سەككىز ياكى توققۇز سائەت ئىشلىگەندىن كېيىن، ئىش ئۈنۈمىڭىز تۆۋەنلەشكە باشلايدۇ. شۇ ۋەجىدىن، ئۇزۇن ۋاقىت (مەسىلەن، يېرىم كېچىگىچە) ئۇدا ئىشلەش ـــ بەزى چاغلاردا زۆرۈر بولسىمۇ ـــ سىزنىڭ تېخىمۇ كۆپ ۋاقىت ئىچىدە تېخىمۇ ئاز خىزمەت قىلىدىغانلىقىڭىزدىن دېرەك بېرىدۇ.

سىز قانچە چارچىغانسېرى ئىش ئۈنۈمىڭىز شۇنچە تۆۋەنلەپ، خاتالىقىڭىز شۇنچە كۆپىيىدۇ. مۇئەييەن بىر نۇقتىغا كەلگەندە، سىز توكى تۈگىگەن باتارىيەگە ئوخشاش، ئىشنى داۋاملاشتۇرغۇدەك ماجالىڭىز قالماي توختاشقا مەجبۇر بولىسىز.

ئۆز رىتىمىڭىزنى تېپىۋېلىڭ

بىر كۈننىڭ مەلۇم ۋاقىت بۆلەكلىرىدە ئىش ئۈنۈمىڭىز ئەڭ ياخشى بولىدۇ. سىز ئاشۇ ۋاقىت بۆلەكلىرىنى تېپىپ چىقىپ، شۇ ۋاقىتلارنى ئەڭ مۇھىم ۋە مۈشكۈل ۋەزىپىلىرىڭىزنى تاماملاشقا ئىشلىتىشىڭىز كېرەك.

نۇرغۇن كىشىلەر كېچىدە ياخشى ئۇخلاپ ئارام ئېلىۋالغانلىقى ئۈچۈن، سەھەردىكى ئۈنۈمدارلىقى ئەڭ يۇقىرى بولىدۇ. بەزى كىشىلەرنىڭ چۈشتىن كېيىنكى ئىش ئۈنۈمى نىسبەتەن يۇقىرى بولىدۇ. ئاز ساندىكى بەزى كىشىلەر ئاخشاملىرى ياكى كېچىدە تېخىمۇ ئۈنۈمدار ۋە ئىجادچان بولۇپ كېتىدۇ.

سۆرەلمىلىكنىڭ ئاساسلىق سەۋەبلىرىدىن بىرى ھارغىنلىق، ياكى چارچاپ ھالىڭىزدىن كەتكەندە مەلۇم بىر ۋەزىپىنى باشلاش ئۇرۇنۇشىدۇر. بۇنداق چاغلاردا سىزدە ئېنېرگىيە ياكى جۇشقۇنلۇقتىن ئەسەرمۇ بولمىغاچقا، خۇددى سوغۇقتا توڭلاپ قالغان موتوردەك، ئوت ئالالماي قالىسىز.

قاچانكى زىيادە چارچاپ كەتسىڭىز ھەمدە ئىشىڭىز بەك كۆپ، ۋاقتىڭىز بەك ئاز بولۇپ قالسا، دېمىڭىزنى ئېلىپ «قولۇمدىن كېلىدىغان مۇشۇ» دەڭ.

گاھى چاغلاردا ۋاقتىڭىزدىن ئەڭ ياخشى پايدىلىنىش ئۇسۇلى ئۆيگە بالدۇرراق قايتىپ، تازا قانغۇدەك ئۇخلىۋېلىشتۇر. شۇنداق قىلسىڭىز، قايتىدىن جانلىنىسىز ـ دە، ئەتىسىدىكى ئىش ئۈنۈمىڭىز ۋە سۈپىتىڭىز تۈنۈگۈن هارغىن ھالەتتە داۋاملاشتۇرغانلىقىدىن ئىككى ـ ئۈچ ھەسسە يۇقىرى بولىدۇ.

يېتەرلىك ئۇخلاڭ

نۇرغۇن تەتقىقاتچىلارغا كۆرە، نورمال ئامېرىكالىقلار ئۆزى قىلىۋاتقان خىزمەتكە نىسبەتەن يېتەرلىك دەرىجىدە ئۇخلىيالمايدۇ. مىليونلىغان ئامېرىكالىقلار خىزمىتىنىڭ بەك كۆپ، ئۇيقۇسىنىڭ بەك ئازلىقى سەۋەبلىك، «روھىي تۇمان» (mental fog) ئىچىدە خىزمەت قىلىدۇ.

بۇ جەھەتتە سىز قىلالايدىغان ئەڭ ئاقىل ئىش شۇكى، ھەپتە ئارىلىقىدا ئاخشىمى تېلېۋىزور (كومپيۇتېر، يانفون ۋەھاكازا)غا قاراپ ئولتۇرماي، سائەت ئوندا ئۇخلاڭ. گاھىدا، ھەر كېچىدىكى بىر سائەتلىك ئارتۇق ئۇيقۇ ھاياتىڭىزنى تامامەن ئۆزگەرتىۋېتەلەيدۇ.

ھەپتىدە كەم دېگەندە بىر كۈن تولۇق دەم ئېلىڭ. شۇ كۈنى، مەيلى ئۇ شەنبە ياكى يەكشەنبە بولسۇن، خىزمەتكە ئالاقىدار، زېھنىڭىزنى چارچىتىدىغان ئىشلارنىڭ ھېچبىرىنى قىلماڭ. ئەكسىچە، چېنىقىڭ، ئائىلىڭىزدىكىلەرگە ھەمراھ بولۇڭ، پىيادە سەيلە قىلىڭ ياكى چارچىغان مېڭىڭىزنىڭ تولۇق ئەسلىگە كېلىشىگە تۈرتكە بولىدىغان باشقا پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىڭ.

ھەرىيلى (خىزمەتتىكى ئۇزۇن مۇددەتلىك) ھېرىپ ـ چارچاشتىن تولۇق ئېسىڭىزگە كېلىش ئۈچۈن، بىرەر ـ ئىككى ھەپتە دەم ئېلىڭ. ھەپتە ئاخىرىدىكى ياكى تېخىمۇ ئۇزۇن دەم ئېلىشتىن كېيىن، ئۈنۈمدارلىقىڭىز تېخىمۇ ئاشىدۇ.

ھەپتىنىڭ بەش كۈنىدە بالدۇر ئۇخلاش، ھەپتە ئاخىرىدا بىرەر قېتىم كېچىكىپرەك ئويغىنىش ۋە ھەپتىدە بىر كۈن تولۇق دەم ئېلىش سىزنى تېخىمۇ جۇشقۇنلاشتۇرىدۇ ۋە بۇ جۇشقۇنلۇق سىزنى سۆرەلمىلىكتىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئاساسلىق ۋەزىپىڭىزنى ھارغىن چاغلىرىڭىزدىكىگە قارىغاندا تېخىمۇ كۈچلۈك ئىرادە بىلەن، تېخىمۇ تېز باشلىشىڭىزغا تۈرتكە بولىدۇ.

جىسمانىي ساغلاملىقىڭىزنى ئاسراڭ

يېتەرلىك دەم ئېلىپ، زېھنىي كۈچىڭىزنىڭ تولۇق بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشتىن سىرت، تاماقىڭىزغىمۇ دىققەت قىلىڭ. ناشتىدا كاربون ـ سۇ بىرىكمىسى (carbohydrate) مىقدارى تۆۋەن، ئاقسىل مىقدارى يۇقىرى يېمەكلىكلەرنى يەڭ. چۈشلۈك تاماقتا بېلىق ياكى توخۇ گۆشى بىلەن سالات دېگەندەك نەرسىلەرنى يەڭ. شېكەرلىك، تۇزلۇق، ئۇنلۇق يېمەكلىكلەردىن ياكى تاتلىق ـ تۈرۈملەردىن، گازلىق ئىچىملىكلەردىن، كەمپۈتلەردىن ھەزەر قىلىڭ. دۇنياۋى تەنھەرىكەتچىلەر قانداق ئوزۇقلانسا، سىزمۇ ئاشۇنداق ئوزۇقلىنىڭ. چۈنكى نۇرغۇن تەرەپلەردە، سىزنىڭ خىزمەت باشلاش ئالدىدىكى ئەھۋالىڭىز نېمىلەرنى يېگەنلىكىڭىزگە باغلىق بولىدۇ.

ھەر ھەپتىدە جەمئىي 200 مىنۇت، كۈندە تەخمىنەن يېرىم سائەت ھەرىكەت قىلىڭ، چۈنكى بۇ ساغلاملىق ئۈچۈن ئىنتايىن زۆرۈر. بۇنىڭ ئۈچۈن، پىيادە ماڭسىڭىز، چېنىقىش ئۈسكۈنىلىرى ئارقىلىق

**چېنىقىشىڭىز ياكى ئاساسلىق توپ تۈرلىرىدىن بىرەرنى ئۆگىنىشىڭىزمۇ بولىدۇ. قانداقلا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، چېنىقىشنى كۈندىلىك تۇرمۇشىڭىزنىڭ بىر قىسمىغا ئايلاندۇرۇڭ.**

**مايىسىز ۋە ساغلام ئوزۇقلىنىش، شۇنداقلا قەرەللىك چېنىقىش ۋە ئارام ئېلىش ئارقىلىق، خىزمەت ئۈنۈمىڭىز ۋە سۈپىتىڭىز، شۇنداقلا مەمنۇنىيەت تۇيغۇڭىز بارغانسېرى ئاشىدۇ.**

**خىزمەت باشلىغان ۋاقىتتا روھىڭىز قانچە كۆتۈرەڭگۈ بولسا، سۆرەلمىلىكتىن شۇنچە بەك ساقلىنالايسىز، شۇنداقلا خىزمەتنى تاماملاش ۋە باشقا ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگىزگە ئېلىش ئىستىكىڭىزمۇ شۇنچە كۈچىيىدۇ. ئۈنۈمدارلىقنى ئاشۇرۇپ، تېخىمۇ خۇشال بولۇشتا، شۇنداقلا قىلغان ھەربىر ئىشىڭىزدا تېخىمۇ كۆپ ئۇتۇق قازىنىشتا ئېنېرگىيە پەۋقۇلئاددە زۆرۈردۇر.**

**ئۇ پاقىنى يەۋېتىڭ**

**1. مەۋجۇت ئېنېرگىيە سەۋىيەڭىزنى كۈندىلىك ساغلاملىق ئادەتلىرىڭىز بىلەن بىرلەشتۈرۈپ تەھلىل قىلىڭ. تۆۋەندىكى سوئاللارنى سوراش ئارقىلىق سالامەتلىك ۋە ئېنېرگىيە ئەھۋالىڭىزنى بۈگۈنلا ياخشىلاشقا بەل باغلاڭ:**

**1) مەن نۆۋەتتە قىلىۋاتقان جىسمانىي پائالىيەتلەردىن قايسىلىرىنى تېخىمۇ كۆپ قىلىشىم كېرەك؟**

**2) مەن نۆۋەتتە قىلىۋاتقان ئىشلارنىڭ قايسىلىرىنى ھازىرقىدىن ئازراق قىلىشىم كېرەك؟**


**3) مەن ئۈنۈمدارلىقىمنى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيەگە يەتكۈزۈش ئۈچۈن قىلىشىم كېرەك بولغان، ئەمما نۆۋەتتە قىلمايۋاتقان ئىشلار قايسىلار؟**

**4) بۈگۈن مەن قىلىۋاتقان ھەم سالامەتلىكىمگە زىيان يەتكۈزۈۋاتقانلىق سەۋەبىدىن چوقۇم تەرك ئېتىشىم كېرەك بولغان ئىشلار قايسىلار؟**

**2. ئومۇمىيۈزلۈك سالامەتلىك ۋە ئېنېرگىيە سەۋىيەڭىزنى ياخشىلاش ئۈچۈن دەرھال قىلىش ئىمكانىيىتىڭىز بولغان پائالىيەت ياكى قىلمىشتىن بىرنى تاللاڭ. ئاندىن شۇ ئىشنى تەكرار ـ تەكرار قىلىپ، ئادەتكە ئايلاندۇرۇڭ. ئاندىن، شۇ خىل ئادەتتىن يەنە بىرنى تېپىپ چىقىپ، ئۇنىمۇ داۋاملاشتۇرۇڭ.**

**يۇقىرىدىكى بىر قانچە سوئالغا بەرگەن جاۋابىڭىزنىڭ نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بۈگۈنلا ھەرىكەتكە ئۆتۈڭ.**

براين چېيسىنىڭ «ئۇ پاقىنى يەۋېتىڭ» ناملىق كىتابىدىن ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمە قىلدى


مىسلىسىز ئويغىنىش
新疆五十年
包尔汉回忆录
«شىنجاڭنىڭ ئەللىك يىلى»غا رەددىيە
中国文史出版社
خېۋەر تۆمۈر
孔夫子旧書网

# «شىنجاڭنىڭ ئەللىك يىلى»غا رەددىيە

## خېۋىر تۆمۈر

### (بېشى ئالدىنقى ساندا)

**چۈشىنىش ۋە ئىشىنىش قىيىن بولغان مەسىلىلەر**

**1. ئاپتور ئۆز كىتابىدا 1922 ـ يىللاردىلا «مەخپىي گورۇپپا قۇردۇم»، «تەشكىلات بولۇپ ئۇيۇشتۇق»، «بىز پەن ياۋنەننىڭ سىياسىي تەشەببۇسلىرىنى ھىمايە قىلاتتۇق». دەپ يازىدۇ. ئەمەلىيەتتە ياڭ زېڭشىنغا خېلىلا سادىق خىزمەت قىلىدۇ. ياڭ زېڭشىنمۇ ئاپتورغا ئىشىنىپ، يېڭى ـ يېڭى مەنسەپلەرنى بېرىدۇ، ئۇنى پۇل مۇئامىلە ئىشلىرىنى بېجىرىشكە بۇيرۇيدۇ. ئەمما پەن ياۋنەننىڭ سىياسىي تەشەببۇسلىرىنى قوللاش يۈزىسىدىن قىلغان ئىش ـ ھەرىكەت توغرىسىدا ئاپتور پۈتۈن كىتاب ئىچىدە بىرەر ئەمەلىي مىسال كۆرسەتمەيدۇ. ئەھۋال شۇنداق ئىكەن، بۇ مەسىلىنى قانداق چۈشىنىپ، قانداق ئىشىنىش كېرەك؟!**

**2. ئاپتور جىن شۇرېن دەۋرىدىمۇ يەنە شۇ «گورۇپپا»، «تەشكىلات» نى كوزىر قىلىپ، ئۆزىنى قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنى ھىمايە قىلغۇچى ۋە ھەيدەر ئارقىلىق تەييارلىق كۆرۈپ، تۇرپان قوزغىلىڭىنى قوزغىغۇچى، پرىنسىپال مەسىلىلەردە غەمخورلۇق قىلغۇچى رەھبەر قىلىپ كۆرسىتىدۇ. ئەمما ئەمەلىيەتتە باشتىن ـ ئاياق جىن شۇرېن ھۆكۈمىتى ئۈچۈن سادىق ئىشلەپ چەتئەللەردىن قورال ـ ياراق سېتىۋېلىشتەك نازۇك خىزمەتلەرنى بېجىرىدۇ. بۇ مەسىلىنى قانداق چۈشىنىپ، قانداق ئىشىنىش كېرەك؟!**

**يۇقىرىقى ئىككى مەسىلىدىن ئاپتورنىڭ «مەيدان ـ مەۋقە»سىنى چۈشىنىش ۋە ئىشىنىش تولىمۇ قىيىن.**

**كىتابىتا ھەر تەرەپلىمە سۆزلىگەن بايانلاردا ئاپتورنىڭ 1922 ـ يىلدىن 1928 ـ يىلغا قەدەر بولغان ئارىلىقتا ياڭ زېڭشىن ۋە ئۇنىڭ ھاكىمىيىتى ئۈچۈن جان كۆيدۈرۈپ ئىشلىگەنلىكى؛ 1928 ـ يىلدىن 1933 ـ يىلغا قەدەر جىن شۇرېن ۋە ئۇنىڭ ھاكىمىيىتى ئۈچۈن ئىشلەپ سىياسىي ۋە ھەربىي جەھەتلەردە نازۇك خىزمەتلەرنى ئورۇنلىغانلىقى بىر قەدەر گەۋدىلىك ئىپادىلەنسە، يەنە بىر تەرەپتىن ياڭ زېڭشىن دەۋرىدە پەن**

ياۋنەننىڭ سىياسىي تەشەببۇسلىرىنى قوللاپ شىنجاڭدىكى زۇلمەتچىلىكنى تۈگىتىش تەرەپدارى بولغانلىقى؛ جىن شۇرېن دەۋرىدە قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىغا ئاۋاز قوشۇپ تۇرپاندا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە تەييارلىق كۆرگەنلىكى ـــ گەرچە ئانچە گەۋدىلىك بولمىسىمۇ ـــ لېكىن خېلى كۈچەپ تەكىتلىنىدۇ. بۇنىڭغا قاراپ ئاپتورنى ياڭ زېڭشىن، جىن شۇرېن ئىستىبداتلىرىنىڭ سادىق خادىمى ئىدى دەپ مۇقىملاشتۇرۇشمۇ؛ ياكى فەن ياۋنەننىڭ تەرەپدارى دېيىشكىمۇ؛ ۋەياكى قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىغا ئاۋاز قوشۇپ پائال ھەرىكەت قىلغۇچى دەپ ھۆكۈم چىقىرىشمۇ ھەقىقەتەن قىيىن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاپتور بۇ ھەقتە كىتابخانىلارنى قايىل قىلغۇدەك قايىتا جاۋاب بېرىشى كېرەك.

ئاپتور شىنجاڭدا ھەر مىللەت خەلقى بىلەن ئاز كەم بىر ئەسىر (70 ـ 80 يىل) بىرلىكتە ياشىغان، بولۇپمۇ 1949 ـ يىلى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى تىنچ ئازاد بولۇش يولىغا باشلاپ ئۈچمەس تۆھپە قوشقان كاتتا ئەرباب، شۇ سەۋەبتىن شىنجاڭ جامائەتچىلىكى ئاپتورنى كۆپ ھۆرمەتلەيدۇ. لېكىن، ئاپتورنىڭ ئازادلىقتىن ئىلگىرىكى قىرىق يىللىق سىياسىي ھاياتىدا مەيدان ـ مەۋقە مەسىلىسى ئوچۇق ـ يورۇق بولمىغانلىقتىن كەڭ جامائەتچىلىك ئىچىدە ھەرخىل گەپ ـ سۆزلەرنىڭ پەيدا بولۇشىغا سەۋەب بولغان.

### ئەسلىمىدىكى چىنلىق ۋە ھەق ـ ناھەق مەسىلىلەر توغرىسىدا

1. ئەسلىمىنىڭ 485 ـ بېتىدە ئاپتور مۇنداق يازىدۇ: «1932 ـ يىلى ما جوڭيىڭنىڭ ئالاھىدە ھەرىكەت قىلغۇچى خادىملىرىدىن ما شىمىڭ قاتارلىقلار. . . ۋاقىتلىق يىغقان كىشىلىرىنى باشلاپ جەنۇبقا يۈرۈش قىلدى. ئۇلارغا خۇيزۇ ما رېن تەشكىللىگەن يەرلىك خەلق ئاۋاز قوشتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار تېزلا قارا شەھەر ناھىيەسىنى بېسۋالدى».

ئاپتورنىڭ يازغىنى تارىخى پاكىتقا پۈتۈنلەي زىت. بىز تۆۋەندە ھەقىقىي پاكىتلارغا قاراپ باقايلى:

«توقسۇن قوزغىلاڭچىلىرىدىن توختى تۆەنجاڭ تۆەنىدە 120 پىدائىي، كۇ يۇنفۇر (كۇ تۆەنجاڭ ـ يەرلىك خۇيزۇ) تۆەنىدە 80 پىدائىي بولۇپ، جەمئىي 200 جەڭچى 1933 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى قارا شەھەرگە يۈرۈش قىلىپ 2 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى قارا شەھەرنى ئالدى. 9 ـ كۈنى كورلىنى ئىشغال قىلدى» (توقسۇن تارىخ ماتېرىياللىرى 19 ـ بەت ۋە 24 ـ بەتلەر)

شۇنى قىستۇرۇپ ئۆتۈش زۆرۈركى: شۇ يىللاردا ما رېن دېگەن شەخس مەۋجۇتمۇ دېگەندە، مەۋجۇت. ئەمما ئۇ قارا شەھەر بىلەن كورلىنى ئىشغال قىلغىنى يوق. قاراشەھەر بىلەن كورلا ئىشغالىيىتىدىن بىرەر ئاي كېيىن پەيدا بولغان لۈيجاڭ ماشىمىڭ پىچان ئۇرۇشىدا ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن چېكىنىپ، 2 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرى قارا شەھەرگە كەلگەندىن كېيىن ئۆزىنى 36 ـ دىۋىزىيەنىڭ «ئۇيغۇرلارنى تازىلاش ئالدىنقى سەپ

باش سىلىقى» دەپ ئاتىۋالغاندىن كېيىن، ئاندىن ما رېن دېگەننى ئاتالمىش «لۈيجاڭ» قىلىپ كۆچا قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ ئارقىسىدىن ئەۋەتكەن. ئۇ بارى ـ يوقى 32 ئادەم بىلەن كۆچارغا كېلىپ، سايباغدا كۆكچى سوپاخۇننىڭ هويلىسىغا چۈشكەن. كۆچادا ئىسلامبايىنى پارا يېگەن، شاياردا هادى ئەلەمنىڭ بېشىنى كېسىپ خادىغا سانجىپ سازايى قىلدۇرغان ما لۈيجاڭ دېگەن كىشى دەل مۇشۇ. كۆچارلىقلار ئۇنى «ساقاللىق تۈڭگان» دەپمۇ ئاتايتتى.

2. ئاپتور يەنە 486 ـ بەتتە مۇنداق يازىدۇ: «. بىراق ما شىمىڭ پانتۈركىزمچىلارغا ئوخشمايتتى، ئۇ مىللىي قىرغىننى توسىدى، قانداقتۇر «مۇستەقىل دۆلەت» دېگەن شوئارنىمۇ ئوتتۇرىغا قويمىدى. . . »

ئاپتورنىڭ بۇ يەردە پوسۇقىدە قىلىپ بۇ خىل سۆزلەرنى كۆتۈرۈپ چىقىشىدىكى كىشىنى ئەجەبلەندۈرىدۇ. لېكىن بىز يەنىلا سوغۇق قانلىق بىلەن پاكىتلارغا قاراپ چىقايلى:

مەخسۇت مۇهىتى باش قوماندان بولغان تۇرپان قوزغىلاڭچىلىرى ئىچىدە، ما شىمىڭ بىلەن مەهمۇت مۇهىتى لۈيجاڭ ئىدى. بۇلار بىرلىكتە پىچان ئۇرۇشىنى باشلىدى. ئۇرۇش ئون نەچچە كۈن داۋاملاشتى. 12 ـ كۈنى قۇمۇل تەرەپتىن شېڭ شىسەي قوماندانلىق قىلغان جىن شۇرېن قىسىملىرى كېلىپ تۇيۇقسىز هۇجۇم قىلغانلىقتىن ماشىمىڭ بىر كېچىدىلا هېچكىمگە ئېيتماستىن چېكىنىپ، قارا شەهەرگە (1933 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنلىرى ئۆپچۆرىسىدە) كېلىۋېلىپ، ئۆزىنى «باش سىلىڭ» دەپ ئاتىدى. بۇ ئىشلار ئاپتور يازغاندەك 1932 ـ يىل بولغان ئىش بولماستىن 1933 ـ يىلى 2 ـ ئايدا بولغان ئىش. بۇ يەردە كىشىنى ئەجەبلەندۈرىدىغىنى شۇكى، ئاپتور قانداقسىغا پىچان ئۇرۇشىدىن ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن چېكىنىپ تۇرپان قوزغىلاڭچىلىرىنى ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتقان (ئابدۇخالىق ئۇيغۇرلار مۇشۇ ئارىلىقتا قۇربان بولغان. توقسۇن ـ تۇرپاندا نۇرغۇن ئادەم قىرغىن قىلىنغاندى) قاچقۇن ما شىمىڭغا «بىراق ماشىمىڭ پانتۈركىزمچىلارغا ئوخشىمايتتى» دەيدىغان چىرايلىق تون كىيدۈرمەكچى بولىدۇ؟ ما شىمىڭنى مۇنداق پەردازلاپ چىقىشتىكى مەقسەت زادى نېمە؟! بۇنى چۈشىنىش تولىمۇ قىيىن. ئەمدى شۇنى سوراپ كۆرەيلىكى، ما شىمىڭ ئوخشمايدىغان پانتۈركىزمچىلەر زادى كىم؟ قۇمۇل دېهقانلار قوزغىلىڭىنىڭ رەهبىرى خوجىنىياز هاجىمۇ؟ تۇرپان قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ باش قوماندانى مەخسۇت مۇهىتىمۇ ياكى مەهمۇت سىجاڭمۇ؟ ئاپتور چوقۇم بۇ نۇقتىنى ئوچۇق كۆرستىشى لازىم ئىدى. ئەمما ئۇ ئۇنداق قىلمايلا ما شىمىڭنى پەردازلاپ ئوتتۇرىغا چىقارغانلىقى كىشىنى هەيران قالدۇرۇپلا قالماستىن، بەلكى قاتتىق ئەپسۇسلاندۇرىدۇ.

بۇ مەسىلە كىشىگە شۇنى ئەسلىتىدىكى، ئاپتور ئۆز كىتابىنىڭ 307 ـ 308 ـ بەتلىرىدە «1922 ـ يىلىدىلا. مەخپىي تەشكىلات بولۇپ ئۇيۇشتۇق. بىز پانتۈركىستلارغا ئوخشمايتتۇق. . . » دەپ يازغانىدى. ئەمدى بۇ يەرگە كەلگەندە ما شىمىڭمۇ پانتۈركىزمچىلارغا ئوخشمايتتى دەپ گۇۋاهلىق بېرىپ

ئوتتۇرىغا چىقتى. بۇنىڭغا قارىغاندا ئاپتور بىلەن ماشىمىك ئىككىسى قانداقتۇر ئاتالمىش «پانتۇركىزمچىلار» غا ئوخشمايدىغان بىر قىلىپتىكى ئادەملەر ھېسابلىنامدۇ؟! شۇنداق دېسەك ئاپتور قوبۇل قىلارمۇ؟!. .

ئاپتور يەنە شۇ جۈملىدە «ماشىمىك مىللىي قىرغىننى توسدى» دەپ يازىدۇ.

ئەمما، رېئاللىق شۇكى، ماشىمىك 2 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرى قارا شەھەرگە قېچىپ بارغاندىن كېيىن ما چۇەنلۇغا بۇيرۇق بېرىپ ئۈرۈمچىگە ئەۋەتتى. ما چۇەنلۇ بىر تۈركۈم ئادەملەرنى ئەگەشتۈرۈپ، تاغ ئىچى بىلەن ئۈرۈمچى نەنسەنگە كېلىپ ئۈرۈمچىنى قورشاپ ھۇجۇم قىلدى. ئاپتور دەل شۇ كۈنلەردە ئۈرۈمچىدە بار ئىدى. شۇڭا ئاپتور بۇ توغرىدا ئۆز كىتابىنىڭ 322 ـ بېتىدىن 326 ـ بەتلىرىگىچە ئوبدان ئەسلەپ يېزىپ قالدۇرغان. دەل شۇ ئۈرۈمچىگە ھۇجۇم قىلغان، چوڭ كۆۋرۈككە ئوت قويغان، 2700 دەك ئادەمنى قىرىۋەتكەنلەر دەل شۇ ما شىمىڭ ۋە ئۇنىڭ ئادىمى ما چۇەنلۇ ئەمەسمۇ؟! ئاپتور مۇشۇ ئىشلارنى بىلىپ تۇرۇپ يەنە نېمە ئۈچۈن ماشىمىڭ ۋە ئۇنىڭ قولچۇماقچىلىرىغا «مىللىي قىرغىننى توسدى» دەيدىغان ئوسمىنى قويۇپ باقىدۇ؟! ھەر قانداق كىتابخان مۇشۇنداق تومتاق ھۆكۈمگە ھەيران بولماي، يەنە نېمگە ھەيران بولسۇن!

3. ئاپتور ئۆز كىتابىنىڭ 489 ـ بەت تۆۋەندىن 6 ـ قۇردا يەنە مۇنداق يازىدۇ: «قەشقەرگە كىرگەن تۆمۈرمۇ، ئوسمانمۇ يەرلىك زوراۋانلار ئىدى. ئوسمان ئۆزىنى زوڭسىلىڭ، قوشۇمچە سىجاڭ دەپ جاكارلىدى. تومۇر ئۆزىنى قوماندان دەپ ئاتىدى. بۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى قەشقەرنىڭ خوجايىنى بولۇش كويىدا ئىدى. . . »

مەسىلە بۇ يەرگە كەلگەندە ئاپتور بىر پۈتۈن قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنى چاكىنىلاشتۇرۇشقا قاراپ يۈزلەنگەن. بۇ مەسىلىدە مېنىڭ تونۇشۇم مۇنداق:

(1) «ئىنقىلاب مېھمان چاقىرىش، زىياپەت بېرىش ئەمەس، تېگى ـ تەكتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ئۇ بىر خىل زوراۋان ھەرىكەتتۇر». ئەمما ئۇ ھەق ـ ناھەقلىقى، توغرا ۋە ناتوغرىلىقى بىلەن تۈپتىن پەرقلىنىدۇ.

30 ـ يىللاردىكى قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى ۋە جەنۇبىي شىنجاڭ دېھقانلار قوزغىلاڭلىرىنىڭ ھەممىسى تېگى ـ تەكتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ھەققانىي ۋە توغرا بولغان زوراۋانلىق ھەرىكەت ئىدى. ئەگەر شۇ ۋاقىتتا بۇ زوراۋانلىق ھەرىكەت قوزغالمىغان بولسا، قانچە ئون يىللاردىن بېرى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىپ، ئېزىپ، خەلقنىڭ قېنى بەدىلىگە ئەپيۇن چىراغلىرىنى يورۇتۇپ، زوراۋانلىق بىلەن ھۆكۈمرانلىق سۈرۈپ كەلگەن جىن شۇرېن ھۆكۈمىتىنىڭ ئەكسىيەتچى دوتەي ـ ئامباللىرى ئۆز ھاكىمىيىتىنى ئىككى قوللاپ خەلققە ئۆتكۈزۈپ بەرمىگەن بولاتتى. قەشقەرنى مىسالغا ئالساق، تۆمۈر سىجاڭ كۆچ كۆرسىتىپ پەيزىۋاتقا كەلمىگەن، ئوسمان ئېلى كۆچ كۆرسىتىپ ئاتۇشتىن قەشقەر كونا شەھەرگە باستۇرۇپ

كىرمىگەن بولسا، ئۆزۈن يىل قەشقەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلىپ كەلگەن ما دوتەي تەختتىن چۈشۈپ قولىدىكى سىلىڭلىق تامغىسىنى تاپشۇرمىغان بولاتتى. دېمەك، ئۇلارنىڭ شۇ ۋاقىتتا كۆچ كۆرسەتكەنلىكى توغرا، ھەقىقانىي ھەرىكەت ئىدى. تىببىي ئىلمىدە زەھەرنى زەھەر بىلەن قايتۇرۇش چارىسى بولغىنىدەك، ئەكسىيەتچى زوراۋان ھاكىمىيەتنى، ئىنقىلابىي زوراۋان ھەرىكەت بىلەن ئاغدۇرۇپ تاشلىماي بولمايتتى.

ئاپتور بۇ مەسىلىدە يەنە تۆۋەندىكى بىر سەۋەنلىككە يول قويىدۇ؛ يەنى تۆمۈر بىلەن ئوسمانغا «يەرلىك زوراۋانلار ئىدى» دېگەن ئاتنى قويىدۇم دەپ قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ زور گەۋدىسى بولغان جەنۇبىي شىنجاڭ قوزغىلاڭلىرىنى خۇنۇكلەشتۈرۈپ، سەلبىي ھەرىكەت قىلىپ كۆرسىتىشكە ئۇرۇنىدۇ. مۇنداق قىلىش بىھۇدىلىك بولۇپلا قالماستىن، بەلكى خاتا ئۇرۇنۇشتۇر.

ھەممىگە مەلۇمكى، ياڭ ـ جىن مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىرى ئۆزۈن يىللاردىن بۇيان خەلقنىڭ شىللىسىگە مىنىپ، ئۇلارنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىپ، خەلقنى ئېزىپ كەلگەن تۇغما زوراۋانلار ئىدى. شۇڭا خەلق زۇلۇمدىن، ئېكسپىلاتاتسىيەدىن قۇتۇلۇشقا ئىنتىزار بولدى. شۇنداق كۈنلەردە قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلىدى. ئۇنىڭ تەسىرىدە جەنۇبىي شىنجاڭ قوزغىلاڭلىرى بۈيۈك ئورمانغا تۇتاشقان ئوتتەك ھەممىلا يەردە لاۋۇلداپ يېنىشقا باشلىدى. بۇنداق بولۇشى شۇ دەۋرنىڭ مۇقەررەر مەھسۇلى ئىدى. «قەيەردە زۇلۇم بولسا شۇ يەردە قارشىلىق بولىدۇ» دېگەن قانۇنىيەتنىڭ ئىجتىمائىي ئىنكاسى ئىدى. بۇ قوزغىلاڭنى خۇنۇكلەشتۈرۈپ، سەلبىي ھەرىكەت قىلىپ كۆرسىتىش قەتئىي مۇمكىن ئەمەس. قەشقەرنى مەركەز قىلغان جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ پايانسىز كەڭ ۋادىسىنى 20 ـ 30 يىلدىن بۇيان زوراۋانلىق بىلەن خانىۋەيران قىلىپ كېلىۋاتقان ما تىتەي ـ ما دوتەي، ئامباللارنى بىرەر قېتىممۇ «زوراۋان ئىدى» دەپ تىلغا ئالمىغان ئاپتورنىڭ، يۇقىرىقى زالىملارنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغان تۆمۈر، ئوسمانلارغا كەلگەندە، «يەرلىك زوراۋانلار ئىدى» دەپ ئات قويغانلىقى كىشىنى قاتتىق چۆچۈتىدۇ. ئاپتوردىن شۇنى سورايلىكى، جىن شۇرېن ھۆكۈمىتىنىڭ مۇستەبىت ئەمەلدارلىرى ئۆزۈن يىلدىن خەلقنىڭ شىللىسىگە مىنىۋېلىپ زوراۋانلىق يۈرگۈزسە «زوراۋانلىق» بولمايدىكەنۇ، خەلق ئاممىسى (تۆمۈر بىلەن ئوسمانمۇ بۇنىڭ ئىچىدە) ئۇلارنى ئاغدۇرۇپ، يورۇق كۈنلەرگە ئېرىشىش ئۈچۈن ھەرىكەتكە ئۆتسە «زوراۋان» بولامدىكەن! . . .

ئاپتور بۇ مەسىلىگە كەلگەندە ئۆزىنىڭ 30 ـ يىللاردىكى قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىغا تۇتقان پوزىتسىيەسىنى ئاشكارىلاپ قويۇشتىن ساقلىنالمايدۇ. چۈنكى ئاپتور جەنۇبىي شىنجاڭ خەلق قوزغىلاڭلىرىنى خەلق سېپىدە تۇرۇپ كۆزەتمەستىن، بەلكى جىن شۇرېن ھۆكۈمىتىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك سادىق ئەمەلدارلىق مەۋقەسىدە تۇرۇپ كۆزىتىپ، قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ كېڭەيگەن گەۋدىسى بولغان جەنۇبىي شىنجاڭ خەلق قوزغىلاڭلىرىنى «قالايمىقانچىلىق ئىچىدىكى جەنۇبىي شىنجاڭ» دەپلا خۇنۇكلەشتۈرگەن. تارىخنى مۇنداق خۇنۇكلەشتۈرۈپ كۆرسەتكەن ئاپتورنى «قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىغا

ھېسداشلىقى بار، ئازدۇر ـ كۆپتۇر مۇھەببىتى بار» دېيىش قانداقمۇ مۇمكىن بولسۇن؟! بۇ خىل ئەھۋالدا، ئاپتورنىڭ 1922 ـ يىلىلا «ئىلغار گۇرۇپپا»، «مەخپىي تەشكىلات» قۇردۇم دېگەنلىرى بىلەن «تۇرپان قوزغىلاڭچىلىرى مېنى ئۆزلىرىگە رەھبەر قىلىشۋالماقچى بولغان»، «تۇرپان قوزغىلىڭىنىڭ پرىنسىپال مەسىلىلىرىگە غەمخورلۇق قىلدىم» دېگەنلىرى نەگە كەتتى! ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرى ھېچقانداق يەردە پۇت دەسسەپ تۇرالمايدىغان قۇرۇق سۆز بولماي نېمە؟

4. ئاپتور ئۆز كىتابىنىڭ 485 ـ بېتىدىن 492 ـ بېتىگىچە بولغان سەھىپىلەرگە «قالايمىقانچىلىق ئىچىدىكى جەنۇبىي شىنجاڭ» دەپ ماۋزۇ قويۇپ، 1933 ـ يىلىدىكى جەنۇبىي شىنجاڭ دېھقانلار قوزغىلاڭلىرىنى ئەسلەپ چىققان. ئەپسۇسكى ئەسلىمىنىڭ ئۆزى قالايمىقان يېزىلغان بولۇپ نۇرغۇنلىغان تارىخى پاكىتلار ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىۋېتىلگەن.

ئالدى بىلەن شۇنى ئېزاھلاپ قويۇش لازىمكى، ئەسلىمىگە «قالايمىقانچىلىق ئىچىدىكى جەنۇبىي شىنجاڭ» دەپ ماۋزۇ قويۇشنىڭ ئۆزىلا ئۇيغۇن ئەمەس. چۈنكى جەنۇبىي شىنجاڭ قوزغىلاڭلىرى ناھايىتى رەتلىك ـ رىتىملىق بولدى. كۈچارنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، ئاندىن ئاقسۇ ـ قەشقەر ئىشغال قىلىنغاندى. دېمەك، قوزغىلاڭ ناھايىتى رەتلىك ۋە تەرتىپلىك بولغاندى. جىن شۇرېن ھاكىمىيىتى ۋە ئۇنىڭ (ئاپتورغا ئوخشاش) ئەمەلدارلىرىنىڭ نۇقتىسىدىن قارىغاندا بولسا، ئەلۋەتتە ناھايىتى قالايمىقان ئىدى. قوزغىلاڭچىلار ئۇلارنىڭ زوراۋانلىق بىلەن يۈرگۈزۈلۈۋاتقان ھاكىمىيىتىگە خىرىس قىلغاچقا، ئۇلار ساراسىمىگە چۈشۈپ پاراكەندە بولدى. شۇڭا ئۇلار قوزغىلاڭنى «قالايمىقانچىلىق» دەپ ئاتىدى. بەلكى ئاپتور ئۆزىمۇ جىن شۇرېننىڭ بىر ئەمەلدارى بولغاچقا (ئاپتور 1933 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى گېرمانىيەدىن قايتىپ كېلىپ ئۈرۈمچىدە بىر مەزگىل تۇرغان. 3 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى جىن شۇرېننىڭ بۇيرۇقى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىغا خىزمەت بىلەن كەتكەن) جەنۇبىي شىنجاڭ قوزغىلاڭلىرىنى بىر مەزگىللىك قالايمىقانچىلىق دەپ چۈشىنىپ قالغان بولسا كېرەك.

مىسال ئۈچۈن بىر جۈملىنى كەلتۈرۈپ پاكىتقا سېلىشتۇرۇپ كۆرەيلى:

486 ـ بەتتە: «1933 ـ يىلى 1 ـ ئايدا ماشىمىڭ، ما رېننى كۈچارغا ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتتى. كۈچار بېدىكلەر بېشى تومۇر پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، ما رېن بىلەن بىرلىشىپ كۈچارنى بېسىۋالدى» دەپ يېزىلغان.

ما رېن (ساقاللىق تۇڭگان دەپمۇ ئاتىلىدۇ) نىڭ كۈچارغا كەلگەنلىكى راست. ئەمما، ئۇ كېيىن كەلگەن. كۈچارنى تۆمۈر بىلەن ھەمدەمبەگ ھاجى ۋە كۈچا ۋاكىلرى بىرلىشىپ، ئۇن مىڭدىن ئارتۇق كۈچا خەلقى بىلەن بىرلىكتە ئىشغال قىلغاندى. ئۇن مىڭلىغان قوزغىلاڭچى خەلق ئىچىدە ئارانلا 32 ئەسكىرى بىلەن

كەلگەن ما رېن قانچىلىك رول ئوينىشى مۇمكىن؟ تۆمۈر پۈرسەتتىن پايدىلانغان مەسلە تۆپتىن مەۋجۇت ئەمەس. ئۇ كورلىغىچە بېرىپ، كورلىنى ئىشغال قىلغان ئىنىسى توختى لۆيجاڭ بىلەن كۈچ ئۇلاپ كۇچارغا كەلدى. شامالباغ دەرۋازىسىغا قويغان ئوتنىڭ يالقۇنى ئۆچمىگەن ۋاقىتتىلا ئات سالغان پېتى شەھەرگە باستۇرۇپ كىرىپ كەتتى. ئاپتورنىڭ كۇچارنى ئىشغال قىلغان ئون مىڭدىن ئارتۇق كۇچار خەلقىنى تىلغا ئالماستىن ما رېننى تىلغا ئالغانلىقى، تىلغا ئالغاندىمۇ ئۇنىڭ رولىنى ئۈستۈن قىلىپ يازغانلىقى، ئەسلىمىنىڭ چىنلىقىنى خېلى ئوبدانلا خۇنۈكلەشتۈرگەن. كىشىنى تەئەججۈپلەندۈرىدىغان يەنە بىر نۇقتا شۇكى، ئەسلىمىدە «كۇچارنى بېسىۋالدى» دەپ يېزىلغان. ھالبۇكى، كۇچارلىق قوزغىلاڭچىلار ئۆز شەھرىنى ئۆزى بېسىۋالمايدۇ، بەلكى شەھەرنى بېسىپ ياتقان جىن شۇرېن ئەكسىيەتچىلىرىدىن ئۆز شەھرىنى قۇتقۇزۇۋالىدۇ ياكى ئازاد قىلىدۇ، ياكى ئىشغال قىلىدۇ. ئەسلىمىدە («بېسىۋالدى»دىن ئىبارەت) مۇشۇنداق ئىبارىنى ئىشلىتىشمۇ بىر مەسلە. ئەگەر ئاپتوردا قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ كېڭەيگەن ھالىتى بولغان جەنۇبىي شىنجاڭ قوزغىلاڭلىرىغا نىسبەتەن ئازراق ھېسداشلىق بولىدىغان بولسا، ھەرگىز ئۇنداق ئىبارىنى ئىشلەتمىگەن بولاتتى. بۇ يەردە ئاپتورنىڭ مەيدانى جىن شۇرېن تەرەپتە بولغانلىقتىن قوزغىلاڭچىلارنىڭ كۇچارنى ئىشغال قىلغانلىقىنى گويا ئۆزىنىڭ ئۆيىنى باشقىلار بېسىۋالغاندەك ئېچىنىشلىق تەلەپپۇزدا يازغان!

«پانتۈركىست» ۋە «پانتۈركىزمچىلار» توغرىسىدا

ئاپتور بۇ مەسلىنى ئۆز كىتابىنىڭ كۆپ يېرىدە تەكرارلايدۇ. مەسلەن:

«1922ـ يىلدىلا. . . مەخپىي تەشكىلات بولۇپ ئۇيۇشتۇق. بىز پانتۈركىستلارغا ئوخشمايتتۇق. . . » (307 ـ 308 ـ بەتلەر)

«. . بىراق ماشىمىڭ پانتۈركىزمچىلارغا ئوخشمايتتى» (486 ـ بەت)

«ما جەنساڭ قاتارلىقلار. . . يەرلىك ئەمەلدار ما شياۋۇنىڭ ياردىمىنى ئېلىشقا رازى ئىدىكى. پانتۈركىزمچىلارنىڭ ئىز بېسىپ تۇرۇشىغا يول قويمايتتى» (489 ـ بەت)

«پانتۈركىست مۇھەممەت ئىمىن. . . قارىقاشتا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ بۇ يەرنىڭ ھاكىمىيىتىنى تارتىۋالدى» (488 ـ بەت)

«شۇ چاغدا خوجىنيازنىڭ چۆرىسىدە ئايلىنىپ يۈرگەنلەرنىڭ بىر مۇنچىسى پانتۈركىزمچىلار بولۇپ، بۇلاردىن تەسىرى ئەڭ كۈچلۈكى مەھمۇت ئىدى. مەھمۇت بىلەن ساۋۇت (سابىت) داموللىنىڭ نىيىتى بىر ئىدى» (491 ـ بەت)

«يۈنۈسبەگ خوجىنىيازغا ئەگىشىپ يۈرگەن مەزگىلىدە پانتۈركىزمچىلار تەرەپتىن تارتىپ كېتىلگەن» (492 ـ بەت)

«بۇ تەشكىلات (شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى) نىڭ قۇرالىق كۈچى ئوسمان بىلەن مەھمۇتنىڭ قىسىملىرى ئىدى» (495 ـ بەت)

يۇنۇسبەگ ـ تۇرپان قوزغىلاڭچىلىرى پىچان ئۇرۇشىدا ۋاقىتلىق مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن قارا شەھەرگە كىرىپ، ئۇ يەردىن جەنۇبقا مېڭىپ ئاقسۇدا تۆمۈر سىجاڭغا يېتىشكەن. قەشقەرگە بارغاندا ما شياۋۋۇنىڭ ئورنىغا ۋالىي بولۇپ تەيىنلەنگەن.

«. . مەن ئۈرۈمچىگە كەلگەندىن كېيىن تاھىر بەگنىڭ ئېيتقانلىرى ھەققەتەن ئەمەلىيەت ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇم، خوجىنيازنى پانتۈركىزمچىلار قورشىۋالغانىكەن. . . » (503 ـ بەت)

«شەرقىي تۈركىستان دۆلىتىنى قۇرۇش پىلانلىنىۋاتقاندا، مەن ئالتايدا ئىدىم. . . مەن كېرەمخانغا خەت يازدىم. شىنجاڭ «مۇستەقىللىق» خاتا يولغا ماڭسا بولمايدۇ. . » (502 ـ بەت)

يۇقىرىقى نەقىللەردىن شۇنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىنكى، ئاپتورنىڭ قەلىمى ئاستىدا، ئومۇمەن 30 ـ يىللاردا قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىغا رەھبەرلىك قىلغان باشلىقلارنىڭ ھەممىسىلا دېگۈدەك «پانتۈركىست» ياكى «پانتۈركىزمچىلار» تەرىپىدىن تارتىپ كېتىپ، خاتا يولغا ماڭغۇچىلار بولۇپ قالغان. بۇنىڭ ئەكسىچە بىرلا كىشى، يەنى پەقەت ئاپتورنىڭ ئۆزىلا «پانتۈركىست» بولمىغان ۋە «پانتۈركىزمچىلار» تەرەپتىن تارتىپ كېتىلمىگەن، يەنى «خاتا» يولغا ماڭمىغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاپتور يەنە ما جوڭيىڭ، ما شىمىڭ، ما جەنساڭغا ئوخشاش ئادەملەرنى «پانتۈركىستلار»غا ئوخشىمايدىغان ياكى پانتۈركىزمچىلارنىڭ پۈت دەسسەپ تۇرۇشىغا يول قويمايدىغان ئەزىمەتلەردىن قىلىپ كۆرسىتىپ، ئۆزىگە شېرىك قىلىۋالغان. بۇ نېمدېگەن كۈلكىلىك ۋە ئەپچىل ئورۇنلاشتۇرۇش ـ ھە! بۇ گەپچە بولغاندا، 30 ـ يىللاردا شىنجاڭنى بىر قانچە يىل پاراكەندىچىلىككە سېلىپ بۇلاڭ ـ تالاڭ ۋە قىرغىنچىلىق قىلغان ما جوڭيىڭ ۋە ئۇنىڭ جاللات قىسىملىرى شىنجاڭغا پانتۈركىستلارغا قارشى تۇرۇش ۋە پانتۈركىزمچىلارنى سىقىپ چىقىرىش ئۈچۈن چىققان بولامدۇ! ئەجەبا. . .

بۇ يەردە شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئاپتور ئۆز ئەسلىمىسىدە قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ غوللۇق سەركەردىلىرىنىڭ بىرسىگە ئۇنداق، بىرسىگە مۇنداق دەپ ئات قويۇپ، ئۇلارنىڭ قىلغان ئىشلىرىنى «خاتا»غا چىقارغانلىقى يالغۇز بىر قانچە سەركەردىنى كاردىن چىقىرىش بولۇپلا قالماستىن، بەلكى 30 ـ يىللاردا ئاز كەم تۆت يىل داۋام قىلىپ، ئەكسىيەتچى جىن شۇرېن ھاكىمىيىتىنى غۇلىتىپ، شىنجاڭنىڭ تەرەققىيات تارىخىنى ئۇنۇملۇك ئالغا سىلجىتقان بىر پۈتۈن قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنى خۇنۇكلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت يامان غەرەزنىڭ ئىپادىسىدۇر.

لېكىن، ئاپتور ئەسلىمىسىنىڭ بەزى سەھىپىلىرىدە يەنە مۇنداق مەلۇماتلارنى بېرىدۇ:

مەسىلەن: (298 ـ بەتتە) تاشقى موڭغۇلىيە ئەۋەتكەن ۋەكىللەر ئىچىدىن ئاباۋ، نىياز ئاخۇن، قاسىم، ئىسمائىل ئاخۇنلارنى تىلغا ئالسا، (296 ـ بەتتە) «تاشقى موڭغۇلىيەدىن ۋە ئۈرۈمچىدىن كېلىپ خوجىنىياز قىسىملىرىغا قوشۇلۇپ ھەربىي ۋە سىياسىي خىزمەت ئىشلىگەنلەر ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ ئون نەچچىگە يەتكەن. . ئاباۋ. تاشقى موڭغۇلىيەدىن كەلگەن سىياسىي خىزمەت خادىمى ئىدى». شۇنىڭدەك (491 ـ بەت) يەنە «قۇمۇل ۋەقەسىدە تاشقى موڭغۇلىيەدىن خوجىنىيازنىڭ يېنىغا كەلگەن خادىملار مەسىلەن: ئىسمائىل ئاخۇن، غازى، نىياز ئاخۇنلار. خوجىنىياز ئۈچۈن چەتئەللەردىن قورال ـ ياراق سېتىۋېلىپ بېرەلەيدىغان بولغاچقا، ئۇلارنىڭ تەشەببۇسى خوجىنىيازغا مەلۇم دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتەلەيتتى. . » دەيدۇ.

يۇقىرىقى ئەھۋاللاردىن مەلۇم بولىدۇكى، ئاپتور ھەممە ئەھۋالدىن خەۋەردار. خوجىنىياز ھاجىغا «پانتۈركىست» دېگەن نامنى چاپلاشقا بولمايدىغانلىقىنى، ئۇ كىشىنىڭ ئاللىقاچان تۇزاققا چۈشۈپ، كانارغا ئېسىلغان تەييار گۆش بولۇپ قالغانلىقىنى ئاپتور ئوبدان بىلىدۇ!

ئاپتور يەنە مەھمۇت سىجاڭنى «پانتۈركىست» قىلىپ كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن:. . پانتۈركىزمچىلاردىن تەسىرى ئەڭ كۈچلۈكى مەھمۇت ئىدى. مەھمۇت بىلەن ساۋۇت (سابىت) دامولللىنىڭ نىيىتى بىر ئىدى. بۇ تەشكىلاتنىڭ (شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى) قوراللىق كۈچى ئوسمان بىلەن مەھمۇتنىڭ قىسىملىرى ئىدى. . . . ۋە باشقىلار.

ئەمەلىيەتتە، مەھمۇت مۇھىتى چەتكە چىقىپ كەتكەنگە قەدەر شېڭ شىسەيگە قارشى كۈرەش قىلدى. شېڭ شىسەينىڭ ۋەتەن بىرلىكىنى پارچىلاشقا ئۇرۇنۇپ، شىنجاڭنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىتتىپاقداش رېسپۇبلىكىسى قىلىۋېلىشقا تەكلىپ بەرگەنلىكى توغرىسىدا ئەرز قىلىپ، نەنجىڭدىكى مەركىزىي ھۆكۈمەتكە ئادەم ئەۋەتتى. دېمەك ئۇ چەتكە چىقىپ كەتكەنگە قەدەر نەنجىڭ ھۆكۈمىتى بىلەن مۇناسىۋىتىنى ئۈزمىدى. ئۇ مەركەزگە ئىتائەت قىلغان ئاساستا، مۇختارىيەت (ئاپتونومىيە) تەلەپ قىلدى. بۇ ئادەمگە قانداقتۇر «پانتۈركىست»، «ۋەتەن بىرلىكىنى بۇزغۇچى» دېگەندەك ئىسىملارنى قويۇش تولىمۇ ئادالەتسىزلىك ۋە ناھەق بولىدۇ. «ساۋۇت داموللا بىلەن نىيىتى بىر ئىدى» دېسەك تېخىمۇ ئادالەتسىزلىك بولىدۇ. چۈنكى ساۋۇت دامولللىنى قولغا ئېلىپ خوجىنىياز ھاجىغا تاپشۇرۇپ بەرگەن كىشى دەل شۇ مەھمۇت مۇھىتى ئىدى. ئۇنىڭ قىسىملىرى ساۋۇت دامولللا تايانغان كۈچ بولماستىن، بەلكى خوجىنىياز ھاجىغا ئىتائەت قىلىدىغان ئاساسلىق كۈچ بولۇپ، ئاخىرقى مىنۇتقا قەدەر مەھمۇت سىجاڭغا سادىق بولۇپ تۇردى.

كىتابنىڭ 480 ـ بېتىدە «ما جوڭيىڭ قەشقەرگە كىرگەندىن كېيىن «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» نى بىتچىت قىلدى» دەپ يېزىلغان.

جۈملىنىڭ ئورانى ۋە كەيپىياتىدىن قارىغاندا، ما جوڭيىڭ قانداقتۇر ئىجابىي كۈچ سۈپىتىدە، قەشقەردىكىلەر قانداقتۇر «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى»دىن ئىبارەت سەلبىي گۇرۇھتىكىلەر سۈپىتىدە كۆرسىتىلىدۇ. بۇ مەسىلىنى مۇشۇنداق ئىپادىلەشكە بولامدۇ؟ بۇنى چۈشىنىش ئۈچۈن تارىخى پاكىتلارغا ھاۋالە قىلىپ كۆرەيلى:

(1) 1933 ـ يىلى 5 ـ ئايلاردا ما جوڭيىڭ 2 ـ قېتىم شىنجاڭغا چىقىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۇنىڭ ئەپتى ـ بەشىرىسى ئاشكارىلىنىپ، شىنجاڭدىكى 13 مىللەتنىڭ ئورتاق دۈشمىنى بولۇپ قالدى. مۇشۇ سەۋەبتىن خوجىنىياز ھاجى شېڭ شىسەي بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ، فۇكاڭ كېلىشىمىگە ئىمزا قويدى. 1934 ـ يىلىغا ئۆتكەندە ئۈرۈمچىگە ئېغىر تەھدىت سېلىۋاتقان ما جوڭيىڭنى بىتچىت قىلىۋېتىش ئۈچۈن شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى پۈتۈن كۈچىنى سەپەرۋەر قىلغاندىن تاشقىرى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ياردەم تەلەپ قىلدى. تەلەپكە بىنائەن، سوۋېت ئارمىيەسى «ئالتايسكى» دېگەن نام بىلەن چۆچەك ئارقىلىق شىنجاڭغا كىرىپ، ما جوڭيىڭنىڭ قىسىملىرىغا يەردىن ۋە ھاۋادىن قاقشاتقۇچ زەربە بەردى. نەتىجىدە ما جوڭيىڭ مەغلۇپ بولۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭ تەرەپكە قاچتى. تارىخىي رېئاللىق دەل مۇشۇنداق، ئەمما، ئاپتور ئەسلىمىسىدە گويا ما جوڭيىڭ قانداقتۇر «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى»نى بىتچىت قىلىۋېتىش ئۈچۈنلا قەشقەرگە بارغاندەك كەيپىيات ياراتقان. مۇنداق يېزىش تارىخى پاكىتلارغا ھۆرمەتسىزلىك قىلغانلىق بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ھەق ـ ناھەقنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلغانلىقتۇر.

(2) ساۋۇت داموللا 1933 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى قەشقەردە «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» نى كۆتۈرۈپ چىقتى. بۇ چاغدا خوجىنىياز ھاجى ئاقسۇدا ئىدى. ساۋۇت داموللىنىڭ ئۇ ئىشنى قوللىمايتتى. خوجىنىياز ھاجى 34 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا قەشقەرگە باردى. ما جوڭيىڭ قىسىملىرى ئۈرۈمچى تەرەپتىن قېچىپ قەشقەرگە يېتىپ بارغاندا خوجىنىياز ھاجى قەشقەردە بار ئىدى. ئۇنىڭ تەسىرى چوڭ، ئەمەلىي كۈچى زور ھەم شېڭ شىسەي بىلەن ئىتتىپاق تۈزگەنىدى. ئەمما، جەنۇبقا قاچقان ما جوڭيىڭ قىسىملىرى قەشقەرگە يېقىنلاشقاندا خوجىنىياز ھاجى قاتتىق توسۇپ كەسكىن جەڭ قىلماستىن شەھەرنى بوشىتىپ يېڭىسار ـ يەكەن تەرەپكە كەتتى. كېيىن ئۆزى ئەركەشتامغا باردى. شۇ ۋاقىتتا ساۋۇت داموللىمۇ يېڭىسار ـ يەكەن تەرەپكە كەتتى ۋە شۇ مەزگىلدە خوجىنىياز ھاجى تەرەپتىن قولغا ئېلىندى. دېمەك «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» دېگىنى ساۋۇت داموللا قولغا ئېلىنىش بىلەن ئوتتۇرىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. بۇ ئەمەلىي پاكىتلاردىن شۇنى چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇكى، شۇ ۋاقىتتا قەشقەرگە توپلانغان كۈچ، مۇتلەق تەسىرگە ۋە ئەمەلىي كۈچكە ئىگە خوجىنىياز ھاجىنىڭ كۈچى بولۇپ، بۇ شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى بىلەن ئىتتىپاقلاشقان، تەمىناتىنى ئۈرۈمچى ھۆكۈمىتىدىن ئالىدىغان قانۇنلۇق كۈچ ئىدى. ساۋۇت داموللا قۇرغان ھۆكۈمەت بۇلارغا ۋەكىللىك قىلالمايتتى. بۇ ھۆكۈمەت يۇسۇپجان قۇر بېشى

ۋە ئوسمان قىرغىزنىڭ كۆچىنى تايانچ قىلغان بولۇپ، كۈچ جەھەتتە ئاز ھەم ئاجىز ئىدى. ھەتتا خوتەن قىسىملىرىمۇ ئۇ ھۆكۈمەتنى قوللىمايتتى ۋە ئىتائەت قىلمايتتى. دېمەك، ما جوڭيىڭ قىسىملىرى قەشقەرگە كىرگەندە قانداقتۇر «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» بىتچىت بولغان بولماستىن، بەلكى خوجىنىياز ھاجى شەھەرنى ئىستراتېگىيەلىك بوشىتىپ بەرگەن ئىدى. ئۇ شىڭ شىسەي بىلەن كېلىشىپ قويۇپ ما جوڭيىڭغا ئەجەللىك زەربە بەرمەستىن شەھەرنى تاشلاپ چىقىپ كەتكەنىدى. يىغىپ ئېيتقاندا، ما جوڭيىڭ قەشقەرگە بارغاندىن كېيىن «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» بىتچىت بولۇپ كەتتى دېيىلىدىغان بولسا، تارىخ ناھەق بۇرمىلىنىپ كېتىدۇ.

بۇ مەسىلىنى چۈشىنىشكە ياردىمى بولسۇن ئۈچۈن تۆۋەندىكى بىر پاكىتنى قىستۇرۇپ ئۆتمەكچىمەن. مەسىلەن: ئېكسپېدىتسىيەچى سۋېن ھېدىن يازغان «ما جوڭيىڭنىڭ سەرگەردانلىق خاتىرىسى» ناملىق كىتابنىڭ (خەنزۇچە نەشرى) 263 ـ بېتىدە مۇنداق دەپ يېزىلغان: «ئۈرۈمچىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ باش كونسۇلى گ. ئا. ئاپرېسوۋ ماڭا قەشقەردىكى خىزمەتدىشىدىن كەلگەن بىر پارچە خەتتە يېزىلغان مۇنۇ سۆزلەرنى دەپ بەردى: ـ ما جوڭيىڭ ئۆزىنىڭ قالدۇق ئادەملىرىنى ئەگەشتۈرگەن ھالدا جان تالىشىپ قېچىپ قەشقەرگە كەلدى. ئەڭ ئاخىرىدا ئۇ 120 ئادىمى بىلەن ئەركەشتام ئارقىلىق قېچىپ رۇسىيەگە كەتتى. . . »



شۇ يىللاردا ھەممىدىن خەۋەردار بولۇپ تۇرغان سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كونسۇللىرى ئۆزئارا يېزىشقان خەتلىرىدە ما جوڭيىڭنى جان تالىشىپ قەشقەرگە قېچىپ كەلدى دەۋاتسا، ئاپتور كىتابىنىڭ 496 ـ بېتىدە «ما جوڭيىڭ جەنۇبقا يۈرۈش قىلىش بىلەن ئۇلارنىڭ (شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيەتچىلىرىنىڭ ـ دېمەكچى) شېرىن چۈشى تامامەن بىتچىت بولدى» دەپ يېزىپ كىشىنى تېخىمۇ قاتتىق ئەپسۇسلاندۇرىدۇ.

يۇقىرىقى ئىككى خاتىرىنى سېلىشتۇرۇپ قارىغاندا، سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇل خادىملىرىنىڭ ما جوڭيىڭنىڭ جەنۇبقا يۈرۈش قىلىشقا بەرگەن خۇلاسىسى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئىكەنلىكى، ئاپتورنىڭ ئەسلىمىسىدىكى بايانلارنىڭ بىر تەرەپلىمىلىك بولۇپلا قالماي، غەرەزلىك بۇرمىلاش ئىكەنلىكى مانا مەن دەپ كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ئاپتور بۇ يەردە ھەتتا ما جوڭيىڭمۇ «پانتۈركىزمچىلار»غا قارشى كۈرەش قىلغان دېگەن ئۇقۇمنى ئىلگىرى سۈرمەكچى بولىدۇ. قالغان تەرەپلەرنى ھۆرمەتلىك كىتابخانلارنىڭ ئۆزلىرى سېلىشتۇرۇپ كۆرۈپ چىقىشىنى ئۈمىد قىلىمەن!

(تۈگىدى)

ئۇيغۇرلار ژۇرنىلى تەھرىراتى تەييارلىدى



# كىشىگە ئىلھام بېغىشلايدىغان
# مېيىپ شەخسلەر

## كىشىگە ئىلھام بېغىشلايدىغان مېيىپ شەخسلەر

تۇرمۇشنىڭ جاپالىرىدىن، خىزمەتنىڭ قاتتىقلىقىدىن، مال باھاسىنىڭ ئۆسۈپ كېتىۋاتقانلىقىدىن، ھەتتا كۆز ـ قىش ئايلىرىدا ھاۋانىڭ داۋاملىق تۇتۇق بولۇشىدىن، شامالدىن، قاردىن، يامغۇردىن، ئاپتاپتىن، ئىسسىقتىن، سوغۇقتىن، ئىشقىلىپ قاقشىغىلى بولىدىغانلىكى نەرسىلەردىن قاقشاش ـ ۋايساش نۇرغۇنلىرىمىزنىڭ تۇرمۇشىدىكى دائىمىي ئادەتلەردىندۇر. بۇنداق بولۇشىدىكى مۇھىم سەۋەبلەرنىڭ بىرى، ئىنساننىڭ ھەر ۋاقىت ئەتراپىغا ئىبرەت ـ شۈكۈر نەزىرى بىلەن قاراشتىن ئاجىز كېلىدىغانلىقىدۇر.

ھالبۇكى، دۇنيادا شۇنداق كىشىلەرمۇ باركى، ئۇلار بىزدە بار نۇرغۇن ئىمكانىيەتلەرنىڭ ئۆزلىرىدە يوقلۇقىغا، ھەتتا شۇلارنى بار قىلىشقا مەڭگۈ ئامالسىزلىقىغا قارىماستىن، يەنىلا تولۇپ ـ تاشقان شىجائەت، ئۈمىد ئىلكىدە ياشاپ، ئەتراپىدىكىلەرگە ئاكتىپ ئېنېرگىيە تارقىتىپ تۇرىدۇ. بۇ كىشىلەرنىڭ ھاياتلىق سەپىرىگە نەزەر سېلىش بىزنى ھاياتقا نىسبەتەن يېڭىچە چۈشەنچىگە، شۈكۈر ـ قانائەت تۇيغۇسىغا، تىلغا ئېلىشقىمۇ ئەرزىمەيدىغان ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلارغا قاقشاپ ـ ۋايىسغانلىرىمىزغا قارىتا خىجالەت تۇيغۇسىغا ئىگە قىلالايدۇ ۋە شۇ ئارقىلىق بىزگە زور ھاياتىي كۈچ ئاتا قىلىدۇ.

مەزكۇر ماقالىدە بىز ئۆزىدىكى جىسمانىي ناقىسلىققا قارىماستىن، بەش ئەزاسى بېجىرىم ئىنسانلارغا ئۆرنەك بولغۇدەك ياشاپ ئۆتكەن ياكى ھېلھەم ياشاۋاتقان بەش نەپەر مېيىپ شەخسنىڭ ئىش ـ ئىزلىرىنى تونۇشتۇرماقچىمىز.

### 1. ستىفىن خاۋكىڭ (Stephen William Hawking)

«مەن قولۇمنىڭ بارمىقىنى مىدىرلىتالايمەن، مېڭەممۇ تەپەككۇردىن قالغىنى يوق. مېنىڭ ئۆمۈرلۈك غايىلىرىم، شۇنداقلا مەن سۆيىدىغان ۋە مېنى سۆيىدىغان كىشىلىرىم بار؛ ھە راست، مېنىڭ يەنە شۈكۈرچان بىر يۈرىكىم بار».

ستىفىن خاۋكىڭنىڭ چاقلىق ئورۇندۇقتا، بېشىنى بىر يانغا قىيستۇرغىنىچە ئولتۇرغان سىماسى نۇرغۇن كىشىلەرگە، بولۇپمۇ ئالەم فىزىكىسىغا قىزىقىدىغانلارغا ناتونۇش ئەمەس. ئۇنداقتا، چاقلىق ئورۇندۇق بىلەن بىر گەۋدىگە ئايلىنىپ كەتكەن بۇ ئادەم زادى كىم؟

ئەنگلىيەلىك نەزەرىيىۋى فىزىكا ئالىمى، ئالەمشۇناس (كوسمولوگ) ۋە يازغۇچى خاۋكىڭ ناھايىتى ئاز ئۇچرايدىغان ۋە ئاستا ـ ئاستا ئېغىرلىشىدىغان «مۇسكۇل يىگىلەش خاراكتېرلىك يان تەرەپ

قېتىشىش كېسىلى»گە (Amyotrophic lateral sclerosis) گىرىپتار بولغان بولۇپ، بۇ «تەدرىجىي يىگىلەش كېسىلى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

خاۋكىڭنىڭ كېسىلى ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇۋاتقان ئاخىرقى يىلى باشلانغانىدى. ئەينى ۋاقىتتا، ئۇ ئۆزىنىڭ ھەرىكەتلىرىنىڭ بارغانسېرى قولاشمايۋاتقانلىقىنى، تۇرۇپ - تۇرۇپلا يىقىلىپ كېتىدىغان بولۇپ قالغانلىقىنى ۋە قولۋاق ھەيدەشنىڭ قىيىنلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى بايقىغان. ھەتتا، بىر قېتىم پەلەمپەيدىن باشچىلاپ يىقىلىپ چۈشۈپ، قىسقا مۇددەت خاتىرىسىنى يوقاتقان. ئۇ كەمبرىج ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى چاغلىرىدا، ئەھۋالى تېخىمۇ ناچارلىشىپ، گەپ قىلغاندا كېكەچلەيدىغان ۋە گېپىنى ئېنىق ئاڭقىرغىلى بولمايدىغان بولۇپ قالغان. خاۋكىڭ بايرامدا ئۆيىگە قايتقاندا، ئاتا - ئانىسى ئۇنىڭدىكى بۇ ئۆزگىرىشلەرنى بايقاپ، ئۇنى دوختۇرغا كۆرسەتكەن. 1963 - يىلى، يەنى خاۋكىڭ 21 ياشقا كىرگەندە، دوختۇرلار ئۇنىڭغا «مۇسكۇل يىگىلەش خاراكتېرلىك يان قېتىشىش كېسىلى» دەپ دىياگنوز قويغان ۋە ئۇنىڭ پەقەت ئىككى يىللا ياشىيالايدىغانلىقىنى ئېيتقان. ھالبۇكى، ئىككى يىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇ ئۆلمەيلا قالماستىن، كېسەلنىڭ ئېغىرلىشىش سۈرئىتىمۇ ئاستىلىغان.

ئەمما، 1960 - يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدا، خاۋكىڭنىڭ سالامەتلىكى قايتىدىن ناچارلاشقان ۋە ھاسىغا تايىنىشقا مەجبۇر بولغان، قەرەللىك دەرس ئۆتۈشكىمۇ قادىر بولالمىغان. كېيىن ئۇنىڭ كېسىلى تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ، خەت يازالماس بولۇپ قالغان. 1970 - يىللارنىڭ ئاخىرىدا ئۇنىڭ سۆزلەش ئىقتىدارىمۇ پەۋقۇلئاددە چېكىنىپ، پەقەت ئائىلىسىدىكىلەر ۋە يېقىن دوستلىرىلا ئۇنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى ئاڭقىرالايدىغان بولۇپ قالغان. ئەگەر ئۇ باشقىلار بىلەن پاراڭلاشماقچى بولسا، يېقىنلىرى ئۇنىڭ گېپىنى باشقىلار ئاڭقىرالىغۇدەك قىلىپ چۈشەندۈرمىسە بولمايدىغان دەرىجىگە يەتكەن.

1985 - يىلى خاۋكىڭ «ياۋروپا ئاتوم تەتقىقاتى ئورگىنى»نى زىيارەت قىلىش جەريانىدا ئېغىر ئۆپكە ياللۇغى بىلەن يۇقۇملانغاندىن كېيىن، كانىيىنى ئوپېراتسىيە قىلىشقا توغرا كەلگەن ۋە شۇنىڭدىن كېيىن تامامەن ئاۋاز چىقىرالماس بولۇپ قالغان. شۇنىڭ بىلەن، كومپيۇتېر مۇتەخەسسىسى ۋالت ۋولتوز (Walt Woltosz) خاۋكىڭغا خەت كىرگۈزىدىغان ۋە كىرگۈزۈلگەن خەتنى ئوقۇپ بېرىدىغان سىستېمىدىن بىرنى سوۋغا قىلغان. كېيىنچە، كومپيۇتېر ئىنژېنېرى دېيۋىد مېيسىن (David Mason) خاۋكىڭنىڭ چاقلىق ئورۇندۇقىغا ئاشۇ سىستېما قاچىلانغان كىچىك كومپيۇتېردىن بىرنى ئورنىتىپ بەرگەن ۋە خاۋكىڭ شۇ ئارقىلىق دېمەكچى بولغان مەقسىتىنى ئۇقتۇرۇشقا مۇۋەپپەق بولغان. بۇ ۋاقىتتا خاۋكىڭ ھەر مىنۇتتا تەخمىنەن 15 سۆزنى بىلدۈرەلەيتتى.

2005 - يىلى كېسىلى تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ كەتكەچكە، بارماقلىرى كارغا كەلمەس بولۇپ قالغان خاۋكىڭ مەزكۇر ئالاقە ئۈسكۈنىسىنى يۈز مۇسكۇلى ئارقىلىق باشقۇرۇشقا مەجبۇر بولغان ۋە مىنۇتىغا ئاران بىر خەت ئىپادىلەيدىغان بولۇپ قالغان.

ھالبۇكى، ھاياتىنىڭ كۆپ قىسمىنى يۇقىرىقىدەك كېسەللىكلەر ئىچىدە ئۆتكۈزگەن خاۋكىڭ كەمبرىج ئۇنىۋېرسىتېتى نەزەرىيەۋى ئالەمشۇناسلىق مەركىزىنىڭ تەتقىقات مۇدىرى بولغان ۋە بۇ جەرياندا ئىلىم - پەنگە نۇرغۇن تۆھپە قوشقان، جۈملىدىن روگېر پېنروز (Roger Penrose) بىلەن

ھەمكارلىشىپ، كەڭ مەنىدىكى نىسپىيلىك نەزەرىيەسى دائىرىسىدە پېنروز ـ خاۋكىڭ نەزەرىيەسىنى؛ شۇنداقلا، قارا ئۆڭكۈرلەر تارقاتقان رادىئاتسىيە (ھازىر خاۋكىڭ رادىئاتسىيەسى دەپ ئاتىلىدۇ) توغرىسىدىكى نەزەرىيىۋى مۆلچەرنى ئوتتۇرىغا قويغان. خاۋكىڭ يەنە كەڭ مەنىدىكى نىسپىيلىك نەزەرىيەسى ۋە كىۋانت مېخانىكىسى ئارقىلىق تەڭ چۈشەندۈرۈلگەن ئالەم نەزەرىيىسىنى تۇنجى بولۇپ ئوتتۇرىغا قويغان كىشىدۇر.

ئۇ 2018 ـ 3 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى جان ئۈزگەن.

## 2. ھېلېن كېلېر (Helen Keller)

ئامېرىكىلىق يازغۇچى، ئىجتىمائىي پائالىيەتچى ۋە ناتىق ھېلېن كېلېر 19 ئايلىق ۋاقتىدا، جىددىي خاراكتېرلىك مېڭىگە قان تولۇش سەۋەبىدىن ھەم قارىغۇ، ھەم گاس بولۇپ قالغان، سۆزلەش ئىقتىدارىمۇ تۇسقۇنلۇققا ئۇچرىغان. 1887 ـ يىلى، ئۇستازى ئاننى سۇلىۋاننىڭ (Anne Sullivan) سەۋرچانلىق بىلەن ئوقۇتۇشى، كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە مۇتەخەسسىسلەرنى تېپىپ ئۇنىڭ تەلەپپۇزنى ئۆگىنىشىگە شارائىت ھازىرلاپ بېرىشى نەتىجىسىدە، ھېلېن كېلېر راۋان سۆزلەشنى ئۆگەنگەن ۋە ئاندىن باشقا كىشىلەر بىلەن ئالاقە قىلىشقا ۋە مائارىپنى قوبۇل قىلىشقا باشلىغان. 1896 ـ يىلى، ھېلېن كېلېر 16 ياشقا كىرگەندە، دادىسى ئۆلۈپ كەتكەن. ئاننى سۇلىۋان ئۇنى چۈشكۈنلەشمەي، تىرىشىپ ئالىي مەكتەپكىچە ئوقۇشقا ئىلھاملاندۇرغان.

ئاننى سۇلىۋاننىڭ ئۇزۇن مۇددەت ھەمراھ بولۇشى ئاستىدا، ھېلېن كېلېر ئوقۇش ۋە سۆزلەشنى ئۆگىنىپلا قالماي، يەنە خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنى ھەيران قالارلىق شىجائەت بىلەن تاماملاپ، 1904 ـ يىلى ئوقۇش پۈتتۈرگەن ۋە تارىختا باكلاۋۇرلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن تۇنجى قارىغۇ ۋە گاس كىشى بولۇپ قالغان.

شۇنىڭدىن كېيىن، ھېلېن كېلېر يەنە فىرانسۇزچە، گېرمانچە، لاتىنچە ۋە گىرېكچە قاتارلىق تىللارنى ئۆگەنگەن ۋە كىشىلەر رىغبەتلەندۈرىدىغان تېمىلاردا نۇتۇق سۆزلەپ، داڭدار ناتىققا ئايلانغان.

ئۇنىڭ «ئۈچ كۈنلا كۆرەلىسەم» (Three days to see) دېگەندەك بىر يۈرۈش ئەسەرلىرى ھېلىھەم دۇنيا مىقياسىدا نۇرغۇن كىشىلەرگە ئىلھام بەخش ئەتمەكتە.

## 3. نىك ۋۇيىچىچ (Nick Vujicic)

نىك ۋۇيىچىچ 1982 ـ يىلى ئاۋستىرالىيەنىڭ مېلبۇرن شەھرىدە تۇغۇلغان بولۇپ، ئەسلى مىللىتى سېرب. ئۇ پۇت ـ قولى يوق، يەنى تولۇق پېتىلمىگەن ھالەتتە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ ئۆز تەرجىمىھالىدا كۆرسىتىلىشىچە، ئەينى چاغدا، سېستىرا نىك ۋۇيىچىچنى ئاپىسىنىڭ ئالدىغا ئاپارغاندا، ئاپىسى ئۇنىڭغا

قاراشقا، ھەتتا تۇتۇپ بېقىشقىمۇ جۈرئەت قىلالمىغان. ئەمما، ئەر ـ ئايال ئىككىيلەن ئاخىرى بۇ ئەھۋالنى قوبۇل قىلغان ۋە بۇنى «تەڭرىنىڭ بالا ئۈچۈن پىلانلىغان پۇتۇۋەتكىنى» دەپ چۈشەنگەن. نىك ۋۇيىچىچنىڭ شەكلى ئۆزگىرىپ كەتكەن ئىنتايىن كىچىك پۇتى بار. ئۇ تۇغۇلغاندا پۇت بارماقلىرى بىرىكىپ كەتكەن بولۇپ، كېيىن پۇت بارماقلىرىنى ئايرىش ئوپېراتسىيەسى قىلدۇرغان. ئۇ ھازىر پۇتى ئارقىلىق ئېلېكترونلۇق چاقلىق ئورۇندۇق، كومپيۇتېر ۋە يانفون قاتارلىقلارنى ئىشلىتەلەيدۇ. مەكتەپتە ئوقۇغان مەزگىللىرىدە، بىر قىسىم ساۋاقداشلىرى نىك ۋۇيىچىچنىڭ تاشقى قىياپىتى سەۋەبىدىن ئۇنى بوزەك ۋە مەسخىرە قىلغان. ھەتتا، نىك ۋۇيىچىچ شۇ سەۋەبلىك چۈشكۈنلىشىپ، ئۆلۈۋېلىشقىمۇ ئۇرۇنغان ـ يۇ، ئەمما مەغلۇپ بولغان.

ئۇ 17 ياشقا كىرگەندە، ئاپىسى ئۇنىڭغا ئېغىر دەرىجىدىكى مېيىپ ئەرنىڭ ئىش ـ ئىزلىرى بېسىلغان بىر پارچە گېزىتنى كۆرسەتكەن. شۇنىڭ بىلەن، نىك ۋۇيىچىچ يالغۇز ئۆزىنىڭلا مېيىپ ئەمەسلىكىنى قايتىدىن ھېس قىلىپ، ئۆز قىممىتىنى نامايەن قىلىپ ياشاش ئىستىكى ئۇرغۇغان.

نىك 19 ياشقا كىرگەندە، ئۆزىگە نۇتۇق سۆزلەش پۇرسىتى بېرىش ئۈچۈن تېلېفون ئارقىلىق مەكتەپكە ئىلتىماس سۇنغان. ئەمما، مەكتەپ دائىرىلىرى ئۇنىڭ ئىلتىماسىنى رەت قىلغان. ئۇ ئۇدا 52 قېتىم رەت قىلىنغاندىن كېيىن، 53 ـ قېتىم، ئۇنىڭغا بەش مىنۇتلۇق نۇتۇق سۆزلەش پۇرسىتى ۋە ئەللىك دوللار نۇتۇق ھەققى بېرىلگەن. ئۇنىڭ نۇتۇق سۆزلەش ھاياتى ئەنە شۇنداق باشلانغان.

كېيىن نىك ۋۇيىچىچ 21 يېشىدا گىرىفىس (Griffith) ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ بوغالتىرلىق ۋە مالىيە پىلانى كەسپىدە باكلاۋۇرلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن.

ئۇ 2005 ـ يىلى «پۇت ـ قولسىز ھايات» (Life Without Limbs) ناملىق پايدا كۆزلىمەيدىغان خەلقئارالىق تەشكىلاتنى قۇرغان.

ئۇ ھازىرغىچە تۆرلۈك سۇپىلاردا كىشىلەرنى رىغبەتلەندۈرىدىغان نۇتۇقلارنى سۆزلەپ تۇرۇۋاتىدۇ. ئۇنىڭ بازار تاپقان بىر قانچە پارچە كىتابىمۇ بار.

**4. رالف براۋن (Ralph Braun)**

ئامېرىكادىكى مېيىپلارغا قولايلىق ئۇسكۈنىلەرنى ئىشلەپچىقىرىدىغان داڭلىق «براۋن شىركىتى»نىڭ قۇرغۇچىسى رالف براۋن ئىندىيانا شتاتىنىڭ ۋىناماك شەھىرىدە تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان.

ئۇ ئالتە ياشقا كىرگەندە، دوختۇرلار ئۇنىڭغا مۇسكۇل يىگىلەش كېسىلى دەپ دىياگنوز قويغان. ئۇ 14 يېشىدىن باشلاپ چاقلىق ئورۇندۇق ئىشلىتىشكە باشلىغان. 15 ياش ۋاقتىدا، ئۇ چاقلىق ئورۇندۇق بىلەن بارغىلى بولمايدىغان جايلارغا بېرىشتا ئىشلىتىش ئۈچۈن، دادىسى بىلەن بىللە توكلۇق ھارۋا ياساپ چىققان. بەش يىلدىن كېيىن، براۋن نەۋرە تۇغقىنىنىڭ دېھقانچىلىق مەيدانىدىكى ھەرخىل زاپچاسلاردىن پايدىلىنىپ، «Tri ـ Wheeler» دەپ ئاتىلىدىغان كىچىك تىپتىكى ئېلېكترونلۇق ئۈچ

چاقلىق موتوسكلىت ياساپ چىققان ۋە شۇ موتوسكلىتنى مىنىپ يېقىن ئەتراپتىكى بىر زاۋۇتقا بېرىپ ـ كېلىپ، سۇپەت كونترول دىرېكتورى بولۇپ ئىشلىگەن. كېيىن بۇ زاۋۇت بىر نەچچە ئىنگلىز مىلى يىراقلىققا كۆچۈپ كەتكەندە، ئۇ پوچتىخانىنىڭ كونا جىپ ماشىنىسىنىڭ ماي كىلاپانى ۋە تورمۇزلىرىنى قول بىلەن كونترول قىلىنىدىغان قىلىپ ئۆزگەرتكەن ۋە ماشىنىنىڭ ئارقا ئىشكىگە سۇيۇقلۇق بېسىمى ئارقىلىق چىقىپ ـ چۈشىدىغان لىفت ئورنىتىپ، باشقىلارنىڭ ياردىمىسىز هالدا ئۈچ چاقلىق موتوسكلىتنى ماشىنىغا مىنىپ چىقىپ، مىنىپ چۈشۈش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشكەن.

1970 ـ يىلى «Dodge» شىركىتى تۇنجى چوڭ تىپلىق، موتورى ئالدى تەرەپكە جايلاشقان يۈك ماشىنىسىنى بازارغا سالغان. براۋن مەزكۇر يۈك ماشىنىسىغا لىفت بېكىتىپ، ئۇنى مېيىپلارنىڭ ئىشلىتىشى ئۈچۈن قولايلاشتۇرغان. بۇ يېڭى كەشپىيات توغرىسىدىكى خەۋەر تارالغاندىن كېيىن، براۋن مەملىكەتنىڭ هەرقايسى جايلىرىدىن زاكاس ئېلىش ئۈچۈن، دادىسىنىڭ رېمونتخانىسىدىكىلەردىن بىر گۇرۇپپا تەشكىللىگەن. كەلگەن زاكاسلارنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، براۋن پۈتۈن كۆڭلۈك خىزمىتىنى تاشلاپ، مۇشۇ ئىش بىلەن مەشغۇل بولۇشنى قارار قىلغان.

براۋن شۇ تەرىقىدە تەرەققىي قىلىپ، 1991 ـ يىلى چاقلىق ئورۇندۇق بىلەن چىقىپ چۈشكىلى بولىدىغان تۇنجى بولكىۋاينى ياساپ چىققان ۋە تەدرىجىي هالدا بۇ ساهەدىكى ئالدىنقى قاتاردىكى كارخانىچىلاردىن بولۇپ قالغان.

2012 ـ يىلى 5 ـ ئايدا، ئامېرىكا پرېزىدېنتى باراك ئوباما ئۇنى «ئىسلاهات سەركىسى» دەپ ئاتىغان.

ئۇ 2013 ـ يىلى ئىندىيانا شتاتىنىڭ پۇلاسكى ناهىيەسىدە جان ئۈزگەن.

### 5. لۇيىس برايىل (Louis Braille)

لۇيىس برايىل دۇنيا مىقياسىدا ئەمالار ۋە كۆرۈش قۇۋۋىتى توسالغۇغا ئۇچرىغانلار تەرىپىدىن ئىشلىتىلىدىغان «برايىل كۆپمە يېزىق سىستېمىسى»نىڭ ئىجادچىسىدۇر.

1809 ـ يىلى فرانسىيەنىڭ كۇۋپىرىي شەهرىدە تۇغۇلغان برايىل ئۈچ ياش ۋاقتىدا دادىسىنىڭ ئىش ئورنىدا تىككۈچىلىك بىگىزنى ئويناۋاتقاندا، سول كۆزىگە بىگىز سانجىلىپ كەتكەنلىكتىن كاردىن چىققان. كېيىن ئۇنىڭ ئوڭ كۆزىمۇ نېرۋا خاراكتېرلىك كۆز ياللۇغى بىلەن ياللۇغلىنىپ، تۆت ياشلىق برايىل تەلتۆكۈس ئەما بولۇپ قالغان. لېكىن، ئۇ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ قوللىشى بىلەن مەكتەپكە ئوقۇشقا كىرىپ، ئوقۇش ۋە يېزىشنى ئۆگەنگەن.

برايىل ئون ياشقا كىرگەندە، پارىژدا ئوقۇش مۇكاپاتى ئېلىپ ئوقۇش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن. مەزكۇر ئىنستىتۇت دۇنيادىكى ئەمالار ئوقۇتۇلىدىغان تۇنجى مەكتەپ ئىدى. بۇ ئوقۇش مۇكاپات پۇلى سەۋەبلىك، ئۇ پارىژ كوچىلىرىدا تىلەمچىلىك قىلىدىغان باشقا قارىغۇلارنىڭكىدەك قىسمەتتىن قۇتۇلۇپ قالغان ئىدى.

بۇ مەكتەپتە ئوقۇغۇچىلار بىر قىسىم ئاساسلىق ھۈنەر ـ سەنئەت ماھارەتلىرىنى ۋە ئاددىي سودا بىلىملىرىنى ئۆگىنەلەيتتى. ئۇلار يەنە (ئاشۇ مەكتەپنىڭ قۇرغۇچىسى ۋالېنتىن خاۋ تەرىپىدىن كەشىپ قىلىنغان) كۆپمە ھەرپلەرنى سىزىش ئارقىلىق ئوقۇشنى ئۆگىنەتتى. ئەمما، بۇ كۆپمە ھەرپلەر مىس سىم ئارقىلىق قەغەزگە بېسىپ چىقىرىلىدىغان بولغاچقا، ئوقۇغۇچىلار بۇ ھەرپلەرنى قانداق يېزىشنى ئۆگىنەلمىگەنىدى.

1821 ـ يىلى، چارلىز باربىر ئىسىملىك سابىق دېڭىز ئارمىيەسى ئوفىتسېرى برايىل ئوقۇۋاتقان مەكتەپنى زىيارەت قىلغان ۋە كۆپچىلىككە ئۆزى ئىجاد قىلغان كېچە يېزىقى كودلىرىنى تونۇشتۇرغان. مەزكۇر سىستېما ئوخشىمىغان 12 خىل كۆپمە نۇقتا ئارقىلىق مەنە ئىپادىلەيدىغان بولۇپ، ئۇ ئەسكەرلەرنى جەڭ مەيدانىدا تىۋىشسىز ھالدا يۇقىرى دەرىجىلىك مەخپىيەتلىكلەرنى ئۆزئارا يەتكۈزۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغانىدى. ھالبۇكى، ئەسكەرلەرمۇ تەستە ئۆگىنىدىغان بۇ خىل كودنى برايىل تېزلا ئۆگىنىۋالغان.

شۇ يىلى، برايىل دادىسىنىڭ تىككۈچىلىك بىگىزى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ كۆپمە يېزىق سىستېمىسىنى ئىجاد قىلىشقا باشلىغان ۋە 15 ياشقا كىرگەندە ئۇنى تاماملىغان. مەزكۇر سىستېما يۇقىرىدا قەيت قىلىنغان ئوفىتسېرنىڭكىگە قارىغاندا تېخىمۇ ئاددىيلاشتۇرۇلغان بولۇپ، ھەرپلەر ئالتە نۇقتا ئارقىلىقلا ئىپادىلىنەتتى. شۇنداقلا، مەزكۇر سىستېمىدا «12 نۇقتا سىستېمىسى»دىكىگە ئوخشاش، بارماقنى يۆتكەشتە بىلىشكە تېگىشلىك زۆرۈر قائىدىلەر يوق بولۇپ، قولى بىلەن شۇ ئالتە نۇقتىنى سىلىغان كىشى ئۇنىڭ قايسى ھەرپكە ۋەكىللىك قىلىدىغانلىقىنى دەرھال بىلەلەيتتى، شۇنداقلا مەزكۇر سىستېما ئارقىلىق ھەم ئوقۇغىلى، ھەم يازغىلى بولاتتى.

برايىل ئەمالار مەكتىپىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئىزچىل مەزكۇر مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. گەرچە برايىل مەكتەپتە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھۆرمىتىگە ۋە ياخشى كۆرۈشىگە نائىل بولغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ھايات ۋاقتىدا مەزكۇر سىستېمىنى ئۇ مەكتەپتە ئۆگىتىشكە يول قويۇلمىغاچقا، بۇ سىستېما شۇ ۋاقىتتا كەڭ كۆلەمدە ئومۇملىشالماستىن، پەقەت قىسمەن ئوقۇغۇچىلار خۇپىيانە ھالدا برايىلدىن بۇ يېزىق سىستېمىسىنى ئۆگەنگەن. 1852 ـ يىلى ئۆپكە تۇبېركۇليوزىغا گىرىپتار بولغان برايىل كېسەل ئازابىنى يەتكۈچە تارتقاندىن كېيىن 42 يېشىدا ۋاپات بولغان.

1879 ـ يىلى بېرلىندا ئۆتكۈزۈلگەن «خەلقئارالىق ئەما ئوقۇتقۇچىلار قۇرۇلتىيى»دا برايىل ئىجاد قىلغان كۆپمە يېزىق سىستېمىسىنى قوللىنىش قارار قىلىنغان. نۆۋەتتە، برايىلنىڭ كۆپمە يېزىق سىستېمىسى مەۋجۇت تىللارنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك قوللىنىلىپ، دۇنيادىكى كۆرۈش قۇۋۋىتى توسالغۇغا ئۇچرىغانلارنىڭ ئەڭ ئاساسلىق ئالاقە ئۇسۇلىغا ئايلاندى.

كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، يۇقىرىدىكى شەخسلەرنىڭ ھەممىسىدىكى ئورتاق نۇقتىلاردىن بىرى شۇكى، ئۇلار ئۆزىدىكى جىسمانىي مېيىپلىق سەۋەبلىك چۈشكۈنلىشىپ كەتمىگەن، ھەتتا پۇل ـ قولى ساغلام نۇرغۇن كىشىلەرگە ئوخشاش ئۆزى ھەققىدىلا باش قاتۇرۇپ، ياشاپ ئۆتۈپ كەتمەستىن، ئۆزىدىن باشقىلارغا، جەمئىيەتكە كۆڭۈل بۆلگەن ۋە ئومۇمغا مەنپەئەت يەتكۈزۈش يولىدا كۆرۈنەرلىك نەتىجە

ياراتقان ياكى يارىتىۋاتقانلاردۇر. بۇلارنى كۆرگەندىن كېيىن، ھېچبىرىمىزنىڭ داۋاملىق چۈشكۈنلىشىشكە، مەغلۇبىيەتكە باھانە ئىزدەشكە، ئۆزىمىزنى ۋە مىللەتنى كۈچلەندۈرۈش يولىدا ئەمەلىي قەدەم ئالماسلىققا ھېچبىر باھانىمىز يوقتۇر.

**ئۆتكۈر ئالماس تەييارلىدى**

مەنبەلەر:


https://en.wikipedia.org/wiki/Stephen_Hawking

https://en.wikipedia.org/wiki/Helen_Keller

https://en.wikipedia.org/wiki/Nick_Vujicic

https://en.wikipedia.org/wiki/Ralph_Braun

https://en.wikipedia.org/wiki/Louis_Braille



# ئامېرىكا ۋە خىتاي دېڭىز ئارمىيىلىرى ئارىسىدىكى كۈچ تەڭپۇڭسىزلىقىغا نەزەر

ستىۋن ستاشۋىك

# ئامېرىكا ۋە خىتاي دېڭىز ئارمىيىلىرى ئارىسىدىكى
# كۈچ تەڭپۇڭسىزلىقىغا نەزەر

**ستىۋېن ستاشۋىك**

ئامېرىكانىڭ پاراخوتلىرى (خىتاينىڭكىدىن) ئاز بولسىمۇ، ئەمما سۈپەت جەھەتتە ئەۋزەللىككە ئىگە. لېكىن، بۇ ئەۋزەللىك (خىتاي بىلەن بولغۇسى) ئۇرۇشتا يېڭىش چىقىش ئۈچۈن يېتەرلىكمۇ؟

ئامېرىكا دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ سېكرېتارى (Secretary of the Navy) كارلوس دېل تورو (Carlos Del Toro) 10 ـ ئايدا ئامېرىكا دېڭىز ئارمىيەسىگە ۋە دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ قۇرۇقلۇقتا جەڭ قىلغۇچى قىسمىغا ئىستراتېگىيىلىك يوليورۇق بېرىپ، خىتاينىڭ ئامېرىكا دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ ئىستراتېگىيىلىك مۇھىم رەقىبى ئىكەنلىكىنى ۋە تۈزۈلمە ئىسلاھاتى جەھەتتىكى تەشكىلىي پرىنسىپىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇپ، «بىز چوقۇم ئۇرۇش قىلىش ۋە مەبلەغ سېلىش ئىستراتېگىيىمىزنى ياخشى پىلانلاش ئارقىلىق، بارغانسېرى قىستاپ كېلىۋاتقان بۇ خىرىسقا تاقابىل تۇرۇشىمىز كېرەك» دېدى.

ئۇ خىتاينىڭ ئامېرىكا دېڭىز ئارمىيەسى دۇچ كەلگەن ئۇزاق مۇددەتلىك ئەڭ چوڭ خىرىس ئىكەنلىكىنى تەكىتلىدى.

دېل تورو ئامېرىكا دېڭىز ئارمىيەسى ۋە دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ قۇرۇقلۇقتا جەڭ قىلغۇچى قىسمى دۇچ كەلگەن مەسىلىنىڭ نېگىزى توغرىسىدا توختىلىپ شۇنداق دېدى: «بىز تۇنجى قېتىم ـــ ھېچبولمىغاندا بۇ دەۋردە ـــ ئۆزىمىز بىلەن رىقابەتلەشكۈدەك دېڭىز ئارمىيەسى كۈچىگە ئىگە ۋە ئۇنى ئامېرىكانىڭ پرىنسىپلىرى، ھەمكارلىقلىرى ۋە گۈللىنىشىگە خىرىس قىلىش جەھەتتە ئۇرۇشخۇمارلىق بىلەن ئىشلىتىشكە ئۇرۇنۇۋاتقان ئىستراتېگىيىلىك رەقىبكە دۇچ كەلدۇق».

ئامېرىكا دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقىنىڭ ئالدىنقى ھەپتە ئېلان قىلىنغان، خىتاينىڭ ھەربىي پائالىيەتلىرى توغرىسىدىكى يىللىق دوكلاتى خىتاي دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ ئامېرىكا دېڭىز ئارمىيەسىگە سېلىشتۇرغاندا كۆنسېرى كۈچىيىۋاتقان ئىقتىدارىنى ئوپئوچۇق كۆرسىتىپ بەردى. مەزكۇر دوكلاتتىكى ئەڭ مۇھىم بايقاش بەلكىم خىتاينىڭ 2030 ـ يىلىغا بارغاندا، يادرو قوراللار ئامبىرىنى ھازىرقىدىن ئىككى ھەتتا ئۈچ ھەسسە كېڭەيتىشى مۇمكىنلىكى توغرىسىدىكى پىچىلانغان مۆلچەر بولۇشى مۇمكىن. بۇ مۆلچەر مۇشۇ يىل يازدا خىتاي چوڭ قۇرۇقلۇقىدا چوڭ تىپتىكى يېڭى باشقۇرۇلىدىغان بومبا قويۇپ بېرىش قۇدۇقى ياسىلىۋاتقانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەر ئاشكارىلانغاندىن كېيىنلا ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

مەزكۇر دوكلاتتىكى يەنە بىر يارقىن نۇقتا ختاي دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ كۆلىمى توغرىسىدىكى مۆلچەر بولۇپ، بۇ جەھەتتە ـــ ختاينىڭ (ئاداقىى) يادرو پىلانى توغرىسىدىكى مۆلچەرگە ئوخشاشلا ـــ ئامېرىكا دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقىنىڭ 2020 ـ يىلىدىكى دوكلاتىغا قارىغاندا خېلى كۆپ ئۆزگىرىش بولغان.

بۇلتۇرقى دوكلاتتا 350 ئۇرۇش پاراخوتى بار ختاي فىلوتىنىڭ دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ فىلوت ئىكەنلىكى، ئامېرىكا دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ بولسا 293 دانە ئۇرۇش پاراخوتى بارلىقى تەكىتلەنگەن بولسىمۇ، ئەمما دوكلاتتا ختاي دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ يەنە قانچىلىك كۆلەمدە ياكى تېزلىكتە كېڭىيىدىغانلىقى توغرىسىدا مۆلچەر ئوتتۇرىغا قويۇلمىغانىدى. بۇ يىلقى دوكلاتتا، ختاي دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ 355 دانە ئۇرۇش پاراخوتى بارلىقى كۆرسىتىلدى (ئامېرىكا فىلوتىنىڭ هازىر 294 دانە ئۇرۇش پاراخوتى بار).

«355 دانە پاراخوت» دېگەن بۇ سان ئامېرىكا ئۈچۈن مۇھىم سىياسىي ئەھمىيەتكە ئىگە، چۈنكى بۇ دەل ئامېرىكا دېڭىز ئارمىيەسى ترامپ ھۆكۈمىتى دەۋرىدە ئوتتۇرىغا قويغان نىشان ئىدى. ئامېرىكا دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ 2020 ـ يىلىدىكى ئەڭ ئاخىرقى فىلوت قۇرۇلمىسى تەتقىقاتىدا 2035 ـ يىلىغىچە ئۇرۇش پاراخوتىنىڭ سانىنى 355 كە يەتكۈزۈش پىلانى (ئەمما، بۇ پىلانىغا مەبلەغ ئاجرىتىلمىغان)؛ شۇنداقلا 2045 ـ يىلىغا بارغاندا 500 دانە ئەنئەنىۋى ئۇرۇش پاراخوتى ۋە ئادەمسىز سۇپىلاردىن (unmanned platform) تەشكىل تاپقان دېڭىز فىلوتى قۇرۇش پىلانى ئوتتۇرىغا قويۇلغانىدى.

دېڭىز فىلوتىدا بىر يىلدا بەش پاراخوتنىڭ كۆپىيىشى خېلى زور نەتىجە بولسىمۇ، ئەمما تېخىمۇ مۇھىمى، مەزكۇر دوكلاتتا ختاي فىلوتىنىڭ ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ 2025 ـ يىلىغا بارغاندا 420 پاراخوتقا (بۇ پەۋقۇلئاددە ھالقىش ھېسابلىنىدۇ)؛ 2030 ـ يىلىغا بارغاندا 460 پاراخوتقا يېتىشى مۇمكىنلىكى مۆلچەرلەنگەن. ھالبۇكى، شۇ چاغقا (يەنى 2030 ـ يىلىغا) بارغاندا، ئامېرىكا دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ ختاي دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ هازىرقى (355 پاراخوتلۇق) كۆلىمىگە يېتىشىگە يەنىلا بەش يىل بار بولىدۇ. (يەنە كېلىپ، بۇ پىلان ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى تەرىپىدىن تولۇق مەبلەغ بىلەن تەمىنلەنمىگەن).

گەرچە ئامېرىكا دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ پاراخوتلىرىنىڭ سانى ئاز بولسىمۇ، ئەمما بۇ پاراخوتلار يەنىلا ختاينىڭ كۆپىنچە پاراخوتلىرىغا قارىغاندا سۈپەت ئەۋزەللىكىگە ئىگە؛ ئامېرىكانىڭ ئاۋىياماتكىلىق زەربە بېرىش گۇرۇپپىسىدىن ئونى بار (پات يېقىندا 11 بولىدۇ)، ختاينىڭ بولسا ئىقتىدارى بۇلارنىڭكىدىن كۆپ ئاجىز بولغان ئاۋىياماتكىلىق زەربە بېرىش گۇرۇپپىسىدىن ئاران ئىككىسى بار (يەنە كېلىپ، بۇلاردىن بىرى ئاساسلىقى مەشىققە ئىشلىتىلىۋاتىدۇ)؛ ئامېرىكا فىلوتىدىكى ئىلغار سۇ يۈزى ئۇرۇش پاراخوتلىرى (قوغلىغۇچى پاراخوت ۋە چارلىغۇچى پاراخوت) يەنىلا ختاينىڭكىنىڭ ئۈچ ھەسسىسىگە تەڭ.

ئەمما، نىسبەتەن ئاجىز قوشۇنلارنىڭ سانى يېتەرلىكلا بولسا، ئۆزىدىن ئىلغار قوشۇنلارنى مەغلۇپ قىلالايدۇ. يەنە كېلىپ، ئامېرىكانىڭ ئەڭ ئىلغار ئۇرۇش پاراخوتلىرى جەھەتتىكى (ختايغا قارشى) ئەۋزەللىكى بارغانسېرى كىچىكلەۋاتىدۇ.

خىتاي دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ مۇشۇ يىل 12 ـ ئايدا تۆتىنچى ئەۋلاد 055 تىپلىق قوغلىغۇچى پاراخوتنى ئىشقا كىرىشتۈرۈشى مۆلچەرلەنمەكتە. گەرچە مەزكۇر پاراخوت «قوغلىغۇچى پاراخوت» دەپ تونۇشتۇرۇلغان بولسىمۇ، ئەمما خىتاينىڭ 052C تىپلىق ۋە 052D تىپلىق ئىلغار قوغلىغۇچى پاراخوتلىرىغا سېلىشتۇرغاندا، سۇ سىقىپ چىقىرىش مىقدارى 12000 توننا بولغان، قوماندانلىق ـ كونترول قىلىش ئىقتىدارى تېخىمۇ كۈچلۈك، تېخىمۇ تىك هالەتتە باشقۇرۇلىدىغان بومبا قويۇپ بەرگۈچ سەپلەنگەن 055 تىپلىق بۇ پاراخوت ئامېرىكا دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ تايكوندېروگا (Ticonderoga) دەرىجىلىك چارلىغۇچى پاراخوتىغا تېخىمۇ بەكرەك ئوخشايدۇ. خىتاينىڭ 055 تىپلىق پاراخوتتىن 16 نى ياسايدىغانلىقى مۆلچەرلەنمەكتە. بۇ پاراخوتلار خىتاينىڭ يېڭى ئاۋىياماتكىلىق زەربە بېرىش گۇرۇپپىسىدا مۇهىم هاۋا مۇداپىئەسى ۋە پاراخوتلارنى قوغداش رولىنى ئوينايدۇ.

ئامېرىكا دېڭىز ئارمىيەسىدە ئاكتىپ ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان چارلىغۇچى پاراخوتتىن هېلىهەم 22 سى بار. ئەمما، ئامېرىكانىڭ مۇلازىمەت ئۆمرى ئاخىرلىشاي دەپ قالغان، 2025 ـ يىللاردا ۋەزىپە ئىجرا قىلىشتىن توختىتىلىدىغان تايكوندېروگا دەرىجىلىك چارلىغۇچى پاراخوتلىرىغا سېلىشتۇرغاندا، خىتاينىڭ 055 تىپلىق پاراخوتلىرى يېپيېڭىدۇر. شۇنداقلا، ئامېرىكانىڭ كونراپ كەتكەن چارلىغۇچى پاراخوتلىرىنىڭ ئورنىغا يېڭىسىنى سەپلەش توغرىسىدىكى مۇشكۈل مۇجادىلە يىگىرمە يىلنىڭ ياقى داۋاملىشىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما تونۇشنىڭ يېتەرسىزلىكى ۋە دۆلەت مەجلىسىنىڭ بۇنىڭغا (پاراخوت يېڭىلاشقا) كېتىدىغان تەننەرختىن چۆچۈپ كەتكەنلىكى سەۋەبلىك، ئىزچىل هالدا (پاراخوت يېڭىلاشقا ئەمەس، بەلكى) مەۋجۇت تايكوندېروگا دەرىجىلىك پاراخوتلارنى زامانىۋىلاشتۇرۇشقا ۋە ئىشلىتىلىش ئۆمرىنى ئۇزارتىشقا كۈچەپ كېلىندى.

ئامېرىكا دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ پات ئارىدا يېتىپ كېلىدىغان ئۇشبۇ «چارلىغۇچى پاراخوت پەرقى»نى هەل قىلىش جەهەتتىكى ئەڭ يېڭى چارىسى زۆرۈر بولغان هاۋا مۇداپىئەسى ۋە قوماندانلىق فۇنكسىيەسىنى تايكوندېروگا دەرىجىلىك چارلىغۇچى پاراخوت ۋە ئارلېي بېرك (Arleigh Burke) دەرىجىلىك قوغلىغۇچى پاراخوتنىڭ ئورنىنى ئالىدىغان كېيىنكى ئەۋلاد قوغلىغۇچى پاراخوتقا بىرلەشتۈرۈپ سەپلەشتۇر. ئەگەر ئامېرىكا دېڭىز ئارمىيەسى نۆۋەتتىكى ۋاقىت جەدۋىلى بويىچە ئىش كۆرسە، تۇنجى يېڭى تىپلىق قوغلىغۇچى پاراخوتى 2032 ـ يىلى تەييار بولىدۇ. شۇ چاغقا بارغاندا، تايكوندېروگا دەرىجىلىك چارلىغۇچى پاراخوتلارنىڭ 2020 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدا تېخىمۇ تېز ئىشتىن چېكىندۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ، ئۈچىنچى ئەۋلاد ئارلېي بېرك (Arleigh Burke) دەرىجىلىك قوغلىغۇچى پاراخوتنىڭ ئامېرىكا دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ زەربە بېرىش گۇرۇپپىسىدا ئاساسلىق چارلىغۇچى پاراخوتلۇق رولىنى ئوينىشى مۆلچەرلەنمەكتە.

ئامېرىكا دېڭىز ئارمىيەسى مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلىلىرىدىن بىرى شۇكى، گەرچە ئامېرىكانىڭ تايكوندېروگا دەرىجىلىك پاراخوتلارغا ئوخشاش پاراخوتلىرى خىتاينىڭ هەربىي پاراخوتلىرىغا قارىغاندا تېخىمۇ ئىقتىدارلىق بولسىمۇ، ئەمما كۆپىنچىسى كونىراپ قالغاچقا، تېخىمۇ كۆپ

چىقىم قىلىپ ئاسراشقا موھتاج، شۇنداقلا بۇ پاراخوتلار خىتاي دېڭىز ئارمىيەسىدىكى پاراخوتلارغا قارىغاندا بالدۇر ئىشتىن چېكىندۈرۈلىدۇ.

ئەمما، خىتاي دېڭىز ئارمىيەسىنى مەۋجۇت ـــ ھەتتا تېخىمۇ تېز ـــ سۈرئەت بىلەن زورىيىدۇ، دەپ قاراش توغرا بولۇشى ناتايىن. چۈنكى، كەلگۈسى 10 يىلدىن 15 يىلغىچە، خىتاينىڭ پاراخوت زاۋۇتلىرى مەۋجۇت ئىشلەپچىقىرىش سۈرئىتىنى ساقلاپ قالالماسلىقى مۇمكىن. بۇنداق بولۇشىدىكى سەۋەب شۇكى، خىتاي دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ مەۋجۇت پاراخوتلىرىمۇ كونىرايدۇ ۋە بۈگۈن ئامېرىكا پاراخوتلىرىغا كېتىۋاتقاندىنمۇ كۆپرەك ئاسراش تەننەرخى سەرپ قىلىشنى تەقەززا قىلىدۇ. ئۇ ۋاقىتتا، خىتاي دېڭىز ئارمىيەسى كونا پاراخوتلارنىڭ زامانىۋىلىشىشى ۋە رېمونت قىلىنىشىغا شارائىت ھازىرلاش ئۈچۈن يېڭى پاراخوت ئىشلەپچىقىرىش سۈرئىتىنى ئاستىلىتىشى، ياكى تېخىمۇ يېڭى ۋە ئىلغار ئۇرۇش پاراخوتلىرىنى ئىشلەپچىقىرالاش ئۈچۈن، ئوتتۇرا مەزگىللىك چوڭ رېمونت قىلىشقا موھتاج بولغان پاراخوتلارنى تۈركۈملەپ ئىشتىن چېكىندۈرۈشى مۇمكىن. بۇ خىل ئەھۋالدا، خىتاي فىلوتى تېخىمۇ ياشىرىدۇ، ئىقتىدارىمۇ ئاشىدۇ، ئەمما شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇنىڭ ئامېرىكا مۆلچەرلىگەن (تېخىمۇ ئىلغار) سەۋىيەگە يېتىشىمۇ توسقۇنلۇققا ئۇچرايدۇ.

ھالبۇكى، بۇ ئىككىلا خىل ئەھۋالدا، خىتاي دېڭىز ئارمىيەسى داۋاملىق ھالدا سان جەھەتتە ئامېرىكا دېڭىز ئارمىيەسىدىن تېخىمۇ ئۈستۈن ۋە كۈنسېرى كۈچىيىۋاتقان قوشۇن بولۇپ قالىدۇ.

ئىنگلىزچىدىن ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمە قىلدى

مەنبە:

https://www.japantimes.co.jp/opinion/2021/11/10/commentary/world - commentary/growing - naval - /imbalance - expanding - chinese - aging - american - fleets



# ھەدىس ھەققىدە بايانلار

ھاجى ئەكبەر مۇھەممەدنىياز

## ھەدىس ھەققىدە بايانلار

### ھاجى ئەكبەر مۇھەممەدنىياز

### (خاتىمە)

### 2 . ھازىرقى دەۋردىكى سۈننەت ۋە ھەدىس ئىنكارچىلىرى:

### 1 . شەرقشۇناسلار :

«شەرقشۇناس» دېگەن بۇ ئاتالغۇ ئۇيغۇرلار ئىچىدە خېلىلا سالمىقى ئېغىر سەلبىي ئاتالغۇ بولۇپ، بۇنداق بولۇشىنىڭ سەۋەبى يەنىلا بۇ سۆزنى ئەڭ بۇرۇن كىملەردىن قوبۇل قىلغىنىمىز بىلەن مۇناسىۋەتلىك. شۇڭا بىز ئالدى بىلەن ھەر قايسى تىللاردا تۈزۈلگەن لۇغەتلەردە «شەرقشۇناس»، «شەرقشۇناسلىق» دېگەن بۇ ئاتالغۇلارنىڭ قانداق ئىزاھلانغانلىقىغا بىر قاراپ باقايلى. «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھاتلىق لۇغىتى»دە بۇ ئاتالغۇلارغا مۇنداق ئىزاھ بېرىلگەن: «شەرقشۇناس: ئىسىم(ئە+پ)، شەرقتىكى مەملىكەتلەرنىڭ تارىخى، تىل ـ يېزىقى، ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيىتى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىدىغان مۇتەخەسسىس، ئالىم»، «شەرقشۇناسلىق: ئىسىم (ت)،شەرقتىكى (ئاسىيا، شەرقى شىمالىي ئافرىقىدىكى) ھەرقايسى مەملىكەتلەرنىڭ تارىخى، تىل ـ يېزىقى ۋە ماددىي، مەنىۋى مەدەنىيىتى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىدىغان پەنلەرنىڭ ئورتاق نامى. 16 ـ ، 17 ـ ئەسىرلەردىكى غەرب كاپىتالىزمى سىرتقا كېڭەيگەن مەزگىللەردە بارلىققا كېلىپ، 18 ـ ، 19 ـ ئەسىرلەرگە كەلگەندە قەدىمكى يېزىقلار ترانسكرىپسىيەسىدىكى ئۇتۇقلارغا ئەگىشىپ زور دەرىجىدە تەرەققىياتقا ئېرىشكەن ۋە مىسىرشۇناسلىق، ئاسسۇرىيەشۇناسلىق قاتارلىق تارماق پەنلەر شەكىللىنىشكە باشلىغان».

خىتايچە «ئوكيانۇس»تا «شەرقشۇناسلىق» دېگەن سۆز ھەققىدە مۇنداق دېيىلگەن: «شەرقشۇناسلىق يېقىنقى زامان غەرب دۇنياسىدا بارلىققا كەلگەن. 16 ~ 18 ـ ئەسىرلەر پىشىپ يېتىلىش باسقۇچى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئاۋۋال بىر قىسىم ياۋروپالىق سودىگەرلەر، دىن تارقاتقۇچىلار ۋە ئېكسپېدىتسىيەچىلەر شەرقتىكى ھەرقايسى ئەللەر ھەققىدە خاتىرىلەرنى يازغان».

بۇلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، شەرقشۇناسلىق ـ ئامېرىكالىق ۋە ياۋروپالىقلارنىڭ شەرق دەپ قارالغان رايونلاردىكى دۆلەت ھەم ئىنسانلار توپىنىڭ مەدەنىيەت، ئىقتىساد، سىياسەت، جۇغراپىيەلىك ئالاھىدىلىكىنى تەتقىق قىلىش داۋامىدا شەكىللەنگەن ئىلىم. بۇ تەتقىقات قوشۇنىنىڭ ئىچىدە يەنە خېلى كۆپ ساندا شەرقنىڭ ئۆزىنىڭ يەرلىك تەتقىقاتچىلىرىمۇ بار. ئايان بولۇشچە، بۇ ئىلىمنىڭ شەكىللىنىشىدە ئىقتىساد، سودا، سىياسىي، دىن، ئىلمىي ئىزدىنىش قاتارلىق كۆپ خىل ئامىل مەۋجۇت.

بىز بۇ يەردە بۇ ئاتالغۇغا تەبىر بېرىپ يۈرمەيمىز. بەلكى بۇ ئاتالغۇنىڭ ئىچىدىكى تېمىمىزغا مۇناسىۋەتلىك ساھەلەر، ئىدىيەلەر ۋە شەخسلەر ھەققىدە ئازراق توختىلىپ ئۆتىمىز.

شەرقشۇناسلارنىڭ مۆتىۋەر پېشۋالىرىنىڭ ئاتامانى، غەربلىشىپ كەتكەن گولد سىھېر (Gold Tsiher)

بولۇپ، ئۇ يۈز يىل ئىلگىرى «دراسات إسلامية» (ئىسلام تەتقىقاتى) نامىدا كىتاب يازغان. كېيىنچە بۇ كىتاب، ئۇنىڭدىن كېيىن كەلگەن ھەممە شەرقشۇناسلارنىڭ ئىسلام دىنىنى ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ ھەدىس ـ سۈننەتلىرىنى ھاقارەت قىلىشتا ۋە ئېتىبارسىزلاشتۇرۇشقا ئۇرۇنۇشتا مۇراجىئەت قىلىدىغان مەنبەسگە ئايلاندى.

گولد سىھېر ھەدىسلەرنى ئىنكار قىلىش، ھەتتا يالغانغا چىقىرىش ئۈچۈن تارىختا ئەڭ كۆپ ھەدىس رىۋايەت قىلغان كىگانت شەخس ئىبنى شىھاب زۇھرىگە ھۇجۇم قىلغان. ئۇ ئىبنى شىھاب ھەققىدە مۇنداق يازغان :«ئىبنى شىھاب خەلىپە ئابدۇلمەلىك ئىبنى مەرۋانغا خۇشامەت قىلىش ئۈچۈن، پەقەت ئۈچ مەسچىتكىلا يۈك ـ تاقلارنى كۆتۈرۈپ بېرىشقا بولىدۇ، دېگەن ھەدىسنى توقۇپ چىققان. چۈنكى بۇ چاغدا مەككە ۋە مەدىنە ئىبنى زۇبەيرنىڭ قولىدا ئىدى. شۇڭا ئىبنى شىھاب خەلىپىگە ياخشىچاق بولۇش ئۈچۈن ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ، ھەجگە بارغان ياكى بارماقچى بولغان مۇسۇلمان ئاممىسىنى مۇشۇ ھەدىس ئارقىلىق قۇددۇسقا بېرىشقا كۆندۈرمەكچى بولغان».

ئۇنىڭ يۇقىرىقى قاراشلىرىغا نىسبەتەن داڭلىق ئەرەب مۇتەپەككۇرى ۋە تارىخچىسى ئەل سىبائىي شەرقشۇناس شاخت بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭغا ئوقۇتقۇچىسى گولد سىھېر نىڭ تۆھمەتلىرى ۋە بۇرمىلاشلىرى توغرىسىدا مۇنازىرە قىلغاندا، شاخت ئۇنىڭدىن كەچۈرۈم سورىغان. سىبائىي ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى: «ئۇستازىڭىز گولد سىھېر شەرقشۇناسلىق ئېقىمىنىڭ قۇرغۇچىسى، ئۇ ئىسلام قانۇنلىرىغا قارىتا يەكۈنلىگەن پەرەز ۋە ھۆكۈمنى تارىخنىڭ ئىشەنچلىك ۋە ئەمەلىي پاكىتلىرىغا ئاساسلىنىپ تۇرۇپ چىقىرىدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئۇنداقتا ئۇ نېمىشقا زۇھرى ھەققىدە سۆز قىلغاندا ئۆزىنىڭ پرىنسىپىنى بۇ يەردە

قوللانمدى؟ ئەجەبا ئۇ ئىمام زۇھرىنىڭ ئىبنى زۇبەير قازا قىلغاندىن يەتتە يىل كېيىن، ئاندىن خەلىپە ئابدۇلمەلىك ئىبنى مەرۋان بىلەن كۆرۈشۈپ تونۇشقانلىقىنى بىلمەمدۇ؟!» دەپ مات قىلغان. سىبائىي ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى روھىي ھالىتى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: « دەل شۇ چاغدا ئۇ بىردىنلا ئوڭايسىزلىنىپ، چىرايى تاتىرىپ كەتتى. ئاندىن كېيىن ئىككى قولىنى ئۇۋۇلاشقا باشلىدى. قارىسام ئۇ ئاچچىقلانغان ۋە خاپا بولغاندەك قىلدى. شۇڭا مەنمۇ ئۇنى ئارتۇق مات قىلماي، ئۇنىڭ بىلەن سۆھبەتنى ئاخىرلاشتۇردۇم».

ھازىرقى ئىسلام تارىخچىلىرى بىر قەدەر مۆتىدىل يول تۇتۇپ، شەرقشۇناسلارنى ئىككى خىل تۈرگە ئايرىغان بولۇپ، بىرى، دەل يۇقىرىدا بىز قىسقىچە تىلغا ئالغان ۋەزىپىلىك ۋە ھەدىسلەرگە ھۇجۇم قىلىپ، ھەدىسلەردە شەك ـ شۈبھە قوزغاشنى تۈپ مەقسەت قىلغان شەرقشۇناسلار بولسا، يەنە بىرى، بىتەرەپ ۋە يامان غەرەزدىن خالىي ھالدا ئىسلام دۇنياسى ۋە تۈرلۈك شەرق ئەللىرى ھەققىدە ئۇنىۋېرسال ئىزدىنىدىغان ئاكادېمىك كىشىلەر توپى بولۇپ، نۆۋەتتە ئۇلار بۇ جەھەتتە ھىندىشۇناسلىق، تۈرپانشۇناسلىق دېگەندەك تېخىمۇ ئىنچىكە بولغان تۈرلەرگە ئايرىلغان.

## 2. قۇرئانچىلار:

قۇرئانچىلار ئۆزىنى ئىسلامغا تەۋە دەپ قارايدىغان بىر مەزھەپكە بېرىلگەن ئىسىم بولۇپ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قۇرئانچىلار (ئەھلى قۇرئان) ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئۇلار قۇرئاننى ئىسلامدىكى بىردىنبىر ئېتىقاد ۋە قانۇن مەنبەسى دەپ قارايدۇ. بىراق ھەدىسلەرنىڭ ئېتىقادىي ۋە قانۇنىي ئورنىنى، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئىسلام شەرىئىتىنىڭ مەنبەسى ئىكەنلىكىنى رەت قىلىدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ قارىشىچە بارلىق ھەدىسلەر پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن خېلى مەزگىل كېيىن يېزىلغان. شۇڭا ئۇلار پەيغەمبىرىمىزگە مەنسۇپ بولغان بارلىق ھەدىسلەرنى ياكى رىۋايەتلەرنى ئېتىراپ قىلمايدۇ؛ شۇنداقلا ئۇلار ئاللاھنىڭ پەقەت قۇرئاننىلا قوغداشقا ۋەدە بەرگەنلىكىنى ۋە بۇ قوغداشتا «سۈننەت» تىلغا ئېلىنمىغانلىقىنى دەۋا قىلىشىپ، ھەدىسلەرنى ئېتىراپ قىلمايدۇ. بۇلار ئەينى چاغدا پەيغەمبىرىمىز ھايات ۋاقتىدا ئالدىن بېشارەت بەرگەن ھەدىس ئىنكارچىلىرىنىڭ داۋامى بولۇپ، بۇلار ھەققىدە پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دېگەن ئىدى :« پات ئارىدا بىر ئادەم ئورۇندۇقىغا يۆلىنىپ ئولتۇرغان ھالدا، ئۇنىڭغا ھەدىسىمدىن بىر ھەدىس ئوقۇپ بېرىلىدۇ. ئۇ شۇئان" ئارىمىزدا ئاللاھنىڭ كىتابى قۇرئان كەرىم بار. ئۇنىڭدا ھالال دېيىلگەننى ھالال دەيمىز. ھارام دېيىلگەننى ھارام دەيمىز" دەيدۇ. ئاگاھ بولۇڭلاركى، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ھارام قىلغان نەرسە ئاللاھ ھارام قىلغان نەرسە بىلەن ئوخشاشتۇر». (ئىمام ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى توپلىغان).

«يوشك أن يقعد الرجل متكئاً على أريكته يحدث بحديث من حديثي فيقول بيننا وبينكم كتاب الله، فما وجدنا فيهمن حلال استحللناه، وما وجدنا فيه من حرام حرمناه، ألا وإن ما حرم رسول الله مثل ما حرم الله» (رواه أبو داودوالترمذي) **بۇ ھەدىسنى بەزى ئالىملار پەيغەمبەرلىكنىڭ روشەن دەلىللىرى قاتارىدا خاتىرىلىگەن.**

**خۇددى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھازىر ئارىمىزدا ھايات بولۇپ، مۇسۇلمانلارغا كەلگەن كىشىلەرنىڭ دىنىنى ئارىلاشتۇرۇۋەتكەن ۋە «ھالام بىلەن ھارام ئىشلارنى ئايرىش ۋە ئەمەل قىلىشتا پەقەت قۇرئانغىلا تايىنىمىز» دېگەن سۆزلىرى بىلەنساددا خەلقنى ئازدۇرىدىغان ئەھۋالنى تەسۋىرلىگەندەك قىلاتتى. ئەمەلىيەتتە ئۇلار بۇ سۆزلىرى ئارقىلىق سۈننەتنى ئىنكار قىلىپ، ئۇنىڭغا تەنە قىلماقچى ئىدى.**

**«قۇرئانچىلار» نىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىدا مۇھىم تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈش بار بولۇپ، ئۇلار تۇنجى قېتىم 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا بىر قىسىم غەرب جاھانگىر ئەللىرىنىڭ نۇرغۇن ئىسلام دۆلەتلىرىنى مۇستەملىكە قىلىشىدىن كېيىن مەيدانغا چىققان. غەرب مۇستەملىكە كۈچلىرى ئىشغالىيەتنى ئۇزۇن مۇددەت كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، مەخسۇس ئىلمىي تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بېرىپ، ئىسلامنىڭ ئۆزگەرمەس قائىدە ـ پرىنسىپلىرىنى قالايمىقانلاشتۇرۇپ، كەڭ مۇسۇلمانلارنىڭ ئېتىقادىدا تەۋرىنىش ۋە تۇراقسىزلىق ھاسىل قىلىشتىن سىرت، ماددىي ۋە ئەخلاق جەھەتتىكى ھەر بىر ئازغۇن ۋە بۇزمىلانغان ناتوغرا پىكىرلەرنى كۈچەيتىش، پەرۋىش قىلىش ۋە قوللاش ئۈچۈن كۆپ تەرەپلىمە ئۇرۇندى.**

**بۇ پىكىرلەر ئەڭ دەسلەپتە ھەممىدىن بۇرۇن مۇستەملىكە ئاستىغا چۈشۈپ قالغان ئىسلام ئەللىرىدە، بولۇپمۇ ھىندىستان ۋە مىسىردا تارقىلىشقا باشلىغان. ئاندىن كېيىن ئىراق، لىۋىيە، ھىندونوزىيە، مالايسىيا ۋە باشقا دۆلەتلەرگە تارقالغان. سۈننەتنى ئىنكار قىلىش ئويى ۋە تەشەببۇسى ھىندىستاندا پەيدا بولغان بولۇپ،ئەنگلىيەنىڭ ئىشغالىيىتى مەزگىلىدە سەييىد ئەھمەد خان بۇ پىكىرنى كۆتۈرۈپ چىققان. ئۇ قۇرئاننى نوقۇل ئەقىل ۋە پىكىر بىلەنلا شەرھلەپ، نەقىل (ئاساسلىقى ھەدىس ۋە ئەسەرلەر)نى رەت قىلغان. ئۇ بارچە ھەدىسلەرگە قوبۇل قىلىشقا مۇمكىن بولمايدىغان نامۇۋاپىق شەرتلەرنى قويغان ۋە شۇ سەۋەبلىك نۇرغۇن ھەدىسلەرنى ئىنكار قىلغان.**

**كېيىنچە ھەدىس تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغان پاكىستانلىق ئابدۇللا جاكار ئەلۋى ئۇنىڭغا ئەگىشىپ، ئۇنىڭ تۈرلۈك ئازغۇن پىكىرلىرىنىڭ تەسىرىدە ھەدىسلەر توغرىلىق نۇرغۇن گۇمانلارنى قىلغان. بۇ ھالەت**

تەرەققىي قىلىپ، ئاخىرىدا بارلىق ھەدىسلەرنى رەت قىلىش باسقۇچىغا بارغان. ئاقىۋەت ئۇ مۇنۇ خۇلاسىگە كەلگەن:

«پەقەت قۇرئان كەرىملا ئۇلۇغ ئاللاھ رەسۇلۇللاھقا نازىل قىلغان ۋەھىيدۇر».

ئۇ «زىكىر ئەھلى» ۋە «قۇرئان ئەھلى (قۇرئانچىلار)» ناملىق بىر جامائەت قۇرغان بولۇپ، بۇ ئارقىلىق قۇرئاننىڭ شەرىئەت ھۆكۈملىرىنىڭ بىردىنبىر مەنبەسى ئىكەنلىكىنى تەشەببۇس قىلغان ۋە بۇ توغرىلىق كىتابلارنى يازغان.

بۇ پىكىر كېيىنچە مىسىردىمۇ پەيدا بولۇپ، ئەھمەد سۇبھى مەنسۇر تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغان. ئۇ مىلادىيە 1977 ـ يىلى ئەزھەردە ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتىنى باشلىغان. ئەمما ئۇ مۇشۇ ئازغۇن پىكىرلىرى سەۋەبىدىن سۈننىي مەزھەپىدىكى دىنىي ئۆلىمالار بىلەن ئون يىلدەك توقۇنۇشقان. بۇ توقۇنۇش 1987 ـ يىلى ئۇنىڭ ئىشتىن بوشىتىلىشى بىلەن ئاخىرلاشقان.

2002 ـ يىلى ئۇ ئۆزى قۇرغان ئىبنى خالدۇن مەركىزى تاقالغاندىن كېيىن، سىياسىي مۇساپىر سۈپىتىدە ئامېرىكاغا كۆچۈشكە مەجبۇر بولغان. چۈنكى بۇ چاغدا مىسىردا ھەر خىل ئازغۇن دىنىي پىكىردىكى گۇرۇھلارنى قولغا ئېلىش دولقۇنى قۇرئان پائالىيەتچىلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئۇلار مىسىر دائىرىلىرى تەرىپىدىن«ساماۋى دىنلارنى كۆزگە ئىلماسلىق جىنايىتى» بىلەن تۈرمىگە تاشلانغان. سۇبھى مەنسۇر ئامېرىكاغا كېلىپ ئولتۇراقلاشقاندىن كېيىن، ئەرەب تىلىدىكى ئىنتېرنېت دۇنياسىدا پەيدا بولۇپ، ئۆزىنىڭ يېڭى پروگراممىسى ۋە يېڭى يولىنى تەشۋىق قىلغان. ئۇ ۋىرجىنىيە شىتاتىدا خەلقئارا قۇرئان كەرىم مەركىزى ۋە ئۇنىڭ تور بېكىتى «قۇرئان ئەھلى» نى قۇرغان ۋە بارچە تەشەببۇسلىرىنى بۇ تور بېكەت ئارقىلىق تارقىتىشقا باشلىغان. بۇ توربېكەت ئۇنىڭ ماقالىسىنى، كىتابلىرىنى ۋە تەتقىقاتىنى تونۇشتۇرۇش ۋە ئۇنىڭغا دەۋەت قىلىدىغان كۆڭۈلدىكىدەك ۋاستە بولۇپ قالغان. ئۇلار بىر قاتار گۇمانلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، شۇ گۇمانلار ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۈننىتىنى ئىنكار قىلىش، ئۇنىڭغا سەل قاراش ۋە ئۇنىڭدىن ۋاز كېچىش، ئۇنى قانۇن چىقىرىشنىڭ مەنبەسى دەپ قارىماسلىق ۋە ھەدىسلەرنى بىردىنبىر قانۇن چىقىرىش مەنبەسى بولغان قۇرئان ئارقىلىق پۈتۈنلەي چەكلەشنىڭ پولاتتەك ئىسپاتى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويغان.

ئاۋسترىيەلىك مۇتەپەككۇر مۇھەممەد ئاساد «قۇرئانچىلار» غا رەددىيە سۈپىتىدە مۇنداق دەيدۇ: «رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننىتىگە ئەمەل قىلىش ئىسلامنىڭ بىرلىكىنى ۋە ئۇنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىنى قوغدىغانلىق. سۈننەتتىن ئايرىلىش ئىسلامنىڭ يىمىرىلىشىدۇر ... سۈننەت تۆمۈر قۇرۇلما ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە

ئىسلامنىڭ ئىمارەتلىرى سېلىنغان. ئەگەر بىنانىڭ ئۇل قۇرۇلمىسىنى ئېلىۋەتسىڭىز، بۇنىڭدىن كېيىنكى ئەھۋالىڭىز نېمە بولماقچى؟!».

«قۇرئانچىلار»نىڭ تۇنجى گۇمانى مۇنداق :«قۇرئان كەرىم ئىسلام دىنى ۋە شەرىئەتنىڭ ئەھكاملىرىنى چۈشەندۈرۈشكە كۇپايە قىلىدۇ، ئۇ پۈتكۈل دىننى، پۈتۈن ئەھكام ۋە قىسمەن مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بارلىق قانۇن چىقىرىش بەلگىلىمىلىرى قۇرئان كەرىمدە تولۇق بار».

ئۇلارنىڭ بۇ گۇمانىغا جاۋاب بېرىشتە مۇنۇلار كۇپايە : « پۈتۈن ئۇممەت قۇرئان كەرىمنىڭ نۇرغۇن ھۆكۈملەردە دىننى ئىخچام ھالەتتە پۈتۈنلەي ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقىغا ۋە بىر قىسىملىرىدا تەپسىلىي بايان قىلىنغانلىقىغا بىردەك قاراشتا بولۇپلا قالماي، يەنە پەيغەمبىرىمىزنىڭ پاك يولى (سۈننىتى) نىڭ قۇرئاندىكى ئىخچام ۋە يىغىنچاق مەزمۇنلارنى كېڭەيتىپ ۋە شەرھلەپ، تۇتۇق مەزمۇنلارنى ئوچۇقلاپ روشەن بايان قىلىدىغانلىقىدا ئورتاق قاراشتا.

ئۇلارنىڭ ئىككىنچى گۇمانى بولسا، ئۇلارنىڭ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇممەتكە مىراس قالدۇرغان ھەدىسلەرنىڭ ئاللاھتىن كەلگەن ۋەھيي ئەمەسلىكى، بەلكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىنسان بولۇش سۈپىتى بىلەن قىلغان ئىش ـ ھەرىكىتى ۋە تىرىشچانلىقى، بۇنداق بولغاندا ئۇمۇ بەزىدە توغرا، بەزىدە خاتا قىلىدۇ. شۇڭا ھەدىسلەرنى شەرىئەتنىڭ مەنبەسى دەپ قاراشقا ۋە ئەمەل قىلىشقا بولمايدۇ دېگەن تەشەببۇستا چىڭ تۇرغان.

بۇنىڭغا قارشى دەيمىزكى، پۈتۈن ئۇممەت، قەدىمدىن تاكى قىيامەتكىچە كېلىدىغانلار ھەممىسى سۈننەتنىڭ ۋە ھەدىسلەرنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن بولغان مۇقەددەس ۋەھيي ئىكەنلىكىدە، ھەمدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھېچقاچان ئۆز خاھىشى ۋە ئىستىكى بويىچە گەپ ـ سۆز، ئىش ـ ھەرىكەتلەردە بولمايدىغانلىقى، بەلكى ھەرقانداق ئەھۋالدا پەقەت ئاللاھ ۋەھيي قىلغاننىلا سۆزلەيدىغانلىقىنىدا بىردەك ئورتاق قاراشقا ئىگە. ئۇنىڭ ئۈستىگە،«قۇرئانچىلار» بىردىنبىر قانۇن چىقىرىش مەنبەسى قىلغان قۇرئان مۆمىنلەرگە ئاللاھنىڭ ئەلچىسىگە مۇتلەق ئەگىشىشنى، ئۇ بۇيرىغاننى ئىجرا قىلىپ، مەنئىي قىلغاندىن كەسكىن چەكلىنىشنى بۇيرۇدى.

«ئۇ (مۇھەممەدئەلەيھىسسالام) ئۆز نەپسى خاھىشى بويىچە سۆزلىمەيدۇ. پەقەت ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان ۋەھيىنىلا سۆزلەيدۇ». سۈرە نەجىم (3 ـ 4 ـ ئايەتلەر).

«پەيغەمبەر سىلەرگە بەرگەننى ئېلىڭلار، پەيغەمبەر چەكلىگەن نەرسىدىن چەكلىنىڭلار، ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ ئازابى قاتتىقتۇر». سۈرە ھەشىر (7 ـ ئايەتنىڭ بىرقىسمى).

ئۇنىڭدىن باشقا، ئاللاھ ئىماننى ئەلچىگە ئىتائەت قىلىشقا باغلىق قىلىپ قويغاندىن سىرت، ئىماننى پەيغەمبەر چىقارغان ھۆكۈملەرنىڭ ھەممىسىدە ئۇنىڭ بۇيرۇقلىرى ۋە چەكلەشلىرىگە شەرتسىز بويسۇنۇشقا باغلىق قىلىپ قويدى.

« فَلاَ وَرَبِّكَ لاَ يُؤْمِنُونَ حَتَّى يُحَكِّمُوكَ فِيمَا شَجَرَ بَيْنَهُمْ ثُمَّ لاَ يَجِدُوا فِي أَنفُسِهِمْ حَرَجًا مِّمَّا قَضَيْتَ وَيُسَلِّمُوا تَسْلِيمًا » تەرجىمىسى(ئى مۇھەممەد!) رەببىڭ بىلەن قەسەمكى، ئۇلار ئۆزئارىسىدىكى دەتالاشقا سېنى ھۆكۈم چىقىرىشقا تەكلىپ قىلمىغۇچە، ئاندىن سېنىڭ چىقارغان ھۆكمىڭگە ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكى قىلچە غۇم بولىسمۇ يوقالمىغۇچە ۋە ئۇلار پۈتۈنلەي بويسۇنمىغۇچە ئىمان ئېيتقان بولمايدۇ. (سۈرە نىسا 65 ـ ئايەت).

ئۇلارنىڭ گۇمانى ئىچىدە يەنە: «ھەممىگە قادىر ئاللاھ پەقەت ئۆزىنىڭ كىتابى بولغان قۇرئان كەرىمنىلا ئۆزگەرتىش ياكى بۇرمىلاش، زىيادە قوشۇش ياكى ئېلىپ تاشلاشتىن ساقلاپ قېلىشقا ئالاھىدە ۋەدە بەرگەن، لېكىن بۇنداق كاپالەتنىڭ ھەدىسكە بېرىلمىگەن» دېگەن قاراشلىرى بولغاندىن سىرت، ھەدىسلەر ھەققىدە يەنە نۇرغۇن شەك ـ شۈبھىلىرى ۋە گۇمانلىرى بار بولۇپ، بۇلارغا كۈچلۈك رەددىيە بولىدىغان مەزمۇنلارنى بىز مەزكۇر ماقالىمىزنىڭ دەسلەپكى سانلىرىدا مۇھەممەد سالىھ داموللا ھاجىمنىڭ بايانلىرىنى نەقىل قىلىش ئارقىلىق قىسقىچە بايان قىلدۇق.

بەزى ئاتالغۇلارغا ئىزاھات ۋە نەقىل قىلىنغان مەنبەلەر :

تەقيۇددىن نەبھانى : ۋ 1909 ـ يىلى 1 ـ يانۋار، پەلەستىننىڭ شىمالىدا تۇغۇلغان. 1928 ـ يىلدىن 1932 ـ يىلغىچە ئەزھەرئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ «شەرئەت ۋە قانۇن فاكۇلتېتى» نى پۈتتۈرۈپ، 1938 ـ يىلغىچە پەلەستىن مائارىپ مىنىستىرلىقى قارمىقىدا خىزمەت قىلغان. 1948 ـ يىلغىچە قازىلىق قىلغان. شۇ يىلدىكى تۇنجى قېتىملىق ئوتتۇرا شەرق ئۇرۇشىدا ئەرەبلەر مەغلۇپ بولغاچقا، ئۇ ئاچچىقىدا ئىيوردانىيەگە كۆچۈپ كەتكەن. 1952 ـ يىلغىچە شۇ يەردە دىنىي تالىپ تەربىيەلەپ، 1953 ـ يىلىنىڭ بېشىدا «ئازادلىق تەشكىلاتى» نى قۇرغان. بىراق بارلىق ئەرەب ئەللىرى ئارقا ـ ئارقىدىن ئۇنىڭ ئاشقۇن پىكىرلىك

تەشكىلاتىنى چەكلىۋەتكەن. بۇنىڭدىن يامانلىغان نەبھانى يوشۇرۇنچە بېيرۇتقا كۆچۈپ كېلىپ، تاكى ۋاپات بولغۇچە يوشۇرۇنۇپ ياشىغاچ، مۇرىتلىرىغا كۆرسەتمە بېرىپ تۇرغان. بۇ جەرياندا ئۇ 50 پارچىدەك چوڭ ـ كىچىك ئەسەر يېزىپ، ئوتتۇرا شەرقتە بىر مەيدان دىنىي ۋە ئىدىيەۋى مالىمانچىلىقى پەيدا قىلغان. گەرچە 1978 ـ يىلى 1 ـ يانۋار، ئاتالمىش «ئازادلىق تەشكىلاتى — ھىزبۇتتەھرىر» ناملىق سىياسىي ۋە ئىسلامىي تەشكىلاتنى قۇرغان تەقيۇددىن نەبھانى بېيرۇتتىكى يوشۇرۇنغان گەمىسىدە ۋاپات بولغان بولسىمۇ، بىراق، ئەڭ يامان بولغىنى شۇكى، 1998 ـ يىلى ئىككى ئۆزبېك كىشى تەرىپىدىن ۋەتىنىمىزگە ئاشكارا ئىمپورت قىلىنغان ھىزبۇتچىلار ئىدىيەسى تېزلا يامراپ، خوتەن قاتارلىق جايلاردا يىلتىز تارتقان.

**كتاب:** الفرق الكلامية الإسلامية (مدخل ودراسة)، تأليف: علي عبد الفتاح المغربي، الناشر: مكتبه وهبة،الطبعة الثانية: 1995م، ص: 169ـ170.

سىر سەييىد ئەھمەدخان: 19 ـ ئەسىردە ھىندىستان چوڭ قۇرۇقلۇقى تەۋەسىدە زىلزىلە قوزغىغان، كېيىنچە بارچە ئەھلى ئىسلام ئۆلىمالىرى تەرىپىدىن قاتتىق ئەيىبلەنگەن پەيلاسوپ، مائارىپچى ۋە ئالىگار مۇسۇلمان ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ قۇرغۇچىسى سىر سەيىد ئەھمەد خان خوجا مىلادى 1817 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى، موغۇل ئىمپېراتورى ئەكبەر ئىككىنچى دەۋرىدە دېھلىدا تۇغۇلغان. سىر سەيىد ھىندىستان چوڭ قۇرۇقلۇقىدىكى ئىسلام مودېرنىزمىنىڭ ئەڭ مۇھىم شەخسلىرىنىڭ بىرى دەپ قارىلىدۇ. سىرسەيىد ئىلگىرى ئىككى يېرىم ئەسىرگە يېقىن موغۇل سوت مەھكىمىسىدە خىزمەت قىلغان ئائىلىدە تۇغۇلغان. ئۇ كىچىكىدىنلا سوپى ئائىلىسىدە ئانا تەرەپ بوۋىسى خوجا فارىدۇددىنىنىڭ قولىدا چوڭ بولغان، ئۇ نەقشبەندى تەرىقىتىنىڭ 12 ـ ئەۋلاد مۇرشىدى (پېشۋاسى) خوجا مۇھەممەد يۇسۇپ ھەمدانىنىڭ ئەۋلادلىرىدىن ئىدى. 1857 ـ يىلىدىكى ھىندىستان قوزغىلىڭى سەيىد ئەھمەدنىڭ ھاياتىدىكى مۇھىم بۇرۇلۇش نۇقتىلىرىنىڭ بىرىدۇر. ئۇ بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭدا پادىشاھ ۋە قوزغىلاڭچىلار تەرەپتە تۇرماي، ئەكسىچە بۈيۈك بىرتانىيە تەرەپتە تۇردى. ئۇ ھىندىستان جەمئىيىتى ھىندىستاندا، بولۇپمۇ شىمالىي ھىندىستاندا ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي تەسىرىنى ساقلاپ قالالماقچى بولسا، چوقۇم ئىنگلىز تىلى ۋە زامانىۋى ئىلىم ـ پەننى پىششىق بىلىشى زۆرۈر دەپ قارىغان [بۈيۈك بىرتانىيە ئېنسىكلوپېدىيىسى].

(تۈگىدى)



# چاناق قەلئە ئۇرۇشى ۋە ئەھمىيىتى

ئىلبەر ئورتايلى

# چاناق قەلئە ئۇرۇشى ۋە ئەھمىيتى

ئىلبەر ئورتايلى

چاناق قەلئە ئۇرۇشلىرى پۈتۈن شەرق دۇنياسىدا يېقىنقى يۈز يىلدىكى ئەڭ يارقىن قەھرىمانلىق ئۆرنىكىدۇر. ھەتتا، بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، چاناق قەلئە ياۋروپا تارىخىدىمۇ، رۇسىيە ۋە فرانسىيە بىلەن بىرلىكتە، دۆلەت مۇداپىئەسى جەھەتتىكى ئەڭ نادىر ئۆرنەككە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئىستىھكامدۇر.

چاناق قەلئە بىر مىللەتنىڭ ئېسىدىن، ھەتتا روھىيىتىدىن ئورۇن ئالغان ئابىدە خاراكتېرلىك ھادىسىلەردىن بىرىدۇر. مەيلى شەرقتە، ياكى غەربتە بولسۇن، بۇنداق ئابىدىلەر كەمدىن كەم ئۇچرايدۇ. گېرمانىيە ۋە ئاۋستىرىيەدە بۇنداق ئۆرنەكلەر يوق. فرانسىيەدە مارنە، ۋېردۇن؛ رۇسىيەدە سىمولېنسك، مىنسك، ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىكى ستالىنگراد، ئودېسسا، سىۋاستوپول ۋە لېنىنگراد قاتارلىقلارنى ئۇنىڭغا تەققاسلاشقا بولىدۇ.

ئەسلىدە، چاناق قەلئە دۇنيا تارىخىنىڭ يۆزلىنىشىنى ئۆزگەرتكەن ئۇرۇش بولۇپ، (شۇنىڭدىن كېيىن) يېڭى رۇسىيە ۋە يېڭى تۈركىيە دۇنياغا كەلدى. بىز ھېچبىر زامان بىر مىليونغا يېقىن ئەسكەر بىلەن بۇ رەۋىشتە ۋەتەننى قوغداش مۇجادىلىسى قىلمىغانىدۇق. بۇ قېتىملىق ۋەتەننى قوغداش مۇجادىلىسى ئىنتايىن كەڭ كۆلەمدە ئېلىپ بېرىلغانىدى. قوشۇنلىرىمىز گالىسىيادىن يەمەنگىچە نۇرغۇن سەپتە جەڭ قىلىۋاتاتتى. ئەسكەرلىرىمىز شۇنىڭدىن كېيىنكى ئۈچ يىللىق ئۇرۇش توختىتىش مەزگىللىرىدىمۇ ئۇرۇش قىلىشقا مەجبۇر بولىدى. بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا، بىز ئۆزىمىزنىڭ (ھەقىقىي مەنىدىكى) بىر ۋەتەن ۋە مىللەت ئىكەنلىكىمىزنى ئىسپاتلىدۇق. ۋەتەن ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىدىغان، مىللەت ئۈچۈن ئۆلىدىغانلار ھەممە يەردە تېپىلىۋەرمەيدۇ. ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئۇرۇشلاردا ياشلىرىمىز، ھۈنەرۋەن ـ كاسىپلىرىمىز، دېھقانلىرىمىز، جۇملىدىن پۈت ـ قولى كارغا كېلىدىغانلىكى ئىنسانلىرىمىز قۇربان بولدى. تۆت يىلغا سوزۇلغان بۇ ئۇرۇش بىزگە مىللىي ئاڭ ئاتا قىلدى.

بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئوتى دۇنيانىڭ نۇرغۇن جايلىرىنى قاپلىدى. (بۇ ئۇرۇشقا قاتناشقان) دۆلەتلەر ئاساسەن يەتتىنچى ئاينىڭ ئاخىرى ۋە سەككىزىنچى ئاينىڭ باشلىرىدا ئۇرۇشقا قاتناشتى. ئاۋستىرىيە ـ ۋېنگرىيە، گېرمانىيە، رۇسىيە، ئاخىرىدا فرانسىيە ۋە برىتانىيە ئىمپېرىيەسى قاتارلىق دۆلەتلەر ئۆزئارا

ئۇرۇش ئېلانs قىلىشتى. تۈرك ئىمپېرىيەسى چاناق قەلئە بوغۇزىدا پاناھلىنىۋاتقان، ئەنۋەر پاشا بىلەن باش ئەلچى ۋانگېنھېيمنىڭ ئۈچرىشىشىدىن كېيىن نامدا تۈرك ئىمپېرىيەسى تەرىپىدىن سېتىۋېلىنغان، ئەمەلىيەتتە گېرمانىيە فىلوتىنىڭ تارقىتىۋېتىلمەستىن پەقەتلا ئىسمى ئالماشتۇرۇلغان نۇسخىسى بولغان گوبېن ۋە برېسلاۋ (Goeben and Breslau) ناملىق قوغلىغۇچى پاراخوتلىرى ئارقىلىق رۇسىيەنىڭ سىۋاستوپول ۋە يالتا پورتلىرىنى بومباردىمان قىلغاندىن كېيىن، 1914 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىغا رەسمىي ئىشتراك قىلغان بولدى. بۇ قېتىملىق بومباردىمان بىۋاستە ئەنۋەر پاشانىڭ ۋە دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ باش ۋەزىرى جامال پاشانىڭ بۇيرۇقى بىلەن بولغانىدى.

11 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى رۇسىيە ئوسمانلى ئىمپېرىيەسىگە قارشى ئۇرۇش ئېلان قىلدى ۋە شۇنىڭ ئارقىدىنلا (ئوسمانلى ئىمپېرىيەسىگە قارشى) ئۇرۇش ئېلان قىلغان برىتانىيە ۋە فرانسىيە ئۇرۇش پاراخوتلىرى چاناق قەلئە بوغۇزىدىكى سەددۇلبەھرنى، قۇم قەلئە، ئەرتۇغرۇل ۋە ئورخانىيە ئىستېھكاملىرىنى بومباردىمان قىلىشقا باشلىدى. ئەنۋەر پاشا 9 ـ ئايدىن ئېتىبارەن، چاناق قەلئە بوغۇزىدا ئىستېھكام مۇئەسسەسەلىرىنى قۇرۇش بۇيرۇقىنى چۈشۈرگەنىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بىرلەشمە دېڭىز ئارمىيەسىگە قارشى مۇداپىئە مۇجادىلىسى ئىنتايىن ئېغىر تالاپەتكە سەۋەب بولۇپ، بەش پولكوۋنىك ۋە سەكسەن ئەسكەر قۇربان بولدى.

چاناق قەلئە بوغۇزى ھەرىكىتى باشلىنىپ بىر مەزگىلدىن كېيىن، رۇسىيە تاشقى ئىشلار ۋەزىرى سازونوف برىتانىيەگە ئېتىراز بىلدۈرۈپلا قالماستىن، تەھدىت سالدى ۋە رۇسىيە ئۇرۇشتىن چېكىنىپ چىقماقچى بولدى. چۈنكى، رۇسىيەگە بېرىلىشى ۋەدە قىلىنغان ئىستانبۇل ۋە بوغۇزلار برىتانىيەنىڭ بۇ ھەرىكىتى سەۋەبلىك رۇسىيەنىڭ قولىدىن تارتىۋېلىنىۋاتاتتى. تەخمىنەن بەش مىليون ئەسكىرى بىلەن ئەڭ زور قۇرۇقلۇق ئارمىيەسىگە ئىگە رۇسىيە ئۆزىنىڭ بۇ ئۇرۇشتا نېمە ئۈچۈن ئانتانتا دۆلەتلىرى بىلەن بىر سەپتە تۇرغانلىقىنى ئەسلىتىپ ئۆتتۈىدى، (ئەينى چاغدا برىتانىيەنىڭ دېڭىز ئارمىيەسى ۋەزىرى بولغان) چېرچىل ئىستانبۇل ۋە بوغۇزلارنى رۇسىيەگە بېرىش توغرىسىدا ۋەدە بېرىلگەن كېلىشىمگە ئىمزا قويىدى.

1912 ـ يىلىدىن تارتىپلا ئۇرۇش ئىچىدە بولغان ئوسمانلى ئىمپېرىيەسى ئەسلىدە بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىغا زۆرۈرىيەت تۈپەيلى ئىشتراك قىلغان بولۇپ، (ئەينى چاغدىكى ئوسمانلى ئىمپېرىيەسى تەۋەسىدە) ياۋروپا دۆلەتلىرىدىكىگە ۋە رۇسىيەدىكىگە ئوخشاش زەپەر تەنتەنىسىدىن ئەسەر يوق ئىدى. بۇ دۆلەتلەرنىڭ ئارىسىدا پەقەت تۈركىيە ئارمىيەسىنىڭ باش شتابىلا ۋەزىيەتنىڭ جىددىيلىكىنى ۋە ئۇرۇشنىڭ ئۇزۇنغا سوزۇلىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەنىدى. ئونىنچى ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا ھەربىي باش شتاب ئۈچىنچى شۆبىسىنىڭ مۇدىرى ئىسمەت (ئىنىئۆنۈ) بەي گېرمانلارنىڭ تاننېنبېرگتە رۇسلارغا قارشى قولغا كەلتۈرگەن غەلىبىسى سەۋەبلىك، گېرمانلار بىلەن بولغان ئىتتىپاقنىڭ ئەھمىيىتىنى كۆپتۈرۈۋەتمەسلىك؛ بۇ قوشۇننىڭ مارنە جەڭگاھىدا مارشال جوفرېنىڭ قوماندانلىقىدىكى فرانسىيە قوشۇنلىرىغا دۇچ كېلىپ ئالغا ئىلگىرىلىيەلمىگەنلىكىنى نەزەردىن ساقىت قىلماسلىق ۋە (گېرمانلار بىلەن بولغان) مەزكۇر ئىتتىپاقتىن ساقلىنىش لازىملىقىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى.

ھالبۇكى، چېرچىل بىلەن سازانوفنىڭ چاناق قەلئەدە ھۇجۇمنى توختاۋسىز داۋاملاشتۇرۇشى بۇ (يەنى گېرمانلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىش)نىڭ ئەكسىنى ئويلىشىشقا ئانچە كۆپ ئىمكان قالدۇرمىغانىدى. تۈركىيە ئەسەد پاشا، فەۋزى پاشا، پودپولكوۋنىك مۇستافا كامال بەي، كازىم كارابەكىر ۋە ئىسمەت بەي قاتارلىق نوپۇزلۇق ھەربىي ئەربابلىرىنىڭ (گېرمانلار بىلەن ئىتتىپاقلاشماسلىق توغرىسىدىكى) كۆز قاراشلىرىغا قارىماستىن، گېرمانلار بىلەن بىر سەپتە بۇ ئۇرۇشقا سۆرەپ كىرىلدى. بەيلەربەيى (بەگلەر بېگى) سارىيىدا تۇرۇۋاتقان سابىق سۇلتان 2 ـ ئابدۇلھەمىدخاننىڭ «بۇ جىھاد شۇنداق بىر قورالدۇركى، ئىشلىتىلمىگەندە ئىشلىتىلگەندىكىدىن بەكرەك كۈچنى كۆرسىتىدۇ» دېگەن سۆزىنى ئەسلەپ ئۆتۈشنىڭ پايدىسى بار. بۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، چاناق قەلئەدە، مەيلى برىتانىيە قوشۇنىدا، ياكى فرانسىيە قوشۇنىدا، مۇستەملىكە زېمىنلىرىدىن قوبۇل قىلىنغان مۇسۇلمان ئەسكەرلەرنىڭ سانى ئانچە كۆپ ئەمەس ئىدى.

تۇنجى ھۇجۇم ۋە مۇداپىئەدىن كېيىن، ئۇرۇشتا «چاناق قەلئە بوغۇزىدىن ئۆتۈپ، ئىستانبۇلغا ئىلگىرىلەش» نىشانىنىڭ بېكىتىلىشىگە چېرچىلنىڭ كەسكىن قارارى سەۋەب بولدى. بۇ پىلاننىڭ ئىجرا قىلىنىشقا باشلىنىشى بىلەن، رۇسىيەنىڭ (يۇقىرىدا قەيت قىلىنغان، چاناق قەلئە بوغۇزى ۋە ئىستانبۇلنىڭ رۇسىيەگە بېرىلىشى خۇسۇسىدىكى كېلىشىمگە قەتئىي ئەمەل قىلىنىشى كېرەكلىكى توغرىسىدىكى) ئېتىرازى يەنە تەكرارلاندى. لېكىن، يەنە بىر تەرەپتىن رۇس قوماندانى گىراندۇك نىكولا بۇ ھەرىكەتنىڭ تېزدىن تاماملىنىشى ھەمدە رۇسىيەگە بېرىلىدىغان ياردەمنىڭ ۋاقتىدا يەتكۈزۈپ بېرىلىشى كېرەكلىكىنى تەكىتلەۋاتاتتى. چۈنكى، بۇ چاغدا مەۋجۇت رۇس ھاكىمىيىتى دۆلەت ئىچىدە مۈشكۈل ئەھۋالدا قالغان بولۇپ، بولشېۋىكلار ھاكىمىيەتنى قولغا كىرگۈزۈش ئالدىدا تۇرۇۋاتاتتى. دېگەندەك، كېيىن ئاقىۋەت دەل شۇنداق بولدى. ھەتتا، سوۋېت رۇسىيەسى ئۇرۇشتىن چېكىنىپ چىقىشنى قارار قىلىپ، كونا سەپداشلىرىغا دۈشمەن بولدى.

ئۇرۇش تەييارلىقلىرى ئۈچ ئاي داۋاملاشتى. تۈرك ئىمپېرىيەسى قۇرۇقلۇق ئارمىيەسىنىڭ مۇداپىئەسىگە ئەھمىيەت بېرەتتى، شۇنداق قىلىش ھەم توغرا ئىدى. چاناق قەلئە ئىستىھكامىغا جەۋاد پاشا مەسئۇل ئىدى. لېكىن، باش قوماندان ۋەكىلى ۋە (گېرمانىيە ـ ئاۋستىرىيە بىلەن ئوسمانلى ئىمپېرىيەسىنىڭ قوشۇنلىرىدىن تەشكىل قىلىنغان) بىرلەشمە ئارمىيەنىڭ قوماندانى بولغان ئەنۋەر پاشا ئىستانبۇلغا كەلگەن «گېرمانىيە ئىسلاھات ھەيئىتى»نىڭ (گېرمانىيە ئىسلاھات ھەيئىتى ــــ بالقان ئۇرۇشىدىن كېيىن ئوسمانلى ۋە گېرمانىيە ھۆكۈمەتلىرى ئوتتۇرىسىدا ھاسىل قىلىنغان كېلىشىمنىڭ نەتىجىسىدە، 1913 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى ئوتتو لىمون ۋون ساندېرسنىڭ مەسئۇللىقىدا ئوسمانلى ئارمىيەسىنى ئىسلاھ قىلىش ئۈچۈن قۇرۇلغان ھەربىي ئورگان، ت) مەسئۇلى ئوتتو لىمون ۋون ساندېرسنى گەلىبولۇغا (گەلىبولۇ ــــ چاناق قەلئە ۋىلايىتىگە قاراشلىق بىر ناھىيە، ت) 5 ـ ئارمىيە قوماندانى قىلىپ تەيىنلىدى.

لېكىن، «بىرلەشمە ئارمىيە» دېگەن ئىبارىگە قاراپلا، بۇ ئارمىيەدىكى گېرمانىيە ـ ئاۋستىرىيە قوشۇنلىرىنىڭ سانىنى كۆپتۈرۈۋەتمەسلىك كېرەك. گەلىبولۇدا ئىتتىپاقداشلىرىمىز (ئەسكەردىن بەكرەك) شۇ

چاغدىكى ئىلغار تېخنىكىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان قورال ـ ياراق ۋە ئوق ـ دورا ياردەم قىلغانىدى. لىمون پاشا، پرۇسسىيە (گېرمان) قوشۇنىدا ئالاھىدە شۆھرەت قازانغان سەركەردىلەردىن ئەمەس ئىدى. لېكىن، ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، ئۇنىڭ لاياقەتلىك ھەربىي خادىم ئىكەنلىكى ۋە تۈرك قوماندانلىرىنىڭ كۆز قاراشلىرىغا ئېتىبار بېرىپ، مۇۋاپىق يول تۇتىدىغانلىقى مەلۇم بولدى.

بۇ ئۇرۇشتا تۈرك ئارمىيەسىنىڭ ياش، ئەمما تەجرىبىلىك ۋە بىلىملىك ئوفىتسېرلىرى بىر سەپتە تىزلانغانىدى. ھەقىقىي مۇداپىئە ئۇرۇشى باشلانغان 18 ـ مارتتىن بىر ئاي ئىلگىرى، ئانتانتا دۆلەتلىرى چاناق قەلئە بوغۇزىدىكى مىنا رايونلىرىدىكى مىنالارنى تازىلىغان بولسىمۇ، لېكىن ھۇجۇم باشلىنىشتىن ئون كۈن ئىلگىرى يەنە مەخپىي ھالدا مىنالار كۆمۈلدى. بۇ «نۇسرەت» ناملىق مىنا ئورۇنلاشتۇرغۇچى پاراخوتتىكى ئەسكەرلەرنىڭ تارىخ سەھىپىسىدىن ئورۇن ئالغان، ھەتتا ئۇرۇشتا بۇرۇلۇش نۇقتىسى ھاسىل قىلغان ئۆتۈكۇدۇر.

شۇنىڭدىن بىر كۈن كېيىن ھۇجۇمغا ئۆتىدىغان ئانتانتا دۆلەتلىرى دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ شۇ سەۋەبلىك ئېغىر تالاپەتكە ئۇچرايدىغانلىقى ۋە (ئوسمانلى ئىمپېرىيەسىنىڭ) مۇداپىئە رايونىدىن كېلىدىغان زەربە سەۋەبلىك چېكىنىدىغانلىقى ئېنىق ئىدى. شۇ ۋاقىتتا دۇنيادىكى ئەڭ مۇكەممەل برونە پاراخوتى بولغان، «سۇدىكى قەلئە» دەپ نام ئالغان «ئايال پادىشاھ ئېلىزابېت» (Queen Elizabeth) ناملىق پاراخوت ئازدۇر ـ كۆپتۇر تالاپەتكە ئۇچراپ چېكىنگەن، «ئوكيان» (Ocean)، «توسقۇنسىز» (irresistible) ۋە «بوۋېت» (Bouvet) ناملىق پاراخوتلار چۆكۈپ كەتكەن، «ئاگامەمنون» (Agamemnon) ناملىق پاراخوت قېچىپ كەتكەنىدى. نەتىجىدە، بۇ بىر مەغلۇبىيەت ھېسابلىنىپ، چاناق قەلئە بوغۇزىدىن كېمە ئارقىلىق ئۆتۈشتىن ۋاز كېچىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، «چاناق قەلئەدىن ئۆتكىلى بولمايدۇ»غانلىقى تارىخىمىزدا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە 18 ـ مارت دېڭىز زەپىرى سەۋەبلىكلا ئەمەس، بەلكى شۇنىڭدىن كېيىنكى قۇرۇقلۇق ئۇرۇشى سەۋەبلىكمۇ تەكرار ئېتىراپ قىلىندى.

ئارىبۇرنۇ (چاناق قەلئە بوغۇزىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى بىر جاي، ت) قوماندانلىقى چاناق قەلئە ئۇرۇشى جەريانىدىكى ئەڭ مۇھىم نۇقتا ۋە ھەربىي ئۇنۋانلاردىن بىرى ئىدى. مۇستافا كامال بەي سوفيادا (سوفيا ـــ بۇگۈنكى بۇلغارىيەنىڭ پايتەختى ۋە ئەڭ چوڭ شەھىرى، ت) بۇ يەرنىڭ قوماندانلىق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىشنى تەكرار تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، ئەمما تەيىنلەش قارارى كېچىكىپ چىقىرىلدى. شۇ سەۋەبتىن، ئۇ ئالتىنچى ئايدا ئاندىن ئارىبۇرنۇغا بارالىدى. ئۇنىڭغا تاپشۇرۇلغان 19 ـ دىۋىزىيە (تۈمەن) مۇنتىزىم قوشۇن ئىدى. شۇنداقلا، چاناق قەلئە ئۇرۇشى جەريانىدا، رايون قوماندانى ئەسەت پاشاغا قارايدىغان ئۈچ ئاساسلىق دىۋىزىيەدىن بىرى ئىدى. ئەسەت پاشا ۋە ئۇنىڭ قوماندانلىقىدىكى دىۋىزىيەلەر شۇ چاغدىكى ئۆتۈكلىرى بىلەن دۇنيا تارىخ سەھىپىسىدىن ئورۇن ئالدى ۋە ئۇرۇش تارىخىدىمۇ شۆھرەت قازاندى. چاناق قەلئە ئۇرۇشى جەريانىدا، مۇستافا كامالنىڭ ئەڭ مۇھىم تۆھپىسى 261 ـ نومۇرلۇق

تۆپىلىكتە چېكىنىۋاتقان قىسىمغا جونك قاپتىلى (Conk Bayırı)نى قوغداش ئۈچۈن جايلىشىش بۇيرۇقىنى چۈشۈرگەنلىكىدۇر.

ئوق - دورىسى تۈگىگەن ۋە جونك قاپتىلىغا ياماشقان دۈشمەندىن زەربە يەپ چېكىنىۋاتقان قىسىم ئۇنىڭ تۇيۇقسىز بۇيرۇقى بىلەن توختىتىلدى ۋە ئەسكەرلەرنىڭ مىلتىقىغا ئىشتىك (مىلتىقنىڭ ئۇچىغا بېكىتىلىدىغان نەيزە، تىغ، ت) بېكىتىپ جايلىشىشىغا كاپالەتلىك قىلىندى. بۇنىڭ تۈرتكىسىدە، دۈشمەننىڭ ئىلگىرىلىشىگە توسقۇنلۇق قىلىش ئارقىلىق بىر ئاز ۋاقىت قولغا كەلتۈرۈلدى. جونك قاپتىلىغا ھەمدەمچى قوشۇن كەلگەنگە قەدەر، پەۋقۇلئاددە شىددەتلىك ئۇرۇش بولۇپ، بىر ئىستىھكامنىڭ برىتانىيەنىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىشىنىڭ ئالدى ئېلىندى. بۇ ۋەقە برىتانىيەنىڭ ھەربىي دوكلاتلىرىدىنمۇ يەر ئالدى. كەلگۈسىدە گەلىبولۇدىكى بۇ ئۇرۇشلار ھەم برىتانىيە ئارخىپلىرى، ھەم بىزنىڭ ئارخىپلىرىمىزنى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق تەتقىق قىلىنسا، بۇنىڭدەك ۋەقەلەرگە تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىلگەنلىكىگە شاھىت بولىمىز. چۈنكى، بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى تارىخىنى چۈشىنىشكە توسقۇنلۇق قىلىۋاتقان ئەڭ ئېغىر مەسىلە ئۇرۇش تارىخچىلىرىنىڭ تۈرك مەنبەلىرىنى تەتقىق قىلالماسلىقى، شۇنداقلا تۈرك ئۇرۇش تارىخچىلىرىنىڭمۇ برىتانىيە، فرانسىيە ۋە گېرمانىيە ئارخىپلىرىنى يېتەرلىك دەرىجىدە ئەستايىدىللىق بىلەن ۋە ئۆز نۇقتىئىينەزىرىدىن تەتقىق قىلىشقا كۆچمەسلىكىدۇر.

برىتانىيەنىڭ داڭلىق قوماندانى ئىئان ھامىلتون (Ian Hamilton) قۇرۇقلۇق ئارمىيەسىنىڭ قوماندانلىقىغا تەيىنلەنگەن چوڭ ئۇرۇش ئەنە شۇنداق باشلاندى. چاناق قەلئەدىن دېڭىز ئۇرۇشى ئارقىلىق ئۆتكىلى بولمايدىغانلىقى ئايدىڭلاشقان، شۇنداقلا بۇنى برىتانىيە دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ ۋەزىرى بولغان ۋىنستون چېرچىل ۋە باشقا قوماندانلار بىۋاستە ئېتىراپ قىلغاندى. 1915 - يىلى 6 - ئاينىڭ 25 - كۈنى، (ئانتانتا دۆلەتلىرىنىڭ) قۇرۇقلۇق ئارمىيەسى گەلىبولۇ يېرىم ئارىلىغا قەدەم باستى. ئۇلار تۈركلەرنىڭ شىددەتلىك قارشىلىقى سەۋەبلىك (بىرلا يەردىن ئەمەس، بەلكى) ئۈچ يەردىكى ساھىلدىن قۇرۇقلۇققا چىققاندى. ئاسىيا تەرەپتىكى قىرغاقتا قۇم قەلئە، رۇمەلى تەرەپتىكى قىرغاقتا بولسا ئارىبۇرنۇ ۋە سەددۈلبەھىر بار ئىدى. برىتانىيە ۋە فرانسىيە قوشۇنلىرىنىڭ سەددۈلبەھىردىن شىمالىغا، ئارىبۇرنۇدىكى برىتانىيە ۋە ئانزاك قوشۇنلىرىنىڭ (ئاۋستىرالىيە ۋە يېڭى زېلاندىيەنىڭ ياردەمچى قوشۇنلىرى) يېرىم ئارالنىڭ شەرقىگە يېتىپ بېرىشى ئۇرۇنۇشلىرى ئوسمانلى قوشۇننى ئېغىر بېسىمغا دۇچار قىلدى. ھالبۇكى، لىمون ۋون ساندېرس دۈشمەن قوشۇنلىرىنىڭ قايسى نۇقتىلاردىن قۇرۇقلۇققا چىقىشى مۇمكىنلىكى توغرىسىدىكى پەرىزىدە خاتالاشقانلىقىنى ئېتىراپ قىلدى. تۈرك ئوفىتسېرلار بولسا توغرا نۇقتىلارنى كۆرسىتىشكەندى. مۇستافا كامالنىڭ 19 - دىۋىزىيەسى دەل ئاشۇ كۈنلەردە يېرىم ئارالنىڭ يەنە بىر تەرىپىدىكى ئارىبۇرنۇدىن بەش مىل يىراقلىقتىكى مايدوستا ئىدى. مەزكۇر زاپاس قوشۇننىڭ بۇ يەردە تۇرغۇزۇلۇشى ئىنتايىن ھالقىلىق ۋە پاجىئەگە سەۋەب بولۇشىمۇ مۇمكىن ئىدى. ھەرقانداق شارائىتتا ئارىبۇرنۇ نۇقتىسىدىكى تۆپىلىكلەرنى دۈشمەنگە تارتقۇزۇپ قويماسلىقا تىرىشقىنى 57 - پولك (ئالاي) ئىدى. 57 - پولكنىڭ چاناق قەلئە

ئۇرۇشىدا ئەڭ قەھرىمانلارچە مۇداپىئە مۇجادىلىسى قىلغان ۋە ئەسكەرلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك قۇربان بولغان بىر پولك ئىكەنلىكى ھەممىگە مەلۇم.

ھەر قەۋم تارىخ يارىتىدۇ ۋە بەزى قەۋملەر ياراتقان تارىخ باشقا قەۋملەرنىڭ ھەمدە دۇنيانىڭ يۈزلىنىشىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. چاناق قەلئەدىكى دېڭىز ئۇرۇشلىرى ۋە شۇنىڭدىن كېيىنكى قۇرۇقلۇق ئۇرۇشى دۇنيا تارىخىدا ئۆزى ئۆچۈن تىكلەنگەن ئابىدىگە ئوخشاشلا ئۇنتۇلماس ۋە داستان كەبىدۇر. ئۇ بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ نەتىجىسىگە ۋە ئۇرۇشنىڭ ئاخىرىدىكى ئۆزگىرىشلەرگە تەسىر كۆرسەتكەن زور ۋەقەلەردىندۇر. مۇداپىئەدە تۇرغان تۈركلەر، تېببىي ئىنستىتۇتتىكى، ئىنژېنېرلىق مەكتەپلىرىدىكى ۋە داڭلىق ئوتتۇرا مەكتەپلەردىكى ياش زىيالىيلاردىن، ناھىيە - بازارلاردىكى ئۇستا ھۈنەرۋەنلەر ۋە بۇ دۆلەتنىڭ تۇپرىقىنى تېرىيدىغان دېھقانلارغىچە، قىرىق يىلدا ئاندىن ئورنىنى تولدۇرغىلى بولىدىغان دەرىجىدە زور قۇربانلىق بەرگەنىدى.

ئاندىن، چاناق قەلئەدە ئۇرۇش قىلغان ئەسكەرلەر ئۆزلىرىگە يېتەكچىلىك قىلىۋاتقان ياش قوماندانلىرى بىلەن بىللە شەرقىي سەپكە بۇرۇلۇپ، سۈرىيەگە، پەلەستىنگە ۋە مېسسوپوتامىيەگە يۈرۈش قىلىشتى. 1915 - ۋە 1916 - يىللىرىدىكى گەلىبولۇ ۋە كۇت مۇھاسىرىسى ئۇرۇشلىرى بىرىتانىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ ئۈلىنى تەۋرەتكەن، بىرىتانىيە خەلقىنى ئىمپېراتورلۇق ئۈمىدۋارلىقىدىن ئويغاتقان، بىرىتانىيەنى ياۋروپادىن ئوتتۇرا شەرققە ئەكەلگەن ئۇرۇشلاردۇر. بىز خاتا سەپتە ئۇرۇش قىلدۇق، تېخىمۇ توغرىسى، بىزگە ئائىت بولمىغان بىر ئۇرۇشقا سۆرەپ كىرىلدۇق. مەغلۇبىيەتتىن ساقلانغىلى بولمايتتى ۋە ئوسمانلى ئىمپېرىيەسى شۇ سەۋەبلىك پارچىلاندى، بۇ جەرياندا بىز ۋەتىنىمىزدىن ۋە ئىنسانلىرىمىزدىن ئايرىلدۇق.

## چاناق قەلئە ئۇرۇشى ۋە دۈشمەننىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك چېكىنىشى

1916 - يىلى 1 - ئاينىڭ 9 - كۈنى، بىرىتانىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ قوشۇنلىرى گەلىبولۇ يېرىم ئارىلىدىن ئايرىلدى. بۇ قوشۇندا ئانتانتا دۆلەتلىرىنىڭ ئاز ساندىكى ئەسكەرلىرىمۇ بار ئىدى، («ئاز ساندىكى» دېيىشىمىزدىكى سەۋەب) چۈنكى ئۆلارنىڭ كۆپىنچىسى ئاللىقاچان كېتىپ بولغانىدى. فرانسىيەنىڭ بىرىتانىيە بىلەن مەزكۇر ئۇرۇش ئىچىدە كۆرۈلگەن ۋە شۇنىڭدىن كېيىنمۇ داۋاملىشىدىغان، شۇنداقلا ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىكى بۆلۈنۈشكە تەسىر كۆرسىتىدىغان جېدەل - ماجىراسى مانا مۇشۇ يەردە باشلانغانىدى. ئانتانتا دۆلەتلىرىنىڭ بىرلەشمە دېڭىز ئارمىيەسى بوغۇزنىكى چاناق قەلئەگە ئورۇنلاشقاندا، فرانسىيە دېڭىز قىسىملىرى ئالدىنقى سەپتىن ئورۇن ئالغان ۋە گەلىبولۇ يېرىم ئارىلىدىكى دېڭىز ساھىلى مۇداپىئە قىسىملىرى ئۆلارنى مۆلچەرلەنمىگەن دەرىجىدە ئېغىر تالاپەتكە ئۇچراتقان. نەتىجىدە، نۇرغۇن ئەسكەرلەر ۋە سىياسەتچىلەر بۇنى بىرىتانىيەنىڭ فرانسىيەدىن قالقان سۈپىتىدە پايدىلىنىش سىياستىنىڭ ۋە تۇتۇمىنىڭ تۇنجى ئىپادىسى دەپ قارىغانىدى.

شۇنىسى ھەقىقەتكى، 18 ـ مارت چاناق قەلئە دېڭىز ئۇرۇشى ئەسلىدە 1914 ـ يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدىلا باشلانغانىدى. پەقەت، ئۇرۇش ئانتانتا دۆلەتلىرىنىڭ دېڭىز ئارمىيەسى ئۇچرىغان ۋە بۇ ئۇرۇشنى قوزغىغانلار كۈتمىگەن زەربە ۋە مەغلۇبىيەت بىلەن ئەۋجىگە چىققانىدى. بۇ ئۇرۇش 1916 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى ئاخىرلاشقان. لېكىن، يېرىم ئارالدىن ئايرىلىش پىلانىنىڭ 1915 ـ يىلى 10 ـ ئايدىن باشلاپلا ئويلىنىلىشقا باشلىغانلىقى، دەسلەپتە بەس ـ مۇنازىرىگە سەۋەب بولغان بۇ قارارنىڭ لوندوندا ئىلاجسىزلىقتىن ماقۇللانغاندىن كېيىن، قەدەممۇ قەدەم ئىجرا قىلىنغانلىقى ھەقىقەتتۇر.

رىملىقلار تارىختا بىر «چېكىنىش» دەپ ئاتىغان بۇ ھەربىي ھەرىكەتنى ئەڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك رويابقا چىقارغان ئىمپېرىيە ئىدى. برىتانىيەنىڭ گەلىبولۇ يېرىم ئارىلىدىن ئايرىلىشىمۇ ئۇنىڭ دېڭىزدىكى ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى يارقىن نامايەندىسى بولۇپ، بۇنداق دېيىش مۇبالىغە قىلغانلىق دەپ قارالماسلىقى كېرەك. چاناق قەلئە ئۇرۇشلىرى برىتانىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ بۇ ئۇرۇش (بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى)نى تېز ئاياغلاشتۇرۇش ئۈچۈن زور ئۈمىد بىلەن قىلغان ھەرىكىتى ئىدى. ھالبۇكى، بۇ ئۇلار كۈتمىگەن، ئەمما ئۆزلىرى ئېتىراپ قىلغانىدەك «ياخشى تەرتىپكە سېلىنغان، جەسۇرلارچە مۇداپىئە مۇجادىلىسى» سەۋەبلىك ئاۋۋال توسالغۇغا، كېيىن بىر پاجىئەگە ئايلاندى.

برىتانىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ ئالدى ـ كەينى بەش ئاي داۋاملاشقان ئارالدىن ئايرىلىش ھەرىكىتى بولسا ئىنتايىن مۇۋەپپەقىيەتلىك چېكىنىشتۇر. بۇنداق ئايرىلىش ھەرىكىتى تراگېدىيەگە ئايلىنىپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى. ئۇلار قالغان قوشۇنلىرىنى جىمجىتلىقنە ۋە تەرتىپلىك ھالدا چېكىندۈردى. قالغان ماتېرىياللارنى بولسا پەقەتلا ئىشلەتكىلى بولمىغۇدەك ۋە «غەنىيمەت» دەپ قارىغىلى بولمىغۇدەك دەرىجىدە ۋەيران قىلىۋەتتى. ئەگەر چاناق قەلئەدىكى ئەسكەرلىرىمىزنىڭ ئۆزۈق ـ تۈلۈكلىرى ـــ بەزى تارىخچىلىرىمىزنىڭ ئويلىغىنىنىڭ ئەكسىچە ـــ يېتەرلىك بولمىغان بولسا، يەنى ئەسكەرلىرىمىز ئاچ قالغان بولسا ئىدى، (برىتانىيە ئارمىيەسى تەرىپىدىن) زەھەر سېلىنىپ، كۆيدۈرۈلۈپ تاشلىۋېتىلگەن يېمەكلىكلەرنىڭ پەۋقۇلئاددە ۋەھىمىلىك ۋە ئېچىنىشلىق ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇقەررەر ئىدى.

1 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى ئارمىيەمىز غەلبىنى تەبرىكلىدى. ئەمما، قارشى سەپتىكى مەغلۇپ بولغان قوشۇننىڭ بۇ چېكىنىش ھەرىكىتىنى نەچچە ئاي مابەينىدە قانداق رويابقا چىقارغانلىقى، بۇ جەھەتتە قانداق يىپ ئۇچلىرى بارلىقى، بۇ زور كۆلەملىك چېكىنىش ھەرىكىتىنىڭ نېمە ئۈچۈن بايقالمىغانلىقى توغرىسىدا قوماندانلىرىمىزنىڭ كۈندىلىك خاتىرىلىرىدە ئوچۇق بايانلار يوق. برىتانىيەلىكلەرنىڭ ھۇجۇملاردا، ھەتتا قىرغاقتىكى جەڭلەردە قولغا كەلتۈرەلمىگەن مۇۋەپپەقىيەتنى ئارالدىن ئايرىلىش ۋە چېكىنىشتە قولغا كەلتۈرگەنلىكىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇرمىز.

چاناق قەلئە ئۇرۇشىنىڭ تەرەققىياتى ۋە بۇ جەھەتتىكى مەغلۇبىيەتلەر چىرچىلدەك مەشھۇر سىياسەتچىنىڭ تەبىرى بويىچە «ئۇنىڭ يىگىرمە يىل بىر چەتتە قېلىشىغا ۋە گېنېرال ھامىلتوندەك داڭدار

قوماندانىنىڭ كەسپىي ھاياتىنىڭ ئاياغلىششىغا» سەۋەب بولغان بولسىمۇ، برىتانىيە يەنىلا ئۆز خەلقىگە قايىل قىلارلىق سەۋەبلەرنى كۆرسىتەلىدى. ئۇلاردىكى ئۈمىدسىزلىك بىر مەزگىلدىن كېيىن پەسلەپ كەتتى. شۈبھىسىزكى، بىر تەرەپتىن ئاچارچىلىقتا دۈچ كەلگەن ھەمدە قوشۇننى ۋە دۆلەتنى ئىدارە قىلىش ھەلەكچىلىكىدە ھالسىرىغان، يەنە بىر تەرەپتىن ئىنقىلابچىلار كۈندىن كۈنگە جانلىنىپ كېتىۋاتقان رۇسىيە بولسا تېخىمۇ چوڭقۇر پاتقاققا پېتىپ قالغانىدى.

چاناق قەلئەدىن ۋاز كېچىلگەن كۈندىن كېيىنكى بىر يېرىم يىلدا، رۇسىيە مىسلىسىز ئۈمىدسىزلىك ۋە قالايمىقانچىلىققا دۇچار بولدى. 13 ئايدىن كېيىن، رومانوف خاندانلىقى (رۇسىيە تارىخىدىكى ئىككىنچى ۋە ئەڭ ئاخىرقى پادىشاھلىق، يەنى بىز دەۋاتقان «چاررۇسىيە خاندانلىقى»، ت) غۇلاپ چۈشتى ۋە كېرېنسكىي ھۆكۈمىتى (چاررۇسىيە غۇلىغاندىن كېيىن تەسىس قىلىنغان ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت، شۇ ھۆكۈمەتنىڭ رەھبىرى ۋە باش مىنىستىرى ئالېكساندېر كېرېنسكىيغا نىسبەت بېرىلىپ، «كېرېنسكىي ھۆكۈمىتى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ، ت) ئاساسىي قانۇنلۇق بىر ھاكىمىيەت بەرپا قىلىپ، جۇمھۇرىيەت قۇرىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى. 1916 ـ يىلىنىڭ بېشىغا كەلگەندە، سەككىز ئاي داۋاملاشقان، قالايمىقانچىلىقلار ئاخىرلىشىش تۈگۈل تېخىمۇ ئەۋج ئالغان بۇ دەۋرمۇ ئاياغلىشىپ، بولشېۋىك ئىنقىلابى رۇسىيەنى ئۇزۇن مەزگىللىك ئىچكى ئۇرۇشقا سۆرەپ كىردى.

برىتانىيە خەلقىنىڭ «كونا پاتماس ئىمپېرىيە»نىڭ ئارمىيەسى ۋە ھاكىمىيىتىنىڭ قۇدرىتى توغرىسىدىكى ئۈمىدسىزلىكى برىتانىيەنىڭ 1916 ـ يىلىدىكى «كۇت مۇھاسىرىسى»دىكى تۈركلەرگە قارشى مەغلۇبىيىتى سەۋەبلىك تېخىمۇ كۈچەيدى. 1916 ـ يىلى، برىتانىيەنىڭ ۋە فرانسىيەنىڭ 1918 ـ يىلىدىكى قاتتىق قول تۈتۈمنى، ئانتانتا دۆلەتلىرىنىڭ دۈشمەنلەرگە قارشى ئىنساپسىز، ئەمما تۈركلەرگە قارشى تەلتۆكۈس ۋەيران قىلىشنى مەقسەت قىلغان سىياسەتلىرىنى ۋە ئۆز ئارىسىدىكى خۇسۇمەتلىرىنى بەلگىلىگەن بىر يىل بولدى.

گېنېرال ھامىلتوننىڭ ئورنىغا تەيىنلەنگەن سىر چارلېس مونرامۇ ئونىنچى ئايدىن تارتىپ ساھىلغا قاپسىلىپ قالغان ئەسكەرلەرگە ياردەمچى قوشۇن ئەۋەتىش ئىمكانىيىتى يوقلۇقى سەۋەبلىك، ئارالدىن ئايرىلىشتىن باشقا چارە يوقلۇقىنى كۆرۈپ يەتكەنىدى. برىتانىيە مۇداپىئە ۋەزىرى كىتچېنېر 11 ـ ئايدا گەلىبولۇنى كۆزدىن كەچۈرگىلى كەلگەندە، قوماندانلار بىلەن ئارالدىن ۋاقىتدا ئايرىلىش توغرىسىدا مۇنازىرىلەشكەن، ئاندىن 11 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا چېكىنىش توغرىسىدا قەتئىي قارار ماقۇللانغانىدى.

برىتانىيە بىر ئاي ئىچىدە ئىجرا قىلىنغان بۇ ھەرىكەت ئارقىلىق 35 مىڭدىن ئارتۇق ئەسكەر، تۆت مىڭدىن ئارتۇق ئۇلاغ، زەمبىرەك، ماشىنا ۋە ئۇسكۈنە ـ زاپچاسلارنى ئېلىپ كەتتى. كېمىلەرگە سىغمىغان ھايۋانلارنى ئۆلتۈرۈپ، ماشىنىلارنى ۋەيران قىلىۋەتتى ۋە تولىمۇ مۇۋاپىق چېكىنىش تەدبىرى سۈپىتىدە (ئېلىپ مېڭىش مۇمكىن بولمىغان) ئوقلارنى دېڭىزغا تۆكۈۋەتتى.

**چاناق قەلئەدە يېڭىلگەن بولساق**

**«ئەگەر چاناق قەلئەدە يېڭىلگەن بولساق، برىتانىيە مالتانى، قىبرىسنى، مىسىرنى قانداق ئىشغال قىلغان بولسا، بۇ يەرگىمۇ شۇ تەرىقىدە جايلىشاتتى ۋە (بۇ يەرلەرنى، ئۇنىڭ خەلقىنى) ئۆزىنىڭكىدەك قىلىپ ئۆزگەرتىۋەتكەن بولاتتى. ئارقىدىن، بەلكىم رۇسىيەمۇ كېلىشى ۋە بىز بۇ زېمىنلارنى ئىككىنچىلەپ قايتۇرۇۋالالماسلىقىمىز مۇمكىن ئىدى. «كونىستانتىنپول»نى (ئىستانبۇلنىڭ بىزانتىيە ئىمپېرىيەسىگە قاراشلىق مەزگىلىدىكى كونا ئىسمى، ت) ساياھەتنامىلاردىنلا كۆرۈشكە مەجبۇر بولغان بولاتتۇق. 1915 ـ يىلى (چاناق قەلئەدە مەغلۇب بولغان بولساق) يۈز بېرىشى مۇمكىن بولغان پاجىئە ۋە ئىشغالىيەت، ئېنگلىزلارنىڭ ئۇرۇش توختىتىش مەزگىلىدە بۇ يەرگە كىرىشىگە ئوخشمايتتى.**

**تېخنىكىلىق ئۇسكۇنىلىرى، تېخنىكىدىن پايدىلىنىش ماھارىتى، جاسارىتى ۋە تەشكىلچانلىقى بىلەن مۇشۇنداق بىر ئۇرۇشنى قىلغانلار ئەلۋەتتە ئۆزلىرىنىمۇ شۇنىڭغا يارىشا تەرەققىي قىلدۇرغان بولىدۇ. بىزنىڭ پۈتۈن رەھبەرلىرىمىز ۋە قوماندانلىرىمىز چاناق قەلئەدىن چىققان. ھەتتا، ئىجتىمائىي تەشكىلات خادىملىرىمۇ چاناق قەلئەدىن چىققان مۇۋەققەت ئوفىتسېرلاردۇر. بۇ ئۇرۇشتا يېتىشىپ چىققان خادىملار تۈركىيەنىڭ شۇنىڭدىن كېيىنكى تەرەققىياتىنى كاپالەتكە ئىگە قىلغان بولۇپ، ئەگەر شۇلار بولمىغان بولسا، بۇ بوشلۇق تاكى 1950 ~ 1960 ـ يىللىرىغا قەدەر تۈركىيەنىڭ تەرەققىياتىنىمۇ توسقۇنلۇققا ئۇچراتقان بولاتتى.**

ئىلبەر ئورتايلىنىڭ «غازى مۇستاپا كامال ئاتاتۈرك» ناملىق ئەسىرىدىن ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمە قىلدى



# بز قانداقسگه ئلم-پەنگە ئشەنمەس قلندۇق

# بىز قانداقسىگە ئىلىم ـ پەنگە ئىشەنمەس قىلىندۇق؟

«گېرمانىيە ئاۋازى» ھۆججەتلىك فىلىم قانىلى

21 ـ ئەسىردىكى ئىنسانىيەت تېخىمۇ كۆپ تېخنىكىغا، تېخىمۇ قولايلىق شارائىتقا ۋە راھەت ـ پاراغەتكە، دۇكانلاردىكى تېخىمۇ كۆپ مەھسۇلاتقا قارىتا قاندۇرغىلى بولمايدىغان دەرىجىدىكى كۈچلۈك ئېھتىياجنى ئىپادىلىدى ھەمدە بۇ خىل تۇرمۇش ئۇسۇلى ئۆز نۆۋىتىدە تېخىمۇ كۆپ مەسىلىلەرنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

بىزنى يېمەكلىك بىلەن تەمىنلەيدىغان ئېتىزلاردا ۋە دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدا زادى نېمە ئىشلار يۈز بېرىۋاتىدۇ؟ بىز ئىستېمال قىلىۋاتقان دورىلارغا نېمە بولدى؟ سانائەتلىشىش راستلا دۇنيانى «زەھەرلىك» قىلىۋەتتىمۇ؟ بۇ مەسىلىلەر بارغانسېرى جاھان ئەھلىنىڭ دىققىتىنى قوزغىماقتا.

بىر تەرەپتىن، (مۇھىت بۇلغىنىشى ۋە شۇ سەۋەبلىك كېلىپ چىققان خىلمۇخىل كېسەللىكلەر تۇغرىسىدىكى ئەندىشىلىرى سەۋەبلىك) كوچىلاردا نامايىش قىلىۋاتقان پۇقرالار سانائەت ساھەسىدىكىلەرنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالنى ئۆزلىرىدىن يوشۇرغانلىقىدىن شىكايەت قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئالاقىدار شىركەتلەر ئۆزلىرىنى ئاقلاپ، بۇنداق ئىش بارلىقىنى قەتئىي ئىنكار قىلىشماقتا.

ئۇنداقتا، بۇ خىل ئەھۋالدا، بىز ھەقىقىي ئەھۋالنى بىلىش ئۈچۈن قانداق قىلىشىمىز كېرەك؟ ئەسلىدە، بۇ سوئالنىڭ جاۋابى «ئىلىم ـ پەن ساھەسىدىكىلەرگە، ئالىم ـ تەتقىقاتچىلارغا مۇراجىئەت قىلىشىمىز لازىم» بولۇشى كېرەك ئىدى. ئەمما، بىز شۇنداق بىر دۇنيادا ياشاۋاتىمىزكى، ئەتراپىمىزدا نۇرغۇن كىشىلەر ئۇچۇرغا، ئىلمىي دەلىل ـ ئىسپاتلارغا، ھەتتا «ئىلىم ـ پەن تەبىئەت دۇنياسى توغرىسىدىكى ھەقىقەتلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ» دېگەن نۇقتىغا قارشى مۇجادىلە قىلىشىدۇ. يەنى ئىلىم ـ پەننىڭ نوپۇزىنى سۇندۇرۇشقا ئۇرۇنىدۇ.

بىز بۇنى «پىلانلىق نادانلىق» دەپ ئاتايمىز.

ئۇنداقتا، بۇلار زادى كىملەر؟ ئۇلار نېمە ئىش قىلىۋاتىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن شۇنداق قىلىدۇ ۋە ئىشلىرىنى قانداق ۋۇجۇدقا چىقىرىدۇ؟

كۆپىنچە تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەردىكىگە ئوخشاش، گرېتسىيەنىڭ شىمالىدىكى ھەسەل ھەرىسى توپى ۋەيران بولدى. ئەمەلىيەتتە، بۇ خىل ھادىسە 1990 ـ يىللىرىدىن باشلاپلا مەۋجۇت ئىدى. ھالبۇكى، بۇ ۋەقە كېيىنچە ئىلىم مالىمانچىلىقى «پىلانلىق نادانلىق» بەرپا قىلىشنىڭ كىلاسسىك مىسالىغا ئايلاندى.

شۇنچە كۆپ ھەرىنىڭ نېمىشقا تۇيۇقسىزلا ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقى ھەقىقەتەن بىر سىر ئىدى. ھالبۇكى، ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي، ئېتىزلىقلاردا ئىشلىتىلگەن يېڭى بىر ئەۋلاد دېھقانچىلىق دورىسىنىڭ بۇ ۋەقەلەرگە سەۋەب بولغانلىقى توغرىسىدىكى پەرەزلەر ئوتتۇرىغا چىقتى. دېمىسىمۇ، بۇ يېڭى مەھسۇلاتلار زىرائەتلەرگە پۈركۈلگەندىن كېيىن، مىليونلىغان ھەرىلەر ئۆلۈشكە باشلىغانىدى. ئۇنداقتا، مەسىلە راستىلا ھاشارات يوقىتىش دورىسىدىمۇ؟

تەتقىقاتچى بانى ھاجىنا (Bani Hajina) ھەرە ساندۇقلىرىنىڭ يېنىدا ۋە ئۆز تەجرىبىخانىسىدا بۇ ھەقتىكى تەكشۈرۈشنى باشلىۋەتتى.

نورمال ئەھۋالدا، تەتقىقاتچىلار نەق مەيداندىن توپلىغان سانلىق مەلۇماتلارنى ئۆز تەجرىبىخانىلىرىدىكى جىمجىت مۇھىتتا تەكشۈرەلەيدۇ. ھەسەل ھەرىسىنىڭ كەڭ كۆلەمدە ئۆلۈشى مۇتەخەسسىسلەردىن چۈشەندۈرۈش تەلەپ قىلىنغان نۇرغۇن ھادىسىلەرنىڭ بىرى، خالاس. ئادەتتە، ئىلىم ـ پەننىڭ رولى تەبىئىي مېخانىزملارنى گەۋدىلەندۈرۈش ۋە كۆزەتكىلى بولىدىغان ئەڭ كىچىك پاكىتلارنى چۈشەندۈرۈشتۇر. ئەنە شۇ رەۋىشتە، ئىلىم ـ پەن تېخىمۇ كۆپ سىرلارنى يېشىش ئارقىلىق تەرەققىي قىلىدۇ ۋە ــــ پرىنسىپ جەھەتتىن ئېيتقاندا ــــ شۇ ئارقىلىق بىزنىڭ ئۆزىمىز ياشاۋاتقان دۇنياغا بولغان تونۇشىمىزنى كۈچەيتىدۇ، ئەمما مەزكۇر پرىنسىپ گاھىدا ئازدۇر ـ كۆپتۇر داۋالغۇپمۇ قالىدۇ.

ئىلمىي تەتقىقاتچىلارغا نىسبەتەن، (گرېتسىيەدىكى) ھەسەل ھەرىلىرىنىڭ تۈركۈملەپ ئۆلۈشىنى مۇشۇ خىل داۋالغۇشلارنىڭ تىپىك مىسالى دېيىشكە بولىدۇ.

ھەسەل ھەرىسى بىلەن دېھقانچىلىق دورىسىنىڭكىگە ئوخشاش ۋەقەلەردە، تەتقىقاتچىلار ئاۋۋال سانلىق مەلۇمات توپلاپ، ئاندىن شۇ سانلىق مەلۇمات دالالەت قىلىدىغان يىپ ئۇچلىرىنى ئىز قوغلاپ تەكشۈرىدۇ ـ دە، زادى نېمە ئىش يۈز بېرىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان پاكىتلار ئوتتۇرىغا چىققاندىن كېيىن، مەسىلە ئۆزلۈكىدىن ئايدىڭلىشىدۇ.

ئەمما ھەسەل ھەرىسىنىڭ تۈركۈملەپ يوقىلىشى مەسىلىسىدە، ئىش تامامەن باشقىچە يۆنىلىشكە بۇرۇلۇپ كەتتى.

2000 ـ يىللارنىڭ بېشىدىلا، سان ـ ساناقسىز رەسمىي دوكلاتلاردا، ئېنتايىن تۆۋەن مىقداردىكى نېئونىكوتىنويىدنىڭمۇ (Neonicotinoid ــــ ئۇيغۇرچە لۇغەتلەردە «ئانابازىن» دەپمۇ تەرجىمە قىلىنغان، نىكوتىنغا مۇناسىۋەتلىك ھاشارات يوقىتىش دورىلىرىنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى، ت) ھەسەل ھەرىسىگە زەھەرلىك تەسىرى بولۇشى مۇمكىن ئىكەنلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلغانىدى. ھالبۇكى، ئارىدىن يىگىرمە يىل ئۆتكىنىگە

قارىماستىن، بۇ جەھەتتە ئومۇمىيۈزلۈك ئىتىراپ قىلىنغان يەكۈن بارلىققا كەلمىدى. ھەتتا بۇ خىل دېھقانچىلىق دورىلىرى بىلەن ھەسەل ھەرىسىنىڭ يوقىلىشى ئوتتۇرىسىدا باغلىنىش بارلىقى توغرىسىدىمۇ ئورتاق تونۇش ھاسىل قىلىنمىدى. ئۇنداقتا، بۇ خىل ئېختىلاپنى زادى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟ مەسىلە ھەقىقەتەن شۇ قەدەر مۇرەككەپمۇ ياكى ئەتەي سۇنى لېيىتىدىغانلار بارمۇ؟

ئىنتايىن زېرەك كۆزەتكۈچىلەرلا بۇنىڭ ئارقىسىدىكى سەۋەبنى كۆرۈپ يېتەلەيدۇ.

ھەسەل ھەرىسى مەسىلىسى يېڭى پەيدا بولغاندا، تۈرلۈك ۋىرۇسلار قاتارلىق تەبىئىي كېسەللىك سەۋەبچىلىرى، شۇنداقلا ھەسەل ھەرىسى بېقىشتىكى نامۇۋاپىق ئۇسۇللار، كىلىمات ئۆزگىرىشى، ھەرىلەر ياشايدىغان تەبىئىي مۇھىتنىڭ ۋەيران قىلىنىشى، كېچىلىك يورۇقلۇق قاتارلىق دېھقانچىلىق دورىسى بىلەن مۇناسىۋەتسىز سەۋەبلەر توغرىسىدىكى تەتقىقاتلار دېھقانچىلىق دورىسىنىڭ بۇ جەھەتتىكى خەتىرىگە قارىتىلغان تەتقىقاتلاردىن تۆت ـ بەش ھەسسە كۆپ بولدى.

ئىلمىي تەتقىقات سانلىق مەلۇمات ئامبىرىدىكى تېز ئېزدەش نەتىجىسىدە كۆرسىتىلگىنىدەك، ھەسەل ھەرىلىرىنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىدە دېھقانچىلىق دورىسى گۇمانلىق دەپ قارالغاندىن كېيىن، باشقىچە چۈشەندۈرۈشلەرگە مەركەزلەشكەن ئاممىۋى ۋە خۇسۇسىي تەتقىقاتلارنىڭ سانى شىددەت بىلەن ئاشقان.

تەتقىقاتلار كۆپەيگەنسېرى، ھەسەل ھەرىسى باققۇچىلار تېخىمۇ گاڭگىراپ قالغان. بۇ خىل زىددىيەتلىك ئەھۋال تاكى تەتقىقاتچىلار ئىلگىرىكى بىر مەسىلىدىكى مۇشۇنىڭغا ئوخشاش قانۇنىيەتنى بايقىغانغا قەدەر داۋاملاشقان.

دەرۋەقە، ھەرقانداق بىر مەسىلىدە يېڭى تەتقىقاتلارنىڭ ئەۋج ئېلىشى دەماللىققا كىشىگە «ھەقىقەتنى تېپىش» ئۇرۇنۇشىدەك تۇيغۇ بېرىدۇ. ئەمما، تاماكىغا ئالاقىدار كەچمىشلەر بىزنىڭ بۇ خىل چۈشەنچىمىزنى ئاغدۇرۇپ تاشلايدۇ.

20 ـ ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىدا، تاماكا ھېلىھەم «تامامەن زىيانسىز»لىق ئوبرازىنى ساقلاپ كېلىۋاتاتتى، ئەمما بۇ ھالەت ئانچە ئۇزۇن داۋاملاشالمىدى. 1953 ـ يىلى 12 ـ ئايدا، تاماكا شىركەتلىرى چوڭ ئاۋارىچىلىققا يولۇقتى. تەتقىقاتچىلار تاماكىنىڭ تەركىبىدىكى كوكس مېيىنى چاشقاننىڭ تېنىگە سۈرۈپ قويغاندا، چاشقاننىڭ راك كېسىلىگە گىرىپتار بولىدىغانلىقىنى بايقىدى ۋە بۇ بايقاش كۈچلۈك غۇلغۇلا قوزغىدى.

مەزكۇر بايقاش تاماكا شىركەتلىرىنى ھەقىقىي كىرىزىسقا دۇچار قىلغانىدى. چۈنكى، ئۇلار بۇ بايقاشلارغا رەددىيە بېرەلمەيتتى. ئۇلار «ھەقىقىي ئەھۋال ئۇنداق ئەمەس» دېيەلمەي، پەقەت «بىز بۇنداق بولارىنى بىلمەيتتۇق»لا دېيەلىدى. شۇنداقلا، بۇ بايقاش ئېلان قىلىنىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا، يەتتە چوڭ تاماكا شىركىتىنىڭ خوجايىنلىرى نيۇيورك شەھرىدىكى پلازا مېھمانخانىسىدا جىددىي يىغىن ئاچتى. بۇ يەتتە شىركەت بىرلىكتە «چوڭ تاماكا گۇرۇھى» (Big Tobacco) دەپ ئاتىلاتتى.

تىجارىتىنىڭ تەھدىتكە ئۇچرىغانلىقىنى ھېس قىلغان بۇ تاماكا ساھەسىنىڭ ماگناتلىرى «پىلانلىق نادانلىق» بەرپا قىلىش تارىخىدىكى «نەمۇنە» دېيىشكە بولغۇدەك پىلاندىن بىرنى تۈزۈپ چىقتى.

ئۇلار «بىز ئىلىم ـ پەنگە ھۆرمەت قىلىمىز، مەھسۇلاتلىرىمىزدىن دەرۋەقە چاتاق چىققاندەك قىلىدۇ. بىز بۇ ئىشقا قاتتىق كۆڭۈل بۆلمەكتىمىز» دېيىشكىنىچە، ئۆزلىرىنىڭ تاماكا چېكىشنىڭ تەن سالامەتلىكىگە كۆرسىتىدىغان تەسىرى توغرىسىدىكى تەتقىقاتلارنىڭ بارلىق باسقۇچلىرىنى ماددىي ياردەم بىلەن تەمىنلەيدىغانلىقىنى، ھەتتا ئۆزلىرىنىڭ مۇشۇ مەقسەتتە «تاماكا ساھەسى تەتقىقات كومىتېتى» قۇرۇۋاتقانلىقىنى جاكارلىدى.

تاراتقۇلار تاماكا ساھەسىدىكىلەرنىڭ ئىلمىي تەتقىقاتنى باشلىغانلىقى توغرىسىدىكى بۇ باياناتنى بەس ـ بەستە خەۋەر قىلىشتى.

ھالبۇكى، «تاماكا تەتقىقات مەركىزى» قۇرۇشتىكى مەقسەت بىلمىگە ھەسسە قوشۇش ئەمەس، بەلكى رېئال پاكىتلارغا رەددىيە بېرەلەيدىغان بىلىملەرنى «ئىشلەپچىقىرىش» ئىدى. تېخىمۇ ئېنىق ئېيتقاندا، ئۇلار مەۋجۇت ئىلمىي دەلىللەرگە ئىلمىي مېتود ئارقىلىق ـــ يەنى ئىلىمگە ئىلىم ئارقىلىق ـــ تاقابىل تۇرماقچى ئىدى.

ئىلىم ـ پەننىڭ بۇ شەكىلدە ئۆز ـ ئۆزىگە قارشى تۇرغۇزۇلۇشى، ئىلىم ـ پەننى ۋەيران قىلىش مەقسىتىدە ئىلىم ـ پەنگە سىستېمىلىق مەبلەغ سېلىشتىن ئىبارەت بىر چوڭ بۇرۇلۇش نۇقتىسىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان بولۇپ، بۇ گويا ئوتنى ئوت بىلەن ئۆچۈرۈشكە ئوخشايتتى.

ئۇنداقتا، تاماكا ساھەسىدىكى ماگناتلار مۇشۇنداق قىلىشنى قارار قىلغاندىن كېيىن، بۇ ئىشنى كونكرېت قانداق ۋۇجۇدقا چىقاردى؟ جاۋاب شۇكى، ئۇلار «چالغىتما تەتقىقات»قا (distracting research) كۆپلەپ مەبلەغ سالدى.

تاماكا شىركەتلىرى يۆلىگەن بۇ تەجرىبىخانىلار «ئالاھىدە تۈر» دەپ ئاتىلىدىغان تەتقىقات تۈرلىرىنى تەسىس قىلدى. بۇ ئىلمىي بايقاشلارنى بۇرمىلاشنى مەقسەت قىلغان مۇكەممەل بىر سىستېما ئىدى. مەسىلەن، ئۇلار تاماكا چەكمەيدىغانلارنىڭ ئۆپكە راكىغا گىرىپتار بولۇش نىسبىتى توغرىسىدا تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، كىشىلەرنىڭ خىزمەت شارائىتى، شەخسىي ئادىتى قاتارلىقلارنىڭ ئۆپكە راكى بىلەن بولغان باغلىنىشى ئۈستىدە ئىزدەنگەنىدى.

ئۇلار يەنە زەھەر (توكسىن) ياكى ۋىرۇسنىڭ ئۆپكە راكىغا سەۋەب بولىدىغان ـ بولمايدىغانلىقىنى تەكشۈرۈش مەقسىتىدە توشقاننى تەجرىبە قىلغان. «چوڭ تاماكا گۇرۇھى» سېخىيلىق بىلەن مەبلەغ سالغان بۇ نەچچە يۈز تەتقىقاتنىڭ بەزىلىرى ـــ يۈرەك ـ قان تومۇر كېسەللىكلىرىنىڭ ئالامەتلىرى توغرىسىدىكى تەتقىقاتقا ئوخشاش ـــ پايدىلىق بولغان بولسىمۇ، ئەمما راك بىلەن تاقىرباشلىقنىڭ مۇناسىۋىتى، ھەتتا راك

بىلەن تۇغۇلغان ئاي ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت (ئۇچىنچى ئايدا تۇغۇلغانلارنىڭ ئۆپكە راكى بولۇش خەۋپى تېخىمۇ يۇقىرى دېگەندەك) قاتارلىق باشقا تەتقىقاتلار تولىمۇ بىمەنە ئىدى.

ئەمەلىيەتتە، بۇ غايەت زور سانلىق مەلۇماتلار بىلەن مەسىلىلەرنى يېپىش ئارقىلىق نادانلىقنى تارقىتىش ئۇرۇنۇشى ئىدى.

باشقا ئېھتىماللىي ئامىللارنىمۇ سۈرەپ چىقىش بۇ جەھەتتىكى ئۇنۇملۇك ئىستراتېگىيەلىك تەدبىردۇر. بولۇپمۇ ئۆپكە راكىغا ئوخشاش نۇرغۇنلىغان سەۋەبلىرى بار كېسەللەرگە نىسبەتەن تېخىمۇ شۇنداق. بىر قاتار خەتەرلىك ئامىللارنى تېپىپ چىقىش ۋە كۆپ خىل تەتقىقات ئۇسۇلىنى قوللىنىش ئىلىم ـ پەندە تامامەن نورمال ئەھۋال، ئەمما بۇ ئارقىلىق قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلىشمۇ ناھايىتى ئاسان.

ئۆپكە راكىغا سەۋەب بولۇشى مۇمكىن بولغان بارلىق سەۋەبلەر توغرىسىدا تۈركۈملەپ تەتقىقات ئېلىپ بېرىلغان ۋە شۇلارنىڭ نەتىجىسى ئېلان قىلىنغاندا، (تاماكىدىن ئىبارەت) «ھەقىقىي جىنايەتچى» كۆزگە كۆرۈنمەيلا قالىدۇ. ئۇلارنىڭ كۆزلىگىنىمۇ دەل مۇشۇ.

«چوڭ تاماكا گۇرۇھى»نىڭ بۇ ئۇرۇنۇشى شۇنىڭدىن كېيىنكى ئىلمىي ئىنكارچىلىقلارنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك تەييار قېلىپ بىلەن تەمىنلىدى.

يۇقىرىدىكىسى تاماكا ھەققىدىكى ھېكايە، ئەمما بۇ ئۆز نۆۋىتىدە يەنە كىسلاتالىق يامغۇرنىڭ، ئوزون قاتلىمىدىكى يوچۇقنىڭ، دېھقانچىلىق دورىسىنىڭ، كىلىمات ئۆزگىرىشىنىڭ، نېيونىكوتىنويىدنىڭ، قوش فېنول A نىڭ، ھاملدارلىقتىن ساقلىنىش دورىسىنىڭ ھېكايىسىدۇر. بىز بۇ ئىستراتېگىيەنىڭ ھېلىھەم تەكرار ـ تەكرار قوللىنىلىۋاتقانلىقىغا شاھىت بولۇۋاتىمىز. ئۇلار (يەنى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان «چوڭ تاماكا گۇرۇھى»غا ئوخشاش، ئىنسانلارنىڭ بەخت ـ سائادىتىگە پەرۋا قىلمايدىغان مەنپەئەتدار گۇرۇھلار) بۇ ئارقىلىق ئۆزلىرى ئۇچۇن ۋاقىت ئۇتماقتا. مەسىلەن، بۇ ئىستراتېگىيەنىڭ (1953 ـ يىلىدىن بۇيان) تاماكا ساھەسىدە ئىشلىتىلىپ كەلگىنىگە يەتمىش يىلغا يېقىن بولدى، شۇنداقلا ھېلىھەم ئىشلىتىلمەكتە.

ھەسەل ھەرىلىرىنىڭ يوقىلىش گىردابىغا بېرىپ قېلىش مەسىلىسىدىمۇ، ھەقىقىي ئىلمىي چۈشەنچىلەر قەستەن چەتكە قېقىلىپ، 20 ~ 30 يىل ۋاقىت شۇ تەرىقىدە ئۆتكۈزۈۋېتىلدى. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، خاتا ئۇچۇر تارقىتىش مۇجادىلىسى نەچچە ئون يىللاپ داۋاملاشتى، مەسىلىنىڭ ھەل قىلىنىشىمۇ نەچچە ئون يىللاپ كېچىكتى. ئەمما، بۇ جەرياندا ئالاقىدار شىركەتلەر توختىماي پۇل تېپىۋەردى.

ئەمما، 1994 ـ يىلغا كەلگەندە، تاماكا مەسىلىسىدە، نەچچە ئون يىلدا بەرپا قىلىنغان ئىلمىي كاززابلىقنىڭ مېزى چۇۋۇلۇشقا باشلىدى.

تاماكا ھەققىدىكى تۇنجى ئاگاھلاندۇرۇشتىن قىرىق يىل كېيىن، يەنى 1994 ـ يىلى ئامېرىكىدىكى ئادەتتىكى بىر خىزمەتچى بۇ ھەقتىكى ئىچكى ماتېرىياللارنى ئاشكارىلاپ، ۋەزىيەتنى تامامەن ئۆزگەرتىۋەتتى.

بىر ساندۇق ھۆججەت سان فىرانسىسكو ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئەۋەتىلدى. بۇلارنى كۆرگەن پروفېسسور ستانتون ھاڭ ـ تاڭ قالدى. «1994 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى، ئىسمى ئاشكارىلانمىغان بىرەيلەن تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن بىر ساندۇق ھۆججەت ئىشخانامغا ئېلىپ كىرىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە تاماكا ساھەسىدىكى شىركەتلەرنىڭ ئىنتايىن يۇقىرى قاتلىمىدىكىلەرگە، جۈملىدىن (تاماكا ماگناتلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان) ئالىي دەرىجىلىك تەتقىقاتچىلارغا، يۇقىرى دەرىجىلىك ئادۋوكاتلارغا، باشقۇرغۇچىلارغا، ئاممىۋى مۇناسىۋەت مۇتەخەسسىسلىرىگە ئائىت ئىچكى ھۆججەتلەر بار ئىدى. مەزكۇر ھۆججەتلەردە بۇ كىشىلەرنىڭ تاماكىنىڭ خەتىرى ھەققىدە نېمىلەرنى بىلىدىغانلىقى ئوپئوچۇق قەيت قىلىنغانىدى» دەيدۇ پروفېسسور ستانتون.

بۇ ھۆججەتلەر پروفېسسور ستانتون ئۈچۈن ھەقىقەتەن «ئاسماندىن چۈشكەن خەزىنە» ئىدى. «بۇ گوياكى يېڭى بىر دەۋرنىڭ باشلىنىشى ئىدى» دەيدۇ پروفېسسور ستانتون.

ئاشكارىلانغان ھۆججەتلەرنىڭ بارغانسېرى كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، ھەقىقەتەن ئايدىڭلىشىشقا باشلىدى، مەزكۇر دېلونى سوتلىغان باش سوتچى تاماكا ساھەسىنىڭ ماگناتلىرىغا خىتابەن: «ئەپەندىلەر، يېقىندا ئاشكارىلانغان ھۆججەتلەر شىركىتىڭلارنىڭ ھەقىقەتكە ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىغا بولغان ئىشەنچىمنى سۇندۇردى. بۇ ھۆججەتلەر ئادۋوكاتلىرىڭلارنىڭ ئىلمىي تەتقىقاتنى سۇيىئىستېمال قىلغان بولۇشى مۇمكىنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئەگەر بۇلار راست بولسا، شۇنى بىلىشىڭلار كېرەككى، بۇ خىل قىلمىشنى قوبۇل قىلغىلى، ئۇنىڭغا يول قويغىلى بولمايدۇ» دېدى.

بۇ شىركەتلەر پولاتتەك پاكىتلار ئالدىدا، نەچچە ئون يىللىق مەخپىي ھۆججەتلىرىنى ئاشكارىلاشقا مەجبۇر بولدى. ئەسلىدە پەقەت بىر نەچچە مىڭ بەت بولغان بۇ ھۆججەتلەر توپلىمى تەخمىنەن 93 مىليون بەتكە يەتتى.

نۆۋەتتە سان فىرانسىسكو ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئارخىپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان بۇ ھۆججەتلەر ئىلىم ـ پەننى سۇيىئىستېمال قىلىشقا، بۇ جەرياندا قوللىنىلغان تاكتىكىلارغا، بۇنىڭغا ئىشتىراك قىلغان تەتقىقاتچىلارغا ۋە سەرپ قىلىنغان مەبلەغكە ئالاقىدار ئىنتايىن كۆپ تەپسىلاتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

بۇ ھۆججەتلەرنىڭ ئىچىدە تاماكا سانائىتىنىڭ ئىستراتېگىيىسى خۇلاسىلەنگەن 1969 ـ يىلىدىكى ئىچكى ئەسلەتمىمۇ بار بولۇپ، مەزكۇر ئەسلەتمىدە شۇنداق دېيىلگەن:

«(كىشىلەرنىڭ كاللىسىدا شەكىللەندۈرۈلگۈسى) گۇمان بىزنىڭ مەھسۇلاتىمىزدۇر، چۈنكى ئۇ ئاۋامنىڭ كاللىسىدا بار بولغان پاكىتلارغا خىرىس قىلىشنىڭ ئەڭ ياخشى ۋاستىسىدۇر. بۇ ئۆز نۆۋىتىدە يەنە تالاش ـ تارتىش پەيدا قىلىشنىڭمۇ ياخشى ۋاستىسىدۇر».

دەرۋەقە، ئۇلارنىڭ يادرولۇق ئىستراتېگىيەسى كىشىلەرنىڭ ئىلىم ـ پەنگە بولغان گۇمانىنى قوزغاش ئىدى.

گۇمان بۇ جەھەتتىكى مۇكەممەل قورال ئىدى. چۈنكى، گۇمان ئىلىم ـ پەننىڭ ئەقەللىي تەركىبلىرىدىن بىرى، ھەتتا ئىلىم ـ پەننىڭ ئاساسلىق ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىدۇر. بىز مۇئەييەن

مەسىلىلەر ھەققىدە گۇمانىمىز بولغانلىقى، شۇ مەسىلىگە قىزىققانلىقىمىز ياكى مەۋجۇت چۈشەندۈرۈشلەرنىڭ يېتەرلىك ياكى ئەمەسلىكىدىن گۇمانلانغانلىقىمىز ئۈچۈن، ئاشۇ مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىمىز. يەنى، بىز ئىلىم ـ پەندە گۇمانغا موھتاج.

ئەمما ئىلىمنىڭ ئىككى خىل تۈرى بار. بىرى، تولۇق دەلىللىنىپ بولغان ئىلىم. مەسىلەن، بىز ھازىر يەر شارىنىڭ يۇمىلاقلىقىدىن ياكى ئالمىنىڭ سېكۇنتىغا 9.8 مېتىرلىق تېزلىكتە يەرگە چۈشىدىغانلىقىدىن گۇمانلانمايمىز. گالىلېي بۇنى ئۆلچەپ چىققان. بىز ئۇنى قايتا ئۆلچىسەك بولىدۇ ـ يۇ، ئەمما بۇ خىل ئۆلچەشلەر مەۋجۇت نەتىجىنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ. شۇڭا، گۇمان بۇ خىل دەلىللىنىپ بولغان ئىلىملەردە ئەمەس، بەلكى تولۇق دەلىللىنىپ بولالمىغان، داۋاملىشىۋاتقان ئىلمىي تەتقىقاتلاردا بولىدۇ. ھالبۇكى، تاماكا ساھەسىنىڭ ماگناتلىرى تەرىپىدىن قوللىنىلغان «گۇمان ئىستراتېگىيەسى»دە «دەلىللىنىپ بولغان، ئورتاق قوبۇل قىلىنغان ئىلىملەردىنمۇ گۇمانلىنىشقا بولىدۇ» دېگەن نۇقتئىينەزەر بازارغا سېلىنىش ئارقىلىق («تاماكا ئۆپكە راكىنىڭ ھەقىقىي سەۋەبچىسى ئەمەس» دېگەندەك) مەنپەئەتدار گۇرۇھلارغا پايدىلىق باتىل قاراشلار بازارغا سېلىنىدۇ.

بۇ خىل «گۇمان ئىستراتېگىيەسى» بۈگۈن ھېلىھەم كەڭ كۆلەمدە قوللىنىلماقتا، ھەتتا بۈگۈنكى ئىنتېرنېت مۇھىتىدا تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقىرىلماقتا.

خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ئىلىم ـ پەن تارىخى تەتقىقاتچىسى نائومى ئورېسكىسنى (Naomi Oreskes) ئۆز ئىچىگە ئالغان تەتقىقاتچىلارنىڭ بايقىشىچە، بۈگۈن چوڭ شىركەتلەر ئىشلەپچىقارغان قانداقلا بىر مەھسۇلاتنىڭ سەلبىي تەسىرلىرى توغرىسىدىكى تەتقىقات نەتىجىلىرى ئوتتۇرىغا چىققان ھامان، شۇ خىل سەلبىي تەسىرلەرنىڭ ئەمەلىيەتتە باشقا تۈرلۈك ئامىللار سەۋەبلىكمۇ كۆرۈلۈشى مۇمكىنلىكى توغرىسىدىكى سان ـ ساناقسىز «تەتقىقات» نەتىجىلىرى تور دۇنياسىنى قاپلاپ كېتىدىكەن. نەتىجىدە، مەسىلىنىڭ ھەقىقىي سەۋەبى (مەسىلەن، تاماكىنىڭ ئۆپكە راكىغا سەۋەب بولىدىغانلىقى) نەچچە يۈزلىگەن سەۋەبلەرنىڭ بىرى قىلىپ كۆرسىتىلىپ، كىشىلەرنىڭ بۇنىڭغا بولغان ھوشيارلىقى تۆۋەنلەيدىكەن.

ئۇنداقتا، بۇ خىل ئىلمىي كاززابلىقنىڭ، ئۇچۇر سۇيىئىستېمالىنىڭ خەترىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، بىز نېمىلەرنى قىلالايمىز؟

بۇنىڭ ئۈچۈن قىلغىلى بولىدىغان، ھەم ئەڭ ئاسان ئىشلاردىن بىرى، ئۇچۇر مەنبەيىگىزگە دىققەت قىلىش، نوپۇزسىز ئۇچۇر مەنبەلىرىدىن يىراق تۇرۇش؛ ئۇچرىغانلىكى ئۇچۇرلارغا ئىشىنىۋەرمەي، ئىشەنچلىك ئىلمىي تەتقىقات ئورۇنلىرىنىڭ تور بېتى، ئىلمىي ماقالىلەر ئامبىرى دېگەندەك نوپۇزلۇق مەنبەلەرگە مۇراجىئەت قىلىشتۇر.

ئىنگلىزچىدىن ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمىسى

مەنبە:

https://www.youtube.com/watch?v=frCIYEyURV0
https://histsci.fas.harvard.edu/people/naomi - oreskes



# شەپقەت ھەمشىرىسى رىۋانگۈلگە بىغىشلانغان ئەسەرلەر ئۈستىدە ئىزدىنىش

سەلمە كامال

# شەپقەت ھەمشىرىسى رىزۋانگۈلگە بېغىشلانغان ئەسەرلەر ئۈستىدە ئىزدىنىش

سەلىمە ئا. كامال

2022 ـ يىلى 13 ـ يانۋار كۈنى <<مىللىي ئارمىيە>>مىزنىڭ جەڭچىسى، باتۇر <<شەپقەت ھەمشىرەسى>> رىزۋانگۈلنىڭ قۇربان بولغىنىغا 77 يىل بولغان كۈندۈر. ئۇنىڭ پاك قېنى تۆكۈلگەن ئەشۇ زېمىنغا ئابىدە تىكلەش ئارزۇيىمىز بىر كۈنى چوقۇم ئورۇنلانغۇسى!

بۇ ماقالە 2014 ـ يىلى ئىستانبۇلدا ئېچىلغان <<دۇنيادىكى تۈھپىكار ئاياللار ـ خەلقئارا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى>>دا ئوقۇلغان. يېڭى مەزمۇنلارنى قوشۇپ كېڭەيتتىم!

ھەمشىرەم

قاسىمجان قەمبىرى (ئىناق)

خەۋەر كەلدى گويا بىر،
سۇلدى دېگەن قىزىلگۈل،
ۋەتەن ئۈچۈن جانپىدا،
ئەمەسمىدى رىزۋانگۈل.

ئەل بەختىنى ياد ئېتىپ،
دۈشمەنلەرنى قىلىپ كۈل،
باش ئەگمىدى دۈشمەنگە،
ئۇيغۇر قىزى رىزۋانگۈل.

ئۇنتۇلسۇنمۇ ھېچقاچان،
ئۇنتۇلمايدۇ رىزۋانگۈل،
ئۇ تورۇماي ئېچىلىپ،
تۇرغان ئەسلى قىزىلگۈل.

ئاسىيا قىتئەسىنىڭ كىندىكىدە شۇنداق بىر زېمىن بار. يەر ئاستىدا نېفىت دېڭىزى داۋالغۇيدۇ. يەر ئۈستىدە تارىم، ئىلى، زەرەپشان، قاش، قايدۇ. . . دەريالىرى؛بۇغدا، سايرام، قاناس، لوپنۇر كۆللىرى ئۆركەشلەيدۇ.

دەريالار بۇغدايلىقلارنى، كېۋەزلىكلەرنى، جەننەتتەك باغلارنى سۇغا قاندۇرسا، يورۇڭقاش دەرياسىدا تىنىپ ياتقان قىممەتلىك قاشتاش بايلىقى دۇنيانى تاڭ قالدۇرىدۇ. ئالتاي تاغلىرى ياقۇت كانى بولسا، تەڭرىتاغنىڭ ئېتەكلىرىدە ئوران، ئالتۇن، كۆمۈر، كۆكتاش. . . لارنى ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ. بىر ماتېرىيالدىن تەڭرىتاغنىڭ ھەر گېكتارىدىكى قارىغاينىڭ زىچلىقى 320 كۇپ مېتىر، فىنلاندىيە، شۋېتسىيە

تاغلىرىدىكى قارىغاينىڭ ھەر گېكتاردىكى زىچلىقى 300 كۈپ مېتىر، چوڭ ھىنگان تاغلىرىدىكى قارىغاينىڭ ھەر گېكتاردىكى زىچلىقى بولسا 200 كۈپ مېتىر ئىكەنلىكىنى ئوقۇغان ئىدىم.

شۈنچە باي، شۈنچە گۈزەل، شۈنچە كەڭ بۇ زېمىن مانجۇ باسقۇنچىلىرىنىڭ بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىدىغان بايلىق كانىغا ئايلانغان ئەشۇ زۇلمەتلىك يىللار، يەنى، 1762 ـ يىلى مانجۇغا قارشى تىغ كۆتەرگەن جاھانگىرخوجانىڭ كالىلىسى كېسىلگەندە، ساۋۇت ـ دۇبۇلغا كىيىپ، قوماندانسىز قالغان قوشۇننى يېتەكلەپ قولىغا قىلىچ ئالغان، دۈشمەن بىلەن جەڭ قىلغان ئۇيغۇرنىڭ باتۇر قىزى — مەمۇرە ئەزىزەم خېنىم(1) ئىدى.

ئارىدىن توپتوغرا 182 يىل ئۆتكەندىن كېيىن، ياۋروپا دۆلەتلىرىدىكى قىز ـ يىگىتلەر 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى جەڭ مەيدانلىرىدا دۈشمەن بىلەن مۇرەسسەسىز جەڭ قىلىۋاتقاندا، ۋەتىنىمىزدىمۇ گومىنداڭچى خىتاي باسقۇنچىلارغا قارشى ئۇرۇش بولۇۋاتاتتى. مىلتىق، تاپانچا، بومبا، كالتەك ـ توقماق، لوم تۆمۈر كۆتۈرگەن ئەركەكلەر ئارىسىدا ئۇلاردىن ئارتۇق بىر قورالنى، يەنى، لىق دورا، داكا ـ بېنت قاچىلانغان سېستىرالار سومكىسىنى كۆتۈرگەن قىزلار ـــ رىزۋانگۈل ھاشىم، رۆشەنگۈل شەۋكەت، ئايشەگۈل، ھەجەر، رىزۋان ئايۇپ، نىنا (رۇس)، رەيھانە، پاتىمە (تۇڭگان)، رۇسە (رۇس)، رىزۋان ناسىر، ئاقسۇ فرونتىدا تۇخان، ئايشەمخان. . . ۋە ئىسمى ئۇنتۇلغان نۇرغۇن ئوت يۈرەك جەڭچى قىزلار، ھەتتا، قىز بالا ئىكەنلىكىنى يوشۇرۇپ، ئەركەكچە كىيىنىپ، ئالدىنقى سەپتە جەڭ قىلغان سانىيەدەك (بۇ رېئال ۋەقەنى دوستۇم گۈلنارنىڭ ئاتىسى ـــ گېنېرال ئەزىزوپ قاسىم سۆزلەپ بەرگەنىدى) قىزلارمۇ بار ئىدى. بۇ قىزلارنىڭ چوڭلىرى يىگىرمە ياش ئەتراپىدا، كىچىكلىرى ئون ئالتە ياشتا ئىدى.

بۇ ماقالىدا <<شەپقەت ھەمشىرەسى>> نامى بىلەن تارىخىمىزدا ئۆچمەس نۇر بولۇپ چاقنىغان، <<ئون گۈلنىڭ بىرى ئېچىلماي توزۇغان>> ياش غۇنچە ـ رىزۋانگۈل ھاشىمنىڭ ھاياتى، خاراكتېر ئالاھىدىلىكى بىلەن، بۇ باتۇر قىزغا بېغىشلاپ، ئۇزۇلمەي ئىجاد قىلىنىۋاتقان كۆپ خىل ژانىردىكى ئەسەرلەر بىلەن تونۇشۇپ چىقىمىز.

گەپنى زامانىمىز رىزۋانگۈللىرىنىڭ قەھرىمانىمىز رىزۋانگۈلنى قەلب تۆرىدە ئىززەتلەپ ساقلاۋاتقانلىقىدىن بىر ئىسپات كۆرسىتىش بىلەن باشلاي:

رىزۋانگۈلنىڭ سۈرىتىگە قاراپ

چىمەنگۈل ئاۋۇت

رىزۋانگۈل! ئوت يۈرەكسەن لاۋۇلداپ يانغان،
ماڭا ئوخشاش كۆيۈشلىرىڭ بار.

مەن تېخى ياشاۋاتىمەن،
سېنىڭ كۆلۈپ ئۆلۈشلىرىڭ بار.

رىزۋانگۈل!
سەن قان كەچكەن،
مەن هايات قىسمەتلىرىنى كېچىۋاتىمەن.
سەن تۇغ تۇتقان،
مەن بوغۇزۇمدىكى يىغىنى يۇتۇۋاتىمەن.
رىزۋانگۈل!
سەن قىلىچ كۆتەرگەن يىگىتىنىڭ يارىسىنى
داكا بىلەن تاڭغان.
مەنچۇ؟سۆيگەن يىگىتىمنىڭ پۇتىدىكى يارنى،
بېشىمدىكى كۆك ياغلىغىم بىلەن تاڭغان!

سەن ئەلنىڭ قەهرىمانى، مەن تۇرمۇشنىڭ. . .
سېنىڭ ئىسمىڭ رىزۋانگۈل،
مېنىڭ ئىسمىم چىمەنگۈل.
ئالقىنىڭنى ئاچ، يۈزۈمنى ياقاي.
پەلەك چەرخىدىن يۇلتۇزدەك ئاقاي.
ئەزىزىم، كەچۈرگىن!
مەندىن چىدام كۈتمىگىن بىردەم،
يىغلاپ تۇرۇپ يىقىلدىم. قانلىرىڭغا
قىزىل گۈل بوپ قېتىلدىم. . .
سەن دەسسىگەن توپىدا تۇز بار،
يوللىرىڭدا تىكەن هەم ئىز بار.
يەنە تاڭ ئاتتى. . .
ئانىمىز نان ياققان تونۇرغا ئوخشاش،
كۆيەلەرمۇ بۈگۈنكى قۇياش؟؟!!
بىلىكىڭگە ئېسىلىپ ئورنۇمدىن تۇردۇم.
بىقوۋۇللۇقۇمغا ئۆزۈمنى مىڭ كاچات ئۇردۇم.
چۆل - چۆل بولدى پىغانىم،
لەيلەپ چۈشتى رومالىم .
ئالقىنىڭنى ئاچ! بارماقلىرىڭغا سۆيىمەن.
قىلىچ تۇتقان قول بۇ، دەپ،
بۇلبۇلگويادەك كۈلىمەن. . . (2)

بۇ شېئىر شائىرە چىمەنگۈلنىڭ جەڭچى رىزۋانگۈلنى سېغىنىشى، ئۇنىڭ ئورۇنـدالمىغان ئارمانـلىرى ئۈچۈن كۆتەرگەن هەسرەتلىك چۇقانىدۇر.

## سېنىڭ ناخشاڭ

راهىلە كامال

قۇياش مېنى ئۇنۇتتىمكىن؟
قولۇم سوغۇق، يۈرىكىم سوغۇق.
قىينىلمەن بولدۇم پەرىشان،
ئاھ! دېيىشكە ئۈنلىرىم بوغۇق.
لېكىن بىرسۆز ئەسلىسەم سېنى،
كۆڭلۈم تېگى چىرايلىق، يورۇق.
سېنى چاقىرسام گۈللەر ئەگدى باش،
كۆكمۇ ھەسرەتتە تۆكتى قارا ياش.
سەن كەزگەن تۇپراق، جەڭگاھلار ئارا،
بىر ناخشاڭ قالدى، ئىسمى بېغىشلاش!
ناخشاڭدا قوي كۆزۈڭ ھەسرەتلىك ئىدى،
ئەمما، تىلىكىڭ نۇسرەتلىك ئىدى.
مۇھەببەت سەن ئۈچۈن تېخى سىر ئىدى،
ۋىجدانىڭ، ئەقىدەڭ قىممەتلىك ئىدى.
يەر بېغىرلاپ كېتىۋاتقىنىڭدا،
غۇنچە ئىدىڭ تۇپراقتىن ئۈنگەن.
كۆزۈڭ ئوچۇق ئېقىۋاتقىنىڭدا،
ۋىسال ئىدىڭ پىراقتىن چۈشكەن.
يېگانە ئىدىڭ سەنەملەر ئارا،
نېمىگە تېگىشلىدى بەرنالىقىڭ؟
ياقىلار ئېتەك، ئاقلىرى قارا،
ئاسمانسىز قالدى ئەنقالىقىڭ.
ئۆزۈمنى ئالدىم سېنىڭ دالداڭغا،
كۆزۈمنى تىكتىم قارا ئاسمانغا.
يۈزۈمنى ياقتىم قىزىل تۇپراققا،
ناخشاڭنى يازدىم چەكسىز ئارمانغا.
ئىسسىق قېنىڭدىن ئۈندى قىزىلگۈل،
شۇ گۈلنىڭ ئىسمى ــــ سەندۈر رىزۋانگۈل!

رىزۋانگۈلنىڭ سۈرىتىگە قاراپ

ساجىدە سۇلايمان

تۇرار قولۇڭدا نۇر چېچىپ خەنجەر،
مېنىڭ قولۇمغا خېنە يېقىلغان.
دۇبۇلغا كىيگەن جەسۇر قامىتىڭ،
يېپەك كۆينىكىم چەكمەكتە پىغان.
سۈرىتىڭگە قاراپ بۇ دەقىق،
يوقالدىم دۇنيادىن ئۆچتى ئىزىم.
پارلاپ تۇرىسەن كۆكتە قۇياشتەك،
قانداق كېتەرمەن ئىزسىز، شۇ پېتىم. . . !

رىزۋانگۈل

دىلبەر قەييۇم

مۇقەددەس تارىخنى ۋاراقلاپ كۆرسەڭ،
باتۇرلۇق بابىدا ئاياللارمۇ بار.
شۇ ئايال زاتىدىن بولغاچقا مەنمۇ،
سېزىمەن ئۆزۈمنى چەكسىز بەختىيار.

شاھ ھاجى بېغىدا تۇرغان سەپ ئىچرە،
بار ئىدى بىرمۇنچە شەپقەت ھەمشىرە.
بۈركۈتتەك كۆزىنى تىكىپ جەڭگاھقا،
تۇراتتى رىزۋانگۈل كۈتۈپ ۋەزىپە.

سەبى يۈزىنى بويلاپ ئاققان قان،
سىرغىدى تامچىلاپ ئانا تۇپراققا.
مۆكلۈنۈپ سايرىدى ئىلى تورغىيى،
تەلپۈنۈپ ئالدىدا ياتقان ياپراققا.

ئۆتسىمۇ قانچە يىللار ـ ئەسىرلەر،
ياشايدۇ ئەل بىلەن باتۇر رىزۋانگۈل.
پاك بولغاچ شېھىدنىڭ قېنى بى گۇمان،
ئۇنىڭ ماكانى ـ جەننەتۇل رىزۋان. (3)

## رىزۋانگۈلنىڭ قىسقا، جەڭگىۋار ھاياتى

**رىزۋانگۈل ھاشىم قىزى — 1925 ـ يىلى قازاقىستاننىڭ ئالماتا ئوبلاستى چېلەك رايونىدا تېرە ـ يۇڭ سودىگىرى**

**ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 7 ياشقا كىرگەندە ئاتا ـ ئانىسى بىلەن غۇلجا شەھرىگە كۆچۈپ كەلگەن. باشلانغۇچ ۋە تولۇقسىزنى <<شەرق مەكتەپ>> ۋە <<ئۈمىد مەكتەپ>>لەردە ئوقۇغان. 1942 ـ يىلدىن 1943 ـ يىلى 4 ـ ئايغىچە ئۈرۈمچى <<قىزلار مەكتىپى>>نىڭ بوغالتىرلىق كەسپىدە ئوقۇغان. قايتىپ كېلىپ، ئىلى پوچتا ـ تېلېگراف ئىدارىسىغا خىزمەتكە قوبۇللانغان. (4)**

**رىزۋانگۈل ياشلىقنىڭ بوسۇغىسىغا قەدەم قويغان ئەشۇ يىللار ـ ياش زېھنىڭ، جىسمى شۇرىن ۋە شېڭ شىسەيلەرنىڭ ئىستىبدات ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى شەرقىي تۈركىستاننىڭ تاشقى دۇنيا بىلەن ئالاقىسى ئۈزۈۋېتىلگەن، خەلق بېكىنمە قالدۇرۇلغان يىللارنىڭ داۋامى ئىدى.**

**دەل شۇ يىللاردا يەنە سوۋېت ـ گېرمان ئۇرۇشى پارتلىدى ۋە ئۇرۇش ئوتى شىددەت بىلەن يامراپ، 2 ـ دۇنيا دۇنيا ئۇرۇشىغا ئايلاندى. رۇس، پولەك، فرانسوز، گېرمان، ياپون، ئېنگلىس قىزلار ۋەتىنىنى قوغداش ئۈچۈن ئەركەكلەر بىلەن بىر سەپتە جەڭ مەيدانىغا ئاتلانغان ئەشۇ كۈنلەردە شەرقىي تۈركىستانلىق قىز ـ ئاياللارمۇ ئازاتلىق ئۈچۈن، ئەركەكلەر بىلەن بىر سەپتە زۇلۇمغا، زالىمغا قارشى ئالدىنقى سەپكە ئاتلاندى. ئۇلار گاھ مىلتىق ئېتىپ، دۈشمەننى ئۆلتۈرسە، گاھ يارىدارلارنى مۆلدۈردەك يېغىۋاتقان ئوق ئاستىدىن ھاپاش قىلىپ، كۈچى يەتمىسە سۆرەپ دالدىغا يۆتكەپ قۇتقۇزدى.**

**1944 — يىلى 11 ـ ئايدا نىلقىدا كۆتۈرۈلگەن گومىنداڭ باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش غەلىبە قىلىپ، غۇلجا شەھرىگە ئۇرۇش ئوتى تۇتاشقاندا، رىزۋانگۈل خىزمىتىدىن ئىستېپا بېرىپ (5) <<شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى>> قۇرۇلغان كۈنى پەيدا بولغان سېپىگە قوشۇلغان. قىسقا مۇددەتلىك <<سېستىرالار تەربىيەلەش كۇرسى>>دا تەربىيەلەنگەن، قولغا مىلتىق ئېلىپ، مۇرىسىگە سانىتاركا سومكىسىنى ئېسىپ،**

گومىنداڭنىڭ غۇلجا شەھىرىدىكى ئاساسىي كۆچى جايلاشقان ھەرەمباغنى ئازات قىلىش جېڭىگە ئاتالغان. 85 كۈن داۋاملاشقان قاتتىق جەڭدە تېخى مۇنتىزىم ئارمىيە بولۇپ تەشكىللەنمىگەن پارتىزان پىدائىيلارنىڭ قولىدىكى قوراللار ئاساسەن دۈشمەندىن تارتىۋېلىنغان قوراللار ئىدى. ئېتىزدىن كەلگەن يىگىتلەر كەتمەن ـ گۈرجەك ـ ئارا، كانالاردىن كەلگەن يىگىتلەر لوم تۆمۈرلەرنى كۆتۈرۈۋېلىشقانىدى.

1944 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى ئىدى. رىزۋانگۈل ھەرەمباغدىكى دۈشمەنىنىڭ ئۈچبۇلۇڭ شەكلىدە جايلاشتۇرۇلغان ئۈچ پوتەيىدىن تەڭلا ئوق يامغۇرى يېغىۋاتقان (6) شاھ ھاجىنىڭ بېغىدىكى ئۇرۇشتا ئۇدا ئۈچ

يارىدارنى قۇتقۇزغان. تۆتىنچى يارىدار چوڭ ئاخۇن ئۆزىنىڭ قۇتقۇزۇلۇش جەريانىنى مۇنداق ئەسلەيدۇ:

ـ ھەرەمباغ سوقۇشىدا سېپىلغا يېقىنلىشىپ، گراناتنى ئاتاي، دەپ تۇرۇشۇمغا ئوق تېگىپ يىقىلدىم. ئور ـ نۇمدىن تۇرۇشۇمغا رىزۋانگۈل يېتىپ كېلىپ:

ــ سىزگە ئوق تەگدى. مىدىرلىماڭ، ـ دېگىنىچە مېنى يۆتكەشكە تەمشەلدى. شۇچاغدا بۇرۇتلۇق بىرى كېلىپ مېنى يۆتكىمەكچى بولىۋىدى. رىزۋانگۈل قەتئىي ھالدا ئۇنىڭغا:

ـ سىز ئالدىنقى سەپتىن چېكىنمەڭ! ئۆزۈم يۆتكەپ كېتەلەيمەن! — دېدى ـ دە، مېنى يۆلىگىنىچە ئۆمىلىدى.

مەن ئاغرىققا چىدىماي ئىنجىقلىۋەتتىم. رىزۋانگۈل ئۇنلۇك ئاۋازدا:

ــ غەيرەت قىلىڭ، بەرداش بولۇڭ. ساقىيىپ كېتىسىز، ـ دېدى.

مەن ئۇنىڭ كېيىمىنىڭ مېنىڭ قېنىمدا بويالغانلىقىنى كۆردۇم ۋە مېنى دوختۇرخانىغا ئېلىپ ماڭغىنىنى تۇيدۇم.

رىزۋانگۈل قۇربان بولغان نەق مەيدان توغرىسىدا ئىككى خىل ئۇچۇر بار:

بىرىنچى. يەنە بىر يارىدارنى ـ غۇلجا قارادۆڭ مەھەللىلىك قادىرنى ئوق يامغۇرىدىن قۇتقۇزۇپ چىقىۋاتقاندا

رىزۋانگۈلنىڭ بېشىغا ئوق تەگكەن.

ــ رىزۋانگۈل، ئاھ! رىزۋانگۈل، سەن ئۆلگىچە مەن ئۆلسەم بولمامدۇ! — دەپ نالە قىلغانىدى قادىر.

ئىككىنچى. رىزۋانگۈل سوۋېتتىن كەلگەن يەركەنتلىك ياش كوماندىر سەيدى تۇرسۇننىڭ 20 نەچچە كىشىلىك

قەيسەرلەر گۇرۇپپىسىدا ئىكەن. گۇرۇپپا دۈشمەنىنىڭ سىرتقى يوشۇرۇن ئىستىھكامىغا دۈچ كېلىپ، قاتتىق ئېلىشىپ، ئىستىھكامنى پاچاقلىغاندا سەيدى تۇرسۇن ئېغىر يارىلىنىدۇ. شۇ چاغدا رىزۋانگۈل ئوقتەك

ئېتىلىپ بېرىپ سەيدى تۇرسۇننى ھاپاشلاپ مېڭىشقا دۈشمەن ئوت كۈچىنى ئۇلارغا قارىتىدۇ. ئالغا مېڭىش ئىمكانى بولمىغانلىقتىن، رىزۋانگۈل بىرتەرەپتىن كاماندىرنىڭ ئاپتوماتىدا دۈشمەنگە ئوق ئېتىپ، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنى دالدىغا سۆرەيدىكەن. شۇئاندا يەنە بىر يوشۇرۇن ئىستىھكامدىن ئېتىلغان ئوقلار رىزۋانگۈلنىڭ ئەجەللىك يېرىگە تېگىپ، قۇربان بولىدىكەن. يەنە بىر سېستىرا ھەجەرمۇ يارىدارلاردىن ئىككىنى قۇتقۇزۇپ دالدىغا ئەكىلىپ قويۇپ، ئۈچىنچى يارىدار تەرەپكە ماڭغاندا ئېغىر يارىلىنىپ، قۇربان بولغان ئىكەن. (7)

رىزۋانگۈل قۇربان بولغانغا قەدەر ئىككى ئاي جەڭ مەيدانىدا تالاي جەڭچىلەرنى قۇتقۇزغان. ئۇنىڭ بىلەن ئەشۇ جەڭدە سېستىرا قىزلاردىن رەيھانە، شەۋقىيە، رازىيە، نىنا، رۇسە، زىننەت. . . قاتارلىق 13 قىز بىللە ئىدى. ھەجەربىلەن رىزۋانگۈل بىر كۈندە قۇربان بولغان. نامىزى بىللە چۈشۈرۈلگەن. قولىمىزدا : ھەجەر ـ ئۈچەدەرۋازا مەھەللىسىدىكى تۆخۈمچىنىڭ قىزى ئىدى، دېگەندىن باشقا ماتېرىيال يوق. تولىمۇ ئەپسۇس! يەنە بىر باتۇر قىزىمىزنى ـ رىزۋانگۈلنىڭ سەپدىشى ھەجەرنى مەڭگۈ ياد ئېتىمىز، ئۇنۇتمايمىز!

ھەرەمباغ ئازات قىلىنغاندىن كېيىن <<شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى>>نىڭ ئۇرۇشقا قوماندانلىق قىلىش باش شتابى غۇلجا شەھرىدە تەنتەنىلىك چوڭ يىغىن ئېچىپ، ھەرەمباغ سوقۇشى باتۇرلىرىغا شەرەپ مېدالى تارقاتقان. رىزۋانگۈلگە 17 ـ نومۇرلۇق<<باھادىرلىق مېدالى>>بېرىلگەن. رىزۋانگۈلنىڭ ئاتىسى ھاشىم شەرەپ سەھنىسىگە تەكلىپ قىلىنغان. كۆزلىرىدىن يامغۇردەك ياش تۆكۈپ سەھنىگە چىققان ئاتا كۆكرىكىگە مېدال تاقالغان.

يەر شارى تەتۈر چۆرگىلىمەيدۇ!

ـ يەر شارى تەتۈر چۆرگىلىمەيدۇ. تۈن ھەرقانچە قاراڭغۇ بولسىمۇ، كۈن ھامان چىقىدۇ، ـ دەپ غودۇراپ قوياتتى رىزۋانگۈل بەزىدە ئەتراپىغا قارىمايلا. (8)

مانا بۇ<<ئۈرۈمچى قىزلار مەكتىپى>>دە ئوقۇۋاتقان رىزۋانگۈلنىڭ سىياسى مەيدانى. ئۇنىڭ ناھايىتى ياش تۇرۇپلا ئەركىسىزلىك، ھوقۇقسىزلىقنىڭ ئىنسانىنىڭ ئىنسانىدەك ياشاش ـ ياشيالماسلىقىدىكى نېگىزلىك مەسىلە ئىكەنلىكىنى چۈشەنگەنلىكىدۇر. بۇ ھەم ئۇنىڭ ئۆزى ئۆلۈغ بىلگەن بۇ ئىدىئولوگىيە ئۈچۈن ياش جېنىنى تەقدىم قىلالىشىدىكى مەنۋىي كۈچتۇر.

رىزۋانگۈل كىچىكىدىنلا شوق، تېتىك، ھازىر جاۋاپ، ئەركىن مىجەزلىك قىز ئىدى. غۇلجىنىڭ ئاساسىي ئاھالىسى بالىلىرىنى يەنى مەكتەپلەردە ئوقۇتۇۋاتقان، رۇس مائارىپى ئەندىزىسى<<ئۇمىد مەكتەپ>>، <<ئىلى پىداگوگىكا ئىنستىتۇتى>>، <<رۇس گىمنازىيەسى>>. . . قاتارلىق مەكتەپلەردە ئوقۇملاشقان، ئەمما، يەنە بىر قىسىم ئاھالە ئوغۇللىرىنى خانىقالارنىڭ تەربىيەسىگە تاپشۇرسا، <<قىزبالا تالانىڭ ئادىمى. يېشىغا يەتكەندە ئائىلە قۇرۇپ، بالىسىنى ياخشى باقسىلا بولىدى>> دەيدىغانلارمۇ بارئىدى. رىزۋانگۈل بولسا، ئوتتۇرا مەكتەپتىكى چېغىدا قىزلار ۋالبول كاماندىسىنى تەشكىللىگەن. 200 ـ 100 ـ 50 مېتىرلىق قىسقا ئارىلىقتا يۈگرەش مۇسابىقىلىرىدە سۈرئىتى ئالاھىدە تېز بولۇپ، 1 ـ لىكنى قولدىن بەرمەيتتى. . .

ئۆرۈمچىگە ئوقۇشقا بارغاندىن كېيىن، سىياسىي كۆزقارىشىنى دادىل، ئەركىن ئىپادىلىشى — دەل ئۇنىڭ ئەشۇ كىچىككىدىنىلا يېتىلگەن، باشقىلاردىن ئالاھىدە پەرقلىنىدىغان كۈچلۈك خاراكتېرىنىڭ پارتلىشىدۇر. قەھرىمانىمىز رىزۋانگۈلنىڭ باتۇر ـ قەيسەرلىكى، ئالاھىدە مىجەز ـ خاراكتېرى ھەققىدە ئوچېرك، رومان، ئەسلىمە، داستان شېئىرلاركۆپ يېزىلدى. تۆۋەندە بىرقىسمىنى تونۇشتۇرىمەن.

ئەينى چاغدىكى گومىنداڭچىلار ئىلى ئىنقىلاپچىلىرىنى <<ئالتە ئوغرىلار>> دەپ كەمسىتىپ ئات قويغان بولسا، بۈگۈن خىتاي ھۆكۈمىتى كونتروللۇقىدىكى تەزكىرە ئىدارىلىرىدا رەتلىنىپ، نەشرىياتلاردا ئېلان قىلىنىۋاتقان يازمىلاردا مەزكۇر ھەرىكەت: <<ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى>> دەپ كىچىكلىتىلدۇ، يەنە تېخى «كەمبەغەللەر قوزغىغان ئىستىخىيەلىك قوزغىلاڭ ئىدى، 1952 ـ يىلى كومپارتىيەنىڭ رەھبەرلىكىدە يەر ئىسلاھاتى يۈرگۈزۈلۈپ، كەمبەغەللەر ھۆر بولدى، توق تۇرمۇشقا ئېرىشتى. . . دەيدۇ.

پاكىت شۇنداقمۇ؟ سودىگەر ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، غۇلجىدا <<ئۈمىد مەكتەپ>>نى، ئۆرۈمچىدە بوغالتىرلىق كەسپىنى پۈتتۈرۈپ، بانكىغا خىزمەتكە چۈشكەن. مۇقىم مائاشلىق، ۋىلىسىپىتنى قۇيۇندەك تېز مىنىپ، ئىشقا كېلىدىغان رىزۋانگۈل نامراتمىدى؟روشەنگۈلچۇ؟

رىزۋانگۈل ھاياتىنى ئاتىغان ئىنقىلاب ـ نامراتلارنىڭ توپىلىڭى ئەمەس، ئۇمۇمىي خەلقتە دۈشمەننى ئانا ۋەتەندىن قوغلاپ چىقىرىپ، ئۆز دۆلىتىدە ئازات ياشاشتىن ئىبارەت پىشىپ يېتىلگەن ئاڭنىڭ تۈرتكىسىدە پارتلىغان ئىنقىلاپ ئىدى.

رىزۋانگۈل ـ خەلقىمىز سىزنى مەڭگۈ ئۇنۇتمايدۇ!

رىزۋانگۈلنىڭ ئىككى پارچە سۈرىتى ساقلىنىپ قالغان بولسىمۇ، قەبرىسى ئىز ـ دېرەكسىز قالدى. بۇ توغرىدا مۇزەپپەر ئابدۇللايېۋ مۇنداق يازىدۇ: <<. . . بۇ ئىشقا ئارىلاشقانلارنىڭ كۆپىنچىسى چەتئەلگە چىقىپ كەتكەن. مەھەللىسىدە قېپقالغانلار ئۆلارنىڭ ئەۋلادى بولۇشى مۇمكىن. رىزۋانگۈلنىڭ يېقىن دوستلىرى رىزۋان ناسىر، سەلىمەلەر ئاتىلىرىدىن: رىزۋانگۈل <<خەلپەم بۇزرۇكۋار>> مازارلىقىغا دەپنە قىلىنغان، دەپ ئاڭلىغانلىقنى ئېيتىشىدۇ. بۇنىڭغا ئىشىنىشكە بولىدۇ. (11)

كېيىن بۇ مازارنى تەنتەربىيە مەيدانىغا ئۆزگەرتكەندە، رىزۋانگۈلنىڭ جەسەت سۆڭىكىنى دۆڭمەھەللە قەبرىستانلىقىغا (12) يۆتكىگەن، دېگۈچىلەرمۇ بار. غۇلجا شەھەر 11 ـ رايوننىڭ كۈن چىقىش تەرىپىدىكى <<ئالتۇنلۇق مازار>>دا (13) دېگۈچىلەرمۇ بار.

ھاياتىنى ئوتتەك قىزغىن سۆيىدىغان، كېچە ئاخىرلىشىپ، قۇياشنىڭ پارلايدىغانلىقىغا شەكسىز ئىشەنگەن، ئەشۇ قەتئىي ئىشەنچنىڭ تۈرتكىسىدە ياش جېنىنى ۋەتەنگە تەقدىم قىلغان ياش يوپۇرماق، تېخى لەۋ يارمىغان غۇنچە قىزىلگۈلىمىز — رىزۋانگۈلنى 77 يىلدىن بۇيان سېغىنىۋاتىمىز. ياد ئېتىۋاتىمىز.

باتۇر رىزۋانگۈل — بىزمۇ سىزدەك قۇياشنىڭ هامان پارلىشىغا ئىشىنىمىز!
باتۇر رىزۋانگۈل ـ ئەۋلادلىرىڭىز گۈل قويۇپ يوقلايدىغان قەبرىڭىزنى تاپالمىدۇق!
باھادىرىمىز رىزۋانگۈل ـ 17 ـ نومۇرلۇق <<باھادىرلىق ئۈچۈن>> مېدالىڭىزنى ساقلىيالمىدۇق. مۇزېيلارغا قويالمىدۇق!
سىپىستىرا رىزۋانگۈل ـ ساپ قېنىڭىز سىڭىپ كەتكەن ھەرەمباغىقا ئابىدىڭىزنى تىكلەپ، مىلتىق بىلەن دورا ساندۇقىنى نازۇك مۈرىڭىزگە ئاسقان جەسۇر قامىتىڭىزنى ئەۋلادلىرىمىزغا كۆرستەلمىدۇق.
ئەمما، بىز سىزنى ۋە بارلىق باھادىر جەڭچىلىرىمىزنى ئۇنۇتمىدۇق، ئۇنۇتمايمىز! خەلقىمىز سىز ئۈچۈن قەلبىدە ئابىدە تىكلىدى. ئەۋلادلىرىمىز سىزنى مەڭگۈ سېغىنىدۇ!

قېنى رىزۋانگۈل كۆكسىدىن ئاققان،
قاشنىڭ سۈيىدەك شوخ، پاكىزە قان؟
قېنى شۇ قانلار، جەڭگىۋار داستان،
كۆز ياشلىرىمدىن قاينار بۇلاقلار. (14)

## رىزۋانگۈلگە بېغىشلانغان ئەسەرلەر، تەتقىقاتلار

1. <<ھەمشىرەم>> ــــ رىزۋانگۈل قۇربان بولۇپ، سەككىزىنچى كۈنى ئۇنىڭغا بېغىشلانغان تۇنجى شېئىر.
بۇشېئىر 1945 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ <<ئىلى گېزىتى>>دە
<<ئىناق>> تەخەللۇسىدا ئېلان قىلىنغان. ئاپتورى: قاسىمجان قەمبىرى.
2. ئوچېرك ـ <<شېھىد رىزۋانگۈل ھاشىم>> . يۇقىرىقى ساندا ئېلان قىلىنغان. ئاپتورى: م. نورۇزوۋ.
3. ئوچېرك ــــ <<شەپقەت ھەمشىرەسى رىزۋانگۈل>>. ئاپتورى: زۇنۇن قادىرى.
<<ئىلى گېزىتى>>دە 1948 ـ يىلى ئېلان قىلىنغان. بۇ ئەسەر باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ 4 ـ يىللىقى ئۈچۈن تۈزۈلگەن <<ئەدەبىيات ئوقۇشلۇقى>> دەرسلىكىنىڭ 7 ـ قىسمىغا كىرگۈزۈلگەن. (15)
4. ناخشا تېكستى — <<رىزۋانگۈل>>. تارىخشۇناس، شائىر قادىر ھەسەنوف يازغان. ئاھاڭغا سېلىنىپ، كەڭ تارقالغان. بۈگۈنگىچە ئېيتىلماقتا.
5. ناخشا تېكستى ــــ <<ئەلنىڭ قىزى رىزۋانگۈل>> ئۆزبېك شائىر تەلئەت ناسىرى يازغان.

6. سىمفونىيە — <<رىزۋانگۈل>>. قازاقىستانلىق مەشھۇر كومپوزىتور قۇددۇس غوجامىيارۇف قادىر ھەسەنوف يازغان شېئىردىن ئىلھام ئېلىپ ئىشلىگەن سىمفونىيە بولۇپ، 1951 ـ يىلى موسكۋادىكى باللشوي تىياتىرىدا ئورۇنلىنىپ، زور ئالقىشقا ئېرىشكەن ۋە <<دۆلەت مۇكاپاتى>> ئالغان.

7. داستان ـ <<رىزۋانگۈل ھايات>>. ئاپتورى: ئاتاقلىق شائىر. يېتۈك ئەدەبىي تەرجىمان رەخىم قاسىم .

8 . داستان ـ <<بوۋامنىڭ ھېكايىسى>> ئاپتورى:شائىر تۇرسۇنمەھەممەت پەخىردىن 1982 ـ يىلى يازغان.

9 . داستان ـ <<رىزۋانگۈل>> شائىرە دىلبەر قەييۇم يازغان. 1985 ـ يىلى<<قەشقەر ئەدەبىياتى>>.

10. شېئىر ـ <<ياشاش كېرەك سىزكەبى>> مۇھەممەتجان راشىدىن رىزۋانگۈل ۋاپاتىنىڭ 60 يىلغابېغىشلىغان.

11. شېئىر ـ <<ۋەتەن ئىشقىدا پەرۋانە>> شائىر: م. يۈسۈپ . رىزۋانگۈل ۋاپاتىنىڭ 60 يىلغا بېغىشلىغان.

12. شېئىر ـ <<ئۇيغۇرقىزى رىزۋانگۈل>> ئابدۇسالام توختى يازغان. رىزۋانگۈل ۋاپاتىنىڭ 60 يىلغا بېغىشلىغان.

13. شېئىر ـ <<رىزۋانگۈل>> ئابدۇساتتار ناسىرى يازغان. <<ئىلى دەرياسى ژورنىلى>>2004 ـ يىل 5 ـ سان.

14. شېئىر ـ <<كۆز ياشلىرىمدىن قاينار بۇلاقلار>> شائىر:ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ شۇ ناملىق شېئىرىدىن ئېلىندى.

15 شېئىر ـــ <<رىزۋانگۈللەر>> شائىر:س. ھاجى يازغان. << شېئىرىيەت گۈلزارى>>دا ئېلان قىلىنغان.

16 . شېئىر ـ <<رىزۋانگۈل>>شائىر: ئاسىمجان ئوبۇلقاسىم <<ئىلى دەرياسى ژورنىلى>> 2005 ـ يىل 11 ـ سان.

رىزۋانگۈل نامى بىئولوگىيە ئىلىم دۇنياسىدا ئەبەدىيلەشتى

بىئولوگىيە ئىلمى ھاشاراتشۇناسلىق ساھەسىدە دۇنياغا تونۇلغان ئالىم، پروفېسسور ـ تۈرك ئوغلى ئەھمەد ئۆمەر كوچاك بىلەن بىئولوگىيە پەن دوكتورى، ھاشاراتشۇناس ـ ئۇيغۇر قىزى مۇھەببەت كەمال 2000 ـ يىللىق تەتقىقاتلىرى داۋامىدا كەم ئۇچرايدىغان بىرخىل قىممەتلىك كېپىنەكنى بايقىغان. بۇ گۈزەل كېپىنەككە قەھرىمان رىزۋانگۈلنىڭ نامىنى بېرىپ، باش شتابى گېرمانىيەدىكى <<خەلقئارا ئىسىملەندۈرۈش كومېتىتى>>غا تىزىمغا ئالدۇرغان. (16)

رىزۋانگۈلنىڭ نامى باشقا ژانىرلاردا

1 . پوۋېست ـــ <<شەپقەت ـ ھەمشىرىسى رىزۋانگۈل>>. تۇرسۇن ئەرشىدىن. <<ياش ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى>>

2001 ـ يىل نەشرى. 2009 ـ يىل ئىككىنچى نەشرى.

2 . ئەسلىمىلەر ـــ <<ئازاتلىق جەڭچىسى ـ رىزۋانگۈل>> مۇزەپپەر ئابدۇللايېۋ. مىللەتلەر نەشرىياتى. 2010 ـ يىل.

تەرجىمھال ئۇسلۇبىدا يېزىلغان بۇ كىتابتا رىزۋانگۈلنىڭ پۈتۈن ھاياتى تەپسىلى يېزىلغان.

ماتېرىياللىق قىممىتى يۇقىرى، ئىشەنچلىك.

3. رېئال ۋەقە ـ <<ھەرەمباغ ئۇرۇشىنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى>>. زاھىر ساۋدانوپ. <<ماناس دەرياسىدىن

قايتىش>>14 — 7 ـ بەتلەر. ياش ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى>> 2010 ـ يىل 5 ـ نەشرى

4. ئەسلىمە ـ <<مىللىي ئازادلىق ئۇرۇش جەريانىدا مەن ھەقدار بولغان ئىشلار>> ئاپتورى:ھاكىم تۇرسۇن.

تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى. 119 — 110 ـ بەتلەر.

5. <<ھۆججەتلىك قىسسە — رىزۋانگۈل>> ـــ شايىم شابايوف . 2000 ـــ يىل ئالماتادا نەشر قىلىنغان.

6. رومان ـــ <<توزۇماس گۈل>> ـــ ئابدۇراھمان قاھار. ياشلار نەشرىياتى. 2013 ـ يىل نەشرى.

7. ماي بوياق رەسىم ـــ <<كۈرەش قەھرىمانى ـ رىزۋانگۈل>> <<ئىلى دەرياسى>> ژۇرنىلى 1999 ـ يىل 6 ـ سان.

رەسسام ـ خېلىل داۋۇت

رىزۋانگۈلگە بېغىشلانغان ئەسەرلەرنىڭ تارىخىي قىممىتى

بىرىنچى: رىزۋانگۈل تەتقىقاتى ـ ئۇيغۇرلارنىڭ ھەربىي جەھەتتە ئۆزىدىن نەچچە ھەسسە كۈچلۈك دۈشمەن بىلەن باتۇرلارچە جەڭ قىلىپ، غەلىبە قىلغانلىقى، <<شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى>>نى قۇرۇپ، 5 يىل ھۆر ياشىغانلىقىنى پاكىت بىلەن تەمىنلەيدۇ. شۇنداقلا، ئىنقىلابىنىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى

داۋالغۇپ تۇرۇۋاتقان سىياسى، ئىجتىمائىي ۋەزىيەتنى رىزۋانگۈلنىڭ ھايات خاتىرىلىرى ئارقىلىق بىرقەدەر ئىنچىكە تەھلىل قىلىش، چۈشىنىشكە ئاساس بولىدۇ.

ئىككىنچى: پىدائىيلارنىڭ بىرقولىدا توقماق ـ تۆمۈر كۆتۈرۈپ، يەنە بىر قولىدا دۈشمەننىڭ قورالىنى تارتىپ ئېلىپ، باتۇرلارچە جەڭ قىلغانلىقى ئوچېرىكلاردا تەكرار يېزىلغان. بۇ ـ خەلقىمىزنىڭ دۈشمەننى ۋەتەندىن سۈرۈپ چىقىپ، ھۆرلۈككە ئېرىشىش ئىشەنچىنىڭ كۈچلۈك بولغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. رىزۋانگۈل ھەققىدىكى ماتېرىيال خاراكتېرلىك ماقالىلارنى ئوقۇسىڭىز: <<قائىدەڭ ئايروپىلانلار، مۆلدۈردەك يېغىۋاتقان ئوقلار ئاستىدا دۈشمەنگە يولۋاستەك ئېتىلىۋاتقان ئۇنلىغان رىزۋانگۈللەر، يۈزلىگەن ياقۇپ ۋە ئەكبەرلەر (17) نى كۆرگەندەك بولىسىز. ئۇلارنىڭ ئاجايىپ باتۇرلۇقى، ۋەتەنپەرۋەرلىكى — بۈگۈنكى كۈندە تېڭىرقاپ قالغان ئەۋلادىمىزغا روھىي كۈچ بولماقتا.

ئۈچىنچى: باتۇر رىزۋانگۈلنىڭ خاراكتېرى — ئۇيغۇر خانىم ـ قىزلىرىنىڭ خاراكتېرىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئۇنىڭ قەيسەر، ئەقىللىق، كەسكىن خاراكتېرىدىن باشقا يەنە بىر تەرىپىنمۇ بايقاش تەس ئەمەس. يەنى، مېھرىبانلىق، كۆيۈمچانلىق، ئاقكۆڭۈللۈك. رىزۋانگۈلنىڭ خاراكتېرى شۇنچىلىك كۈچلۈككى، ئەسىرلەردە بۇ بۇ قىزنىڭ ئۆزىنى قىزلار بىلەن ئەمەس، يىگىتلەرگە سېلىشتۇرىدىغانلىقى ھەققىدىكى مەزمۇن ئورتاقلىقتا ئىگە بولسىمۇ، جەڭ مەيدانىدىكى رىزۋانگۈل تەسۋىرلىرىدە سەپداشلىرىغا، بولۇپمۇ يارىدارلارغا بولغان ئاقكۆڭۈل، سەمىمىي، ئادىمىيلىكىگە، جانپىدالىقىغا كۆرە <<شەپقەت ھەمشىرىسى>> دېگەن نامغا لايىقتۇر.

تۆتىنچى: رىزۋانگۈلگە بېغىشلانغان ئەسەرلەردە ئۇنىڭ رىقابەت ئېڭى كۈچلۈك، زامانىۋىيلىقتا، بىلىمگە ئىنتىلىدىغان قىز ئىكەنلىكىمۇ گەۋدىلەندۈرۈلگەن. مۇشۇ نۇقتىدا باتۇر رىزۋانگۈل 21 ـ ئەسىردىكى ھەممە ساھەلەر بويىچە تېخىمۇ كۈچلۈك رىقابەتكە دۇچ كەلگەن زامانىمىز خانىم ـ قىزلىرىمىزغا ئۈلگە قىلىنغان.

بۇنىڭ راستلىقىغا بىرلا پاكىتنى كۆرەيلى:

توققۇزتارا ناھىيىسىدە ياشايدىغان ئابدۇخېلىل مىرخېلىل ئاكىنىڭ ئۈچ قىزى بار ئىدى. ئابدۇخېلىل ئاكا قىزلىرىنى ئەتراپلىق تەربىيىلەشكە يېتەرلىك بىلىمى بار، ساپالىق ئاتا ئىدى. ئۇ مېھمانخانا ئۆيىنىڭ تېمىغا رىزۋانگۈل، نازۇگۇم، ئايخان ئانا قاتارلىق قەھرىمان خانىم ـ قىزلارنىڭ پورترېتىنى، ئۇنىڭ ئاستىغا ئۆزىنىڭ بىر كوبلېت شېئىرنى چوڭ خەتلىك يېزىپ ئېسىپ قويغان:

سىرلىق ئەمەس نازۇك(18) كەزگەن قومۇشلۇق،
ھەسرەتلەنمەڭ دەرتلەر كەلسە باشلارغا.
رىزۋانگۈلدەك شىجائەتلىك بولغاندا،
قىزمۇ ياشار مۆھۈر بېسىپ تاشلارغا! (19)

يۇقىرىدا تىزىمغا كىرگۈزۈلگەن ئەسەرلەردە زامانىمىز شائىرەلىرىنىڭلا ئەمەس، شائىرلارنىڭمۇ رىزۋانگۈلگە بېغىشلىغان ئەسەرلىرىنىڭ كۆپلىكىنى كۆرىمىز. مەن مەنبەسىنى ئالالمىغان يەنە نۇرغۇن ئەسەرلەر بار. قەھرىمانىمىزنىڭ ھاياتىغا قىزىققۇچىلارنىڭ داۋاملىق تولۇقلاپ كېتىشىگە ئىشىنىمەن.

يازمامنى شائىرلىرىمىزنىڭ<<شەپقەت ھەمشىرە>>مىزگە بېغىشلىغان يۇرەك سادالىرى بىلەن ئاخىرلاشتۇراي.

## رىزۋانگۈل

ئابدۇساتتار ناسىرى

ئەلنىڭ شەپقەت ـ ھەمشىرىسى رىزۋانگۈل،
يۇرىكىمگە كىرىۋالغان بىر چوغسەن.
ئايرودورۇم، ھەرەمباغلار كۆيگەندە، ئۇ ۋاقىتلار
بوۋاق ئىدىم بۆشۈكتە،
ئوت ئىچىدە لەپىلدىگەن بىر تۇغسەن. بەلكىم
تېنىم روھىڭ بىلەن پۈتۈلگەن.
زۇنۇن قادىر يازغان ئاشۇ ھېكايە،
بىزگە ئۆلمەس دەرس قىلىپ ئۆتۈلگەن.
قايسى مەلئۇن ئاتتى ساڭا شۇ ئوقنى،
يىقىلغاندا. . . مەن ئېسەدەپ يىغلىدىم.
سەپداشلىرىڭ ئاتاكىغا ئۆتكەندە، پاك روھىڭغا
دۇئا قىلدى ئانا يۇرت.
گويا مەنمۇ شۇ دولقۇنغا قېتىلدىم. ئالىي شېھىد
بولۇپ كىردىڭ قەبرەڭگە.
ئىرادەڭدىن كۆلدى يېڭى بىر ئەۋلات،
مەنمۇ سۆزلەي ھېكايەڭنى نەۋرەمگە!(20)

## رىزۋانگۈل

ئاسمجان ئوبۇلقاسىم

كىمنىڭ يادىدىن كېچەر بۇ كۆنلەر،
سىنىڭ ھېجرىڭدە پۇچۇلدى يۇرەك.
گۈلگۈن پىيالىدۇر . ئون توققۇز يېشىم،
ياشلىق سەزگۈلىرى بولدى بى كېرەك.
ئىشىق سەھرالىرىدىن كەلدىم يارىدار،
گويا تۇغۇلۇپلا ئۆلدى يۇرۈكۈم.
بەلكىم سۆيمەيدۇ يۇرۈكۈڭ مېنى،
بەلكىم بۇ ئەرزىمەس مۇھەببەت ئۆچۈن.
ياشلىق ئىستەكلىرى ئويغانغاندىمۇ،
سۆيۈش ـ سۆيۈلۈشكە ئۆلگۈرمىدىڭ ھېچ.
تىڭشاپ بېقىشقا ئۆلگۈردۈڭ بەلكى، سۆيگۈڭ،
ياشلىقىڭ، ئارزۇ ـ ئارمىنىڭ،
لېكىن ھەممىنى ئېيپكەتتىڭ تىنىچ. تاش بورىنىمۇ
ھەرەمباغدىكى.

خوشلاشقىنىڭدا ئاخىرقى قېتىم،
ئويلىغان بولغىيدىڭ كىمنى، نىمنى؟. .
يارىلار ئەت ئالغان يانۋار تۈنىدە،

ياپار ئۈستۈڭنى قار ھەم زىمىستان.
سۆيىدۇ قەبرەڭنى ئون بىرىنچى ئاي،
سۆيىمەن كەچكۆزنى سېغىنىپ ھامان. (21)

نەقىل مەنبەلىرى:
1. ئىپارخاننىڭ ئەسلى ئىسمى — مەمۇرە ئەزىزە خېنىم.
2 . <<ئۇيغۇر دېڭىزى>> قازاقىستان << مىر >>نەشرىياتى 2013 ـ يىل.
3 . <<قەشقەر ئەدەبىياتى ژورنىلى>> 1985 ــ يىلى 2 ـ سان.
4. << رىزۋانگۈلنى ئەسلەيمەن>> . ئاپتورى: رىزۋان ناسىر. خەلق نەشرىياتى <<ئۈمىد يۇلتۇزلىرى>> توپلامى.
5. <<ئازاتلىق جەڭچىسى ـ رىزۋانگۈل>> ئاپتورى:مۇزەپپەر ئابدۇللايېۋ. مىللەتلەر نەشرىياتى. 35 ـ بەت. 2010 يىل نەشرى.
6. <<شەپقەت ـ ھەمشىرىسى ـ رىزۋانگۈل>> ئاپتورى: تۇرسۇن ئەرشىدىن. . ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى. 94 — بەت.
7. <<مىللى ئازاتلىق ئىنقىلاپ جەريانىدا مەن ھەقدار بولغان ئىشلار>> ئاپتورى:ھاكىم تۇرسۇن سادىروف.
تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى. 115 — 114 ـ بەتلەر.
8. <<ئازاتلىق جەڭچىسى — رىزۋانگۈل>> ئاپتورى:مۇزەپپەر ئابدۇللايېۋ. 248ا ـ بەت.
9. . <<ئازاتلىق جەڭچىسى ـ رىزۋانگۈل>> ئاپتورى:مۇزەپپەر ئابدۇللايېۋ. 48 ـ بەت. يۇسۇپجان
10. <<ئازاتلىق جەڭچىسى ـ رىزۋانگۈل>> ئاپتورى:مۇزەپپەر ئابدۇللايېۋ. <<مەن ھەقدار بولغان ئىشلار>>
ئاپتورى: ھاكىم تۇرسۇن. 82 ـ بەت.
11. يۇقىرىقى كىتاپ 226 — 227 ـ بەتلەر.
12. دۆڭمەھەللە ــ غۇلجا شەھىرىدىكى قەدىمىي، گۈزەل مەھەللە.
13 ئالتۇنلۇق ــ غۇلجا شەھەر ئەتراپىدىكى مەنزىرىلىك مەھەللە نامى.
14 شائىر ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ<<ئىلى سۇلىرى>> ناملىق شېئىرىدىن ئېلىندى.

15. <<شەپقەت ـ ھەمشىرىسى>> ــ ئوچېرك. ئاپتورى: زۇنۇن قادىر 1948 ـ يىلى<<ئىلى گېزىتى>>دە ئېلان قىلىنغان.

بۇ ئوچېرك باشلانغۇچ مەكتەپ 4 ـ يىللىقلارنىڭ<<ئەدەبىيات دەرسلىكى>>نىڭ 7 قىسمىغاكىرگۈزۈلگەن.

خەلق نەشرىياتى 1989 ـ يىل 4 ـ ئاي نەشرى. 230 ـ بەت.

Miscellaneous Papers(2 ـ bet) .16

Sherqiy Asiya Ve Pasipiktik Bezi Taksonlar Heqqide Nomenklatur Hatiriliri

(Papilionidae, Lepdoptera)

.Ehmet O. Kochak. Muhebbet Kemal. 2000 — yil

17<<ئىنقىلابى قۇربانلار ئەسلىمىسى>>. رەتلىگۈچى: تۇرسۇن ياسىن. غۇلجا شەھەر ئىنقىلابىي كومېتېت خەلق

ئىشلار ئىدارىسى تۈزگەن. 40 — 39 — بەتلەر.

1. . ياقۇپ ھەسەن — 1926 ـ يىلى غۇلجا شەھرىنىڭ ئۈچدەرۋازا مەھەللىسىدە تۇغۇلغان. 1944 ـ يىلى ئازاتلىق

ئۇرۇشقا قاتناشقان. ھەرەمباغ سوقۇشىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىدە جەڭ مەيدانىدا ئوق تېگىپ قۇربان بولغان.

2. ئەكبەر ئىبراھىم — 1929 ـ يىلى چاپچال ناھىيەسىنىڭ جاغىستاي يېزىسىدا تۇغۇلغان. 1944 ـ يىلى 15 يېشىدا

پارتىزان بولغان. ھەرەمباغ سوقۇشىدا باتۇرلۇق كۆرسىتىپ، قەھرىمانلارچە قۇربان بولغان.

18 . نازۇگۇم دېمەكچى.

19. ئەدەبىي ئاخبارات<<ئونىنچى بۇلاق>> ئاپتورى: ئەنۋەر ناسىرى. <<ئىلى دەرياسى>> 2015 يىل 6 ـ سان.

<<ئىلى گېزىتى>>باسما زاۋۇتى نەشرى. 40 — 39 — بەتلەر.

20. شېئىر — ئابدۇساتتار ناسىرى. <<ئىلى دەرياسى >>ژورنىلى . 2004 ـ يىل 4 ـ سان.

21 . <<ئاي بولمىسا، يۇلتۇز بار>>. ئاسىمجان ئوبۇلقاسىم شېئىرلار توپلىمى. ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى. 250 ـ بەت.



# ئىممۇنىتېت سىستېمىسىنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى بۇزىدىغان ئون ئاساسلىق سەۋەب

دوكتۇر ئۈمىد ئاقتاش

# ئىممۇنىتېت سىستېمىسىنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى بۇزىدىغان ئون ئاساسىي ئامىل

ئۆمىد ئاقتاش

**1. تاماكا**

**مەنچە، تاماكا دۇنيادىكى ئەڭ زىيانلىق نەرسىلەرنىڭ بىرى. ئۇنىڭ راك ۋە باشقا نۇرغۇن كېسەللىكلەرگە سەۋەب بولۇشتىن سىرت، تەبىئىي قىرغۇچى ھۈجەيرىلەرنىڭ (natural killer cell —— چوڭ دانچەلىك لىمفا ھۈجەيرىسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ، ئۇ بەدەندىكى مۇھىم ئىممۇنىتېت ھۈجەيرىسى بولۇپ، ئۆسمىگە ۋە ۋىرۇستىن يۇقۇملىنىشقا قارشى تۇرۇش، شۇنداقلا ئىممۇنىتېتلىق تەڭشەش قاتارلىق پائالىيەتلەردە رول ئوينايدۇ، ت) جانلىقلىقىنى تۆۋەنلىتىدىغانلىقى بايقالدى. ئەگەر ساغلام ياشاشنى ۋە ئۆز فۇنكسىيەسىنى راۋان جارى قىلدۇرالايدىغان ئىممۇنىتېت سىستېمىسىغا ئىگە بولۇشنى ئويلىسىڭىز، تاماكا چەكمەڭ ھەمدە يېنىڭىزدىكىلەرنىمۇ چەككىلى قويماڭ. شۇنى ئۇنۇتماڭكى، پاسسىپ تاماكا چېكىش (يەنى تاماكا چېكىلگەن مۇھىتتا تۇرۇش) سالامەتلىككە ئاكتىپ تاماكا چېكىشكە ئوخشاشلا زىيانلىقتۇر.**

**2. ئوزۇقلۇق يېتەرسىزلىكى**

**كىشىنىڭ ئىممۇنىتېت كۈچىنى تۆۋەنلىتىۋېتىدىغان ئەڭ كۆپ ئۇچرايدىغان سەۋەب ئوزۇقلۇقنىڭ يېتەرلىك بولماسلىقىدۇر. بەدەن ئېھتىياجلىق بولغان ئاساسلىق ماددىلارنىڭ يېتەرلىك مىقداردا قوبۇل قىلىنماسلىقى ئىممۇنىتېت كۈچىنى ئاجىزلىتىپ، كېسەللىكلەرگە يول ئاچىدۇ.**

**3. شېكەر ماددىسىنى زىيادە كۆپ ئىستېمال قىلىش**

**زىيادە كۆپ مىقداردا شېكەر ۋە تەركىبىدە شېكەر ماددىسى بار يېمەكلىكلەرنى ئىستېمال قىلىشنىڭ ئىممۇنىتېت كۈچىنى ئاجىزلىتىدىغانلىقى مەلۇم. شېكەر ئېغىزدىن كىرگەندىن كېيىنكى ئوتتۇز مىنۇت ئىچىدە، ئۇنىڭ سەلبىي تەسىرلىرى كۆرۈلۈشكە باشلايدۇ ۋە بۇ بەش سائەتكىچە داۋاملىشىدۇ. ئۇ يەنە ئاق قان ھۈجەيرىلىرىنىڭ غەيرىي ماددىلارنى پارچىلاش ئىقتىدارىنى تەڭدە تەڭ تۆۋەنلىتىۋېتىدۇ. ئىزچىل ھالدا شېكەر ئىستېمال قىلىش ئىممۇنىتېت سىستېمىسىنى ھەرۋاقىت بېسىمغا ئۇچرىتىدۇ. مەن شېكەر ئىستېمال قىلىشنى پەقەتلا تەۋسىيە قىلمايمەن، ئۇنى ھاياتىڭىزدىن چىقىرىۋېتىڭ ۋە پەرزەنتلىرىڭىزنىمۇ شېكەرگە كۆندۈرۈپ قويماڭ. باللىرىڭىزغا گازلىق ئىچىملىكلەرنىمۇ ئىچكۈزمەڭ. ئەگەر، چوقۇم مېۋە**

سۈيى ئىچمىسەم بولمايتتى، دېسىڭىز، مېۋە پەسىللىرىدە ئۆيدە ئۆزىڭىز سىقىپ ئىچىڭ، ئەمما مەن يەنىلا مېۋە سۈيىنى ئەمەس، مېۋىنىڭ ئۆزىنى ئىستېمال قىلىشىڭىزنى تەۋسىيە قىلىمەن.

20 ـ ئەسىردە دۇنيا مىقياسىدىكى شېكەر ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى شىددەت بىلەن ئاشتى. 18 ـ ئەسىردە ئەنگلىيەدىكى كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان يىللىق شېكەر ئىستېمال مىقدارى 5 ~ 6 گىرام (كىلوگىرام ئەمەس، گىرام) ئىدى، ھالبۇكى 2011 ـ يىلى ياۋروپالىقلارنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە شېكەر ئىستېمال مىقدارى 37 كىلوگىرامغا چىقتى. دۇنيادا ئەڭ كۆپ شېكەر ئىستېمال قىلىدىغان دۆلەت ئىسرائىلىيە بولۇپ، ئىسرائىلىيەلىكلەر يىلدا كىشى بېشىغا يەتمىش كىلوگىرام شېكەر ئىستېمال قىلىدۇ. تۈركىيەدە 2011 ـ يىلدىكى كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان يىللىق شېكەر ئىستېمال مىقدارى 29.61 كىلوگىرام بولدى. بۇنچە كۆپ شېكەر ئىستېمالى تارىختا ھېچقاچان كۆرۈلۈپ باقمىغانىدى. بىزگە مەلۇمكى، شېكەرنى كۆپ ئىستېمال قىلىش ئىممۇنىتېت سىستېمىسىنىڭ ئىنكاسىغا تەسىر كۆرسىتىپ، سېمىزلىكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، راك ھۈجەيرىلىرىمۇ شېكەر بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ.

شېكەرنىڭ بەدىنىڭىزگە ھېچبىر پايدىسى يوق. شېكەر يېيىش ئارقىلىق بەدەنىڭ ئاساسلىق ئېھتىياجلىرىدىن ھەرقاندىقىنى قاندۇرغىلىمۇ بولمايدۇ. يەنە كېلىپ، ئۇ سالامەتلىكىڭىزگە زىيان سالىدۇ. داۋاملىق شېكەر ئىستېمال قىلىش پەقەت شېكەر ئىشلەپچىقارغۇچىلارغىلا پايدىلىق. سالامەتلىكىڭىزنى ئاسراش ئۈچۈن، قەنتتىن، شېكەرلىك يېمەك ـ ئىچمەكلەردىن ساقلىنىڭ.

### 4. يېڭى كۆكتات ۋە مېۋىلەرنى يېتەرلىك ئىستېمال قىلماسلىق

يېڭى كۆكتات ۋە مېۋە ـ چېۋىلەرنى قەرەللىك ھالدا، يېتەرلىك مىقداردا ئىستېمال قىلماسلىق ئىممۇنىتېت كۈچىنى ئاجىزلىتىۋېتىدۇ. تەركىبىدە ۋىتامىن ۋە مىنېرال ماددىلار مول بولغان يۇقىرى تالالىق كۆكتات ۋە مېۋىلەرنى ئىستېمال قىلغاندا، كىشىنىڭ ئىممۇنىتېت كۈچى ئاشىدۇ، كېسەل بولۇش ئېھتىماللىقى تۆۋەنلەيدۇ. ھەرقانداق كۆكتات ۋە مېۋىنى ئۆزىنىڭ پەسلىدە تەبىئىي ئىستېمال قىلىشىڭىزنى تەۋسىيە قىلىمەن. يازدا شوخلا، قىشتا غول پىياز يەڭ. كۆكتات ۋە مېۋىلەرنى ئۆز پەسلىدىن باشقا چاغلاردا (مەسىلەن يازلىق مېۋىلەرنى ساقلاپ قىشتا، كۈزلۈك مېۋىلەرنى ساقلاپ ئەتىيازدا) ئىستېمال قىلىش تۈرلۈك كېسەللىكلەرگە، جۈملىدىن راكقا سەۋەب بولىدۇ.

### 5. سېمىزلىك

خۇددى ئوزۇقلۇق يېتەرسىزلىكىنىڭ ئىممۇنىتېت كۈچىنى ئاجىزلاتقىنىدەك، سەمرىپ كېتىشمۇ ئىممۇنىتېت سىستېمىسىنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى بۇزىدۇ. كېسەل كۆرپىسى بولۇپ قېلىشنى خالىمىسىڭىز، سېمىزلىكتىن قۇتۇلۇڭ.

### 6. ھاراق ئىچىش

ئىسپىرت ئىستېمال قىلغانلارنىڭ ئىممۇنىتېت سىستېمىسىدىكى ھۈجەيرىلەرنىڭ ئىقتىدارىنىڭ تۆۋەنلەيدىغانلىقى بايقالدى. يەنى، ھاراقنى قانچە كۆپ ئىچسىڭىز، ئىممۇنىتېت كۈچىڭىز شۇنچە ئاجىزلايدۇ. شۇڭا، ھاراقتىن قەتئىي يىراق تۇرۇڭ.

**7. سەلبىي، ئۈمىدسىز تەپەككۇر ۋە ھېسسىيات ئادىتى**

ھېسسىي ھالەتنىڭ ئىممۇنىتېت سىستېمىسىغا بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقى بايقالدى. خۇشال ۋە ئاكتىپ تۇتۇمغا ۋە روھىي كەيپىياتقا ئىگە كىشىلەرنىڭ ئىممۇنىتېت سىستېمىسى ئۆز رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرالايدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە، چۈشكۈنلۈك ۋە تۆۋەن روھىي كەيپىيات ئىممۇنىتېت كۈچىنى ئاجىزلىتىۋېتىدۇ. بىز چۈشكۈنلەشكەن، ئۈمىدسىزلەنگەن چاغلىرىمىزدا تېخىمۇ ئاسان كېسەل بولۇپ قالىمىز. خۇشال ـ خۇرام، جۇشقۇن چاغلىرىمىزدا بولسا كېسەل بولۇش ئېھتىماللىقىمىز نىسبەتەن تۆۋەنلەيدۇ.

**8. بېسىم**

بېسىم بەدەندىكى «بېسىم ھورمۇنى» دەپ ئاتىلىدىغان «ئادرېنالىن» ۋە «كورتىزول» قاتارلىق بىر قانچىلىغان ھورمونلارنىڭ ئاجرىلىپ چىقىش مىقدارىنى ئاشۇرىۋېتىدۇ. مەزكۇر ھورمونلار تۆش بېزى ئىقتىدارىنىڭ چېكىنىشىگە سەۋەب بولۇپ، ئىممۇنىتېت سىستېمىسىغا بېسىم چۈشۈرىدۇ ـ دە، نەتىجىدە كىشىنىڭ راك ۋە باشقا كېسەللىكلەرگە گىرىپتار بولۇش خەۋپى ئاشىدۇ. شۇ ۋەجىدىن، راك بىمارلىرىنىڭ ئۆزىدىكى بېسىمنى تۆۋەنلىتىشى، خۇشال ـ خۇرام ۋە ئۈمىدۋار بولۇشى، ئۇلارنىڭ ئەسلىگە كېلىشىگە پايدىلىق.


**9. سۇنى ئاز ئىچىش**

يېتەرلىك مىقداردا سۇ ئىچمىگەنلەرنىڭ ئىممۇنىتېت سىستېمىسىنىڭ بېسىمغا ئۇچرايدىغانلىقى ئىسپاتلاندى. نورمال ئېغىرلىقتىكى قۇرامىغا يەتكەنلەر كۈنىگە ئىككى لىتىردىن ئۈچ لىتىرغىچە سۇ ئىچىشى كېرەك. شۇنى ئۇنۇتماڭكى، دۇنيادىكى ھەرقانداق ماددىغا ئوخشاش، سۇنىڭمۇ زىيىنى بار. سۇنى نورمال مىقداردا ئىچىڭ، زىيادە كۆپ ئىچىشتىن ساقلىنىڭ.

**10. تەنھا ياشاش**

تەنھا ياشايدىغانلارنىڭ كېسەل بولۇپ قېلىش ئېھتىماللىقىنىڭ باشقىلار بىلەن ئارىلىشىپ ياشايدىغانلارنىڭكىدىن يۇقىرى بولىدىغانلىقى بايقالدى. يالغۇز قالماڭ، ھايات مەزمۇنىڭىزنى بېيىتىڭ، ئەتراپىڭىز سۆيۈملۈك كىشىلىرىڭىز بىلەن تولسۇن.

دوكتۇر ئۈمىد ئاقتاشنىڭ «دورىسىز ھايات» ناملىق ئەسىرىدىن ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمىسى



# مىللەتلەرنىڭ يوقىلىشقا دۇچار بولىدىغان پەيتى

ئىبنى خەلدۇن

# مىللەتلەرنىڭ يوقىلىشقا دۇچار بولىدىغان پەيتى

ئىبنى خەلدۇن

بىر مىللەت مەغلۇپ بولۇپ، يەنە بىر مىللەتنىڭ ھاكىمىيىتى ئاستىدا قالسا، تېز سۈرئەتتە يوقىلىش قىسمىتىگە دۇچ كېلىدۇ. ئاللاھ ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر، مەنچە بۇنىڭ سەۋەبى مۇنداق:

بىر مىللەت يەنە بىر مىللەتنىڭ ھاكىمىيىتى ئاستىدا قالسا، شۇنداقلا (ھاكىمىيەت ئاستىدا قالغان) بۇ مىللەت قۇللاشتۇرۇلۇش ئارقىلىق ھاكىم مىللەتنىڭ قولىدىكى قورالغا ئايلانسا ۋە شۇلارغا تايىنىپ قالسا، مەغلۇپ مىللەتنىڭ روھىيىتىنى بوشاڭلىق ۋە چۈشكۈنلۈك قاپلايدۇ ـ دە، ئۇلاردا غايە ئازىيىدۇ ۋە ئاجىزلىشىدۇ. ھالبۇكى، نوپۇسنىڭ ئېشىشى ۋە مەدەنىيەتنىڭ يۈكسىلىشى، پەقەت كۈچلۈك غايە ۋە شۇ سەۋەبلىك (ئىنساندا) پەيدا بولىدىغان ماددىي قۇۋۋەتنىڭ تۈرتكىسىدە ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. بوشاڭلىق سەۋەبلىك غايە ۋە غايىگە چىللايدىغان شارائىت يوقالسا ۋە مەھكۇم مىللەت ئۆز رەقىبىنىڭ غەلىبىسى سەۋەبلىك، قەۋمىيەت تۇيغۇسىدىن ھەم مەھرۇم قالسا، ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتى زاۋاللىققا يۈز تۇتىدۇ، مال ـ مۈلكى ۋە شجائىتى توزۇپ تۈگەيدۇ، دۈشمەنلىرىنىڭ غەلىبىسى سەۋەبلىك شۆھرىتى سۇنغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار ئۆزلىرىنى قوغداشتىنمۇ ئاجىز كېلىدۇ. شۇ ۋەجىدىن، ھەر غالىبنىڭ قارشىسىدا مەغلۇب، ھەر يىرتقۇچنىڭ قارشىسىدا ئوۋ (ۋە ھەر مۇستەملىكىچىنىڭ قارشىسىدا مۇستەملىكە خەلقى ۋە زېمىنى) بار بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئاداققى غايىسى بولغان مۈلۈككە ئېرىشىش غايىسى ھاسىل بولسۇن ـ بولمىسۇن، ئۇلار ئۈچۈن بەرىبىر، بۇلارنىڭ ھالى شۇدۇر.

ئاللاھ ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر، بۇنىڭدا باشقا بىر سىر ۋە ھېكمەتمۇ باركى، ئىنسان ئۆزىنىڭ يارىتىلىش غايىسى بولغان خەلىپىلىك (يەنى ئاللاھ تائالانىڭ ئىنساننى يەر يۈزىگە خەلىپە، ئورۇنباسار قىلىشى)نىڭ تەقەززاسى سەۋەبلىك، ئەسلىدىنلا رەئىسلىك (يەنى مەلۇم بىر زېمىنغا ئىگىدارچىلىق قىلىش، خوجا بولۇش) تەبىئىتىگە ئىگىدۇر. ھالبۇكى، رەئىس ئۆزىنىڭ ئىگىدارچىلىق ھوقۇقىدىن مەھرۇم بولۇپ، ئۆز ئىززىتىنىڭ مۇددىئاسىدىن چەكلەنسە، ئۇنى بوشاڭلىق ۋە چۈشكۈنلۈك قاپلايدۇ. بۇ (بوشاڭلىق ۋە چۈشكۈنلۈك) شۇ دەرىجىگە يېتىدۇكى، قورسىقىنى تويغۇزۇش ۋە سۇ ئىچىپ ۋۇجۇدىنى راھەتلىتىشمۇ ئۇنىڭغا خوشياقماس بولىدۇ. ئىنسانلارنىڭ خۇي ـ مىجەزىدە مۇشۇ خىل ئەھۋال مەۋجۇت. ئوخشاش ئەھۋالنىڭ يىرتقۇچ ھايۋانلاردىمۇ بارلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە بولىدۇ. ئېيتىلىشىچە، بۇ (يىرتقۇچ) ھايۋانلار

**ئىنسانلارنىڭ قولىغا چۈشكەندىن كېيىن جۈپلەشكىلى ئۇنىماسمىش. شۇ سەۋەبلىك، (باشقىلار تەرىپىدىن) ھاكىمىيەت ئاستىغا ئېلىنغان مەھكۇم قەۋملەر ئىزچىل رەۋىشتە زەئىپلىشىش ۋە يوقىلىش ھالىتىدە تۇرىدۇ ۋە ئاخىرىدا يوقىلىش قىسمىتىگە دۇچار بولىدۇ. ھالبۇكى، ئەبەدىيلىك ئاللاھقا خاستۇر.**

**باشقىلارنىڭ ھاكىمىيىتى ئاستىدا قالغان ۋە باشقىلارنىڭ قورالىغا ئايلىنىپ قالغان ئىنساننىڭ تەبىئىتى ئاشۇنداق بولىدۇ. شۇ سەۋەبتىن، يۇقىرىدا قەيت قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، سۇدانلىق مىللەتلەر (قارا تەنلىكلەر)نىڭ كۆپىنچىسى ئۆزىدىكى ئىنسانىي تەبىئەتنىڭ يېتەرسىزلىكى ۋە ئالامەت (ۋە سۈپەت) جەھەتتە ياۋايى ھايۋانلار ئوخشاپ كەتكىنى ئۈچۈن، قۇللۇقنى خالايدۇ (1ـ جىلد 3 ـ پاسىلغا قارالسۇن). قۇللۇق تۈزۈمى ئىچىدە بىرەر ئەمەل ـ مەنسەپنىڭ، مال ـ مۈلۈكنىڭ ياكى «يۈز ـ ئابروي»نىڭ قولغا كېلىشىنى تەمە قىلىدىغانلار قۇللۇققا رازى بولىدۇ (ۋەتەنىدىكى قورچاق ئەمەلدارلارنى بۇنىڭ ئەڭ تىپىك مىساللىرىدىن دېيىشكە بولىدۇ، ت). مەسىلەن، ئىسپانىيەدىكى دىنسىز گالىسىيانلار ۋە خرىستىيانلارنىڭ ئەھۋالىمۇ ئاشۇنداق (ئىبنى خالدۇن ئىسپانىيە مۇسۇلمانلارنىڭ ھاكىمىيىتى ئاستىدا تۇرغان دەۋردە ياشاپ ئۆتكەن كىشى بولغاچقا، بۇ يەردە ئىسپانىيەدىكى خرىستىيانلارنى قۇللۇققا رازى بولغانلار قاتارىدا ساناپ ئۆتكەن، ت). چۈنكى، داۋاملىشىپ كەلگەن قائىدىگە بىنائەن، دۆلەتنىڭ مەمۇرىي ئىشلىرىنى مۇشۇلار قىلىدىغان بولغاچقا، قۇل بولۇش ئۇلارغا ھار كەلمەيدۇ. يەنى ئۇلار پادىشاھلىق (ئىسپانىيەدە ھۆكۈم سۈرگەن ئىسلامىي ھاكىمىيەت، يەنى گرانادا سۇلتانلىقى)نىڭ ئەمەل ـ مەنسەپلەرنى ئۆزلىرىگە ئىنئام قىلىشىنى تەمە قىلىشىدۇ. ئەڭ توغرىسىنى بىلگۈچى ئاللاھتۇر.**

***ئىبنى خالدۇنغا كۆرە، مەدەنىيەتكە ۋە گۈللىنىشكە تۆرتكە بولىدىغان ئامىللار پايدا، تاپاۋەت، مال ـ مۈلۈككە ئىگە بولۇش ۋە كۈچ سەرپ قىلىشتۇر. ئىنساننى مال ـ مۈلۈككە ئىگە بولۇشقا ۋە تىرىشىشقا ئۈندەيدىغان نەرسە بولسا خىرس (ئىستەك)تۇر. يەنى ئىنساننىڭ ھاياتىي كۈچى ۋە ئۆز ـ ئۆزىگە خوجا بولۇش ئىستىكى شۇ مىللەتنىڭ ئۆز ھاكىمىيىتىنى قولىغا ئېلىشىغا تۆرتكە بولسا، بۇ خىل كۈچ ۋە ئىستەكنىڭ يوق بولۇشى شۇ مىللەتنى مەغلۇبىيەتكە ۋە ئاسارەتكە ئىتتىرىدۇ. ھاكىمىيەتنى قولىدا تۇتۇپ تۇرۇۋاتقان، غالىب ۋە كۈچلۈك مىللەتلەر كۆپەيسە، مەغلۇپ ۋە زەئىپ مىللەتلەر چېكىنىدۇ، ئازىيىدۇ. بۇ ئەھۋال نوقۇل ھالدا زۇلۇمنىڭ نەتىجىسى بولماستىن، مەغلۇپ بولۇپ، باشقىلارنىڭ قولىدىكى قورالغا ئايلىنىپ قالغان ئىنسانلاردىكى (بۇزۇلغان) تەبىئەتنىڭ تەقەززاسىدۇر. ھەتتا، ھايۋانلاردىمۇ ئەھۋال ئاشۇنداق بولىدۇ.**

ئىبنى خەلدۇننىڭ «مۇقەددىمە» ناملىق ئەسىرىدىن ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمىسى

# ئۆتكەن بىر ئاي ئىچىدىكى ئۇيغۇرلارغا

# مۇناسىۋەتلىك مۇھىم ۋەقە - ھادىسىلەر



**(2021-يىلى 10 – ئاينىڭ 24 – كۈنىدىن 11 – ئاينىڭ 28 - كۈنىگىچە)**

# ئايلىق خەۋەر

**(2021 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنىدىن ، 11 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنىگىچە)**

### خىتاي چېگرا مۇداپىئەسىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن يېڭى قانۇن ماقۇللىدى

رېيتېر ئاگېنتلىقىنىڭ 24 ـ ئۆكتەبىردىكى خەۋىرىگە كۆرە، ھىندىستان بىلەن ئۆزاقتىن بۇيان تىركىشىۋاتقان، شۇنداقلا تالىباننىڭ كونتروللۇقىدىكى ئافغانىستاننىڭ تەسىرىدىن ۋە شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرىدىن كېلىدىغان خىتاي ۋىرۇسى تەھدىتىدىن خەۋپسىرەۋاتقانلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەن خىتاي 23 ـ ئۆكتەبىر چېگرا مۇداپىئەسىنى كۈچەيتىش مەقسىتىدە يېڭى قانۇن ماقۇللىغان.

بۇ 72 يىل ئىلگىرى قۇرۇلغان خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ تۇنجى قېتىم قۇرۇقلۇق چېگراسىنى قانداق باشقۇرۇش ۋە قوغداش توغرىسىدا ئالاھىدە قانۇن چىقىرىشى بولۇپ، مەزكۇر قانۇندا «ئەگەر يېقىن ئەتراپتا ئۇرۇش ياكى باشقا قوراللىق توقۇنۇشلار يۈز بېرىپ، خىتاينىڭ چېگرا بىخەتەرلىكىنى تەھدىتكە ئۇچراتسا، خىتاي ئۆز چېگراسىنى تاقىۋېتەلەيدۇ» دېيىلگەن.

خىتاينىڭ سابىق دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭ دۆلەت ــــ رۇسىيەنى ۋە يادرو قورالىرى ئىقتىدارىغا ئىگە چاۋشيەننى ئۆز ئىچىگە ئالغان 14 دۆلەت بىلەن 22000 كىلومېتىرلىق (14000 مىل) قۇرۇقلۇق چېگراسى بار.

### خىتاي تاجىكىستاندا يېڭى ھەربىي بازىغا ئېرىشتى

«ھىندىلار» تورىنىڭ 28 ـ ئۆكتەبىردىكى ماقالىسىدە كۆرسىتىلىشىچە، «ئەركىن ياۋروپا رادىئوسى»نىڭ (RFE) خەۋىرىگە كۆرە، خىتاي تاجىكىستان ھۆكۈمىتى ئۈچۈن يېڭى ھەربىي بازا قۇرۇپ بېرىدىكەن.

تاجىكىستان ئەمەلدارلىرىنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ يېڭى بازا تاجىكىستان «تېز ئىنكاس قايتۇرۇش ئەترىتى»گە ياكى «ئالاھىدە قىسىم»غا تەۋە بولىدىغان بولۇپ، خىتاي بۇ بازىنىڭ قۇرۇلۇشىنى ئون مىليون دوللار مەبلەغ بىلەن تەمىنلەيدىكەن. مەزكۇر بازا پامىر تاغلىرىغا يېقىن جايدىكى گورنو ـ بەدەخشان ئاپتونوم ئۆلكىسىنىڭ شەرقىي قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، خىتاي بۇ بازىدا ئەسكەر تۇرغۇزمايدىكەن.

ئەمما، خىتاينىڭ بۇ بازىنى قۇرۇپ بېرىشى ھەقسىز بولماستىن، تاجىكىستان بۇنىڭ بەدىلىگە، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن قالغان، (خىتاي ـ تاجىكىستان) ھەر ئىككى تەرەپ تەڭ پايدىلىنىپ كەلگەن، شەرقىي

تۈركستان ـ ئافغانىستان ـ تاجىكىستان چېگراسىغا ۋە ۋاخان كارىدورىغا يېقىن يەردىكى بىر بازىنى خىتاينىڭ تولۇق كونتروللۇقىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىدىكەن.

روسىيە، ھىندىستان قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ تاجىكىستاندىكى ھەربىي بازىلاردا ئەسكەرلىرى بار بولسىمۇ، ئەمما خىتاي بىلەن تاجىكىستان بىردەك ھالدا، تاجىكىستان زېمىنىدا خىتاي بىخەتەرلىك قىسىملىرىنىڭ بارلىقىنى ئىزچىل ئىنكار قىلىپ كەلگەنىدى.

ھالبۇكى، بۇ قېتىم خىتاينىڭ (تاجىكىستان پايتەختى) دۈشەنبەدىكى باش ئەلچىخانىسى تاجىكىستان تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىغا يوللىغان باياناتتا دېيىلىشىچە، تاجىكىستان ھۆكۈمىتى خىتاينىڭ ھەربىي ياردىمى بەدىلىگە يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ھەربىي بازىنىڭ تولۇق كونتروللۇقىنى خىتايغا ئۆتكۈزۈپ بېرىش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئىگىلىنىشىچە، بۇ بازىدا خىتاي ئارمىيىسى ئەمەس، بەلكى شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىچكى بىخەتەرلىككە مەسئۇل بولغان خىتاي خەلق قوراللىق ساقچى قىسىملىرى بار ئىكەن.

## ب د ت دا خىتاي تۈركىيەنى تاجاۋۇزچى دەپ ئەيىبلىدى

تۈركىيەدىكى «جۇمھۇرىيەت» تورىنىڭ 29 ـ ئۆكتەبىردىكى خەۋىرىگە كۆرە، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى خەۋپسىزلىك كېڭىشىنىڭ 27 ـ ئۆكتەبىردىكى سۈرىيە مەسىلىسى توغرىسىدىكى يىغىنىدا ئەنقەرە ـ بېيجىڭ ئارىسىدىكى جىددىيلىك كۈچەيگەن ۋە خىتاينىڭ ب د ت دىكى دائىمىي ۋەكىلى تۈركىيەنى سۈرىيەدىكى «تاجاۋۇزچى» دەپ ئەيىبلىگەن.

مەزكۇر يىغىندا، خىتاينىڭ ب د ت دىكى مۇئاۋىن دائىمىي ۋەكىلى گېڭ شۇاڭ تۈركىيەنىڭ سۈرىيەنىڭ شەرقىي شىمالىنى «قانۇنسىز ئىگىلىۋالغان»لىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان ۋە تۈركىيەنى سۈرىيەدىكى ئالۇك سۇ پونكىتىنىڭ سۈيىنى توختىتىپ قويۇش بىلەن ئەيىبلەپ، «فىرات دەرياسىنىڭ سۇ ئورنى تۆۋەنلەۋاتىدۇ، ئالۇك سۇ پونكىتىنىڭ مەشغۇلاتى دائىم ئۈزۈلۈپ قېلىۋاتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن سۇ، توك تەمىناتىنى ساقلاش ۋە ئېتىزلارنى سۇغىرىش تەسكە توختىماقتا. بېيجىڭ تۈركىيەنى خەلقئارا قانۇنلارغا رىئايە قىلىشقا، پۇقرالارنى قوغداشقا، ئۆل مۇئەسسەسەلەرنىڭ نورمال ئايلىنىشىغا ھەمدە ب د ت نىڭ ئىنسانپەرۋەرلىك ياردىمىنىڭ سۈرىيەگە يەتكۈزۈلۈشىگە كاپالەتلىك قىلىشقا چاقىرىدۇ» دېگەن.

خەۋپسىزلىك كېڭىشىنىڭ مەزكۇر يىغىنىغا قاتناشقان تۈركىيەنىڭ ب د ت دىكى دائىمىي ۋەكىلى فېرىدۇن سىنىرلىئوغلۇ خىتاي ۋەكىلىنىڭ تۈركىيە ئۈستىدىن قىلغان شىكايىتىگە جاۋابەن: «تەخمىنەن توققۇز مىليون سۈرىيەلىك مۇساپىر تۈركىيەنىڭ قوغدىشى ئاستىدا تۇرماقتا. بىزنىڭ خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق قانۇنلىرىنى دەپسەندە قىلغانلاردىن تەلىم ئېلىشقا ئېھتىياجىمىز يوق» دېگەن.

## ئاكتىۋىستلار G20 يىغىنىدا خىتايغا قارشى نارازىلىق بىلدۈردى

ئەنگلىيەدىكى «قوغدىغۇچى گېزىتى» تورىنىڭ 29 ـ ئۆكتەبىردىكى خەۋىرىگە كۆرە، دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن كەلگەن پارلامېنت ئەزالىرى رىمدىكى 20 دۆلەت گۇرۇھى باشلىقلار يىغىنى ئۆتكۈزۈلىدىغان جاينىڭ ئەتراپىغا يىغىلىپ، خىتاي دىپلوماتىيە مىنىستىرى ۋاڭ يىنىڭمۇ مەزكۇر يىغىنغا

قاتنىشىدىغانلىقىغا ئېتىراز بىلدۈرگەن ۋە رەھبەرلەرنى خىتاي بىلەن بولغان كېلىمات كىرىزىسى مەسىلىسىدىكى ھەمكارلىق بەدىلىگە خىتاينىڭ كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىگە كۆز يۇماسلىققا چاقىرغان.

## ياۋروپا ئەللىرىنىڭ پارلامېنت ئەزالىرى خىتايدىن كېلىدىغان خەۋپكە قارىماستىن، تەيۋەن دىپلوماتىيە مىنىستىرى جوسېف ۋۇ بىلەن كۆرۈشتى

«ئامېرىكا ئاۋازى» تورىنىڭ 31 ـ ئۆكتەبىر خەۋەر قىلىشىچە، تەيۋەن دىپلوماتىيە مىنىستىرى جوسېف ۋۇ 29 ـ ئۆكتەبىر تۈنجى قېتىم ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ مەمۇرىي پايتەختى بىريۇسسېلنى زىيارەت قىلغان.

ئىلگىرى ياۋروپا ئىتتىپاقى شەرقىي تۈركىستانغا مۇناسىۋەتلىك خىتاي ئەمەلدارلىرىغا قارىتا جازا ئېلان قىلغاندىن كېيىن، خىتاي ئۆچ ئېلىش سۈپىتىدە ياۋروپا ئىتتىپاقى پارلامېنتىنىڭ ئەزالىرىغا جازا يۈرگۈزگەندى.

ئامېرىكادىكى «گېرمانىيە مارشال فوندى جەمئىيىتى» ئاسىيا تۈرىنىڭ دىرېكتورى بونىنى گلاسېرغا كۆرە، خىتاي بۇ قېتىم جوسېف ۋۇ بىلەن كۆرۈشكەن چېخ، سلوۋاكىيە، لىتۋانىيە ۋە بېلگىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ پارلامېنت ئەزالىرىغىمۇ ئوخشاش شەكىلدە جازا يۈرگۈزۈشى؛ ياكى شى جىنپىڭ بىلەن ياۋروپا ئىتتىپاقى كومىتېتىنىڭ رەئىسى چارلېس مىشېل ئوتتۇرىسىدىكى ئۇچرىشىشنى؛ ھەتتا خىتاي بىلەن ياۋروپا ئىتتىپاقىغا ئەزا دۆلەتلەرنىڭ رەھبەرلىرى ئارىسىدا ئۆتكۈزۈلمەكچى بولغان «27+1» ئۇچرىشىشىنىمۇ كېچىكتۈرۈشى مۇمكىن ئىكەن.

## ئىسرائىلىيە خىتاينى ئەيىبلىگەن باياناتقا ئىمزا قويغىلى ئۇنىمىدى

«ئىسرائىلىيە ۋاقىت گېزىتى» تورىنىڭ 1 ـ نويابىردىكى خەۋىرىگە كۆرە، ئىسرائىلىيە ھۆكۈمىتى ب د ت دا 43 دۆلەت بىرلىشىپ ئېلان قىلغان، خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكلىرىنى ئەيىبلىگەن باياناتقا ئىمزا قويمىغان. بىر نەپەر ئىسرائىلىيە ئەمەلدارىنىڭ «ئىسرائىلىيە ۋاقىت گېزىتى»گە بىلدۈرۈشىچە، «ئىسرائىلىيەنىڭ خىتاي بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە نەزەردە تۇتۇشقا تېگىشلىك مەنپەئەتى بار» ئىكەن.

بۇنىڭدىن سىرت، ئىسرائىلىيە دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقى «ئىسرائىلىيە ۋاقىت گېزىتى»گە يوللىغان بىر پارچە يازما باياناتىدا مۇنداق دېگەن: «ئىسرائىلىيە ھەر خىل دىپلوماتىك يوللار ئارقىلىق ئۇيغۇرلار توغرىسىدىكى ئەندىشىسىنى ئىپادىلەپ كېلىۋاتىدۇ. (مۇشۇ يىل ئالتىنچى ئايدا) كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشىدە كانادانىڭ باياناتىغا ئىمزا قويغانلىقىمىز بۇنىڭ بىر مىسالىدۇر. بىزنىڭ بۇ خۇسۇستىكى مەۋقەيىمىز ئۆزگەرگىنى يوق».

## خىتاينىڭ كېلىمات ئۆزگىرىشى مەسىلىسىدىكى تۇرغۇنلۇقى بايدېن ھۆكۈمىتىنى ئۈمىدسىزلەندۈردى

«ۋاشىڭتون پوچتا گېزىتى» تورىنىڭ 4 ـ نويابىردىكى ماقالىسىدە كۆرستىلىشچە، بايدېن ھۆكۈمىتى خىتاينى كىلىمات ئۆزگىرىشى مەسىلىسىدە ئۆزى بىلەن ھەمكارلىششقا قانداق قايىل قىلىش جەھەتتە ئىختىلاپقا چۈشكەن. ئامېرىكانىڭ كىلىمات مەسىلىسىدىكى ئالاھىدە ئەلچىسى جون كېرىي «خىتاي بىلەن كىلىمات مەسىلىسىدىكى ھەمكارلىقنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، چوقۇم ئۇلار بىلەن بولغان ئومۇمىي مۇناسىۋىتىمىزنى ياخشىلىشىمىز كېرەك» دېسە، دۆلەت بىخەتەرلىك مەسلىھەتچىسى جېيك سۇلىۋان «خىتاي ئۆز مەنپەئەتى ئۈچۈن بولسىمۇ، كىلىمات ئۆزگىرىشى مەسىلىسىدە بىز بىلەن ھەمكارلىششى كېرەك» دەپ قارىغان.

ئەمما، خىتاي رەئىسى شى جىنپىڭ ـــ ھېچ بولمىغاندا ھازىرچە ـــ بۇنىڭغا قىزىقمايدىغانلىقىنى ئېنىق ئىپادىلىگەن.

ئىلگىرى خىتاي بىلەن يېقىن ھەمكارلىق ئورنىتىشنى ئارزۇلىغان بايدېنمۇ ئالدىنقى ئاينىڭ ئاخىرى رىمدا ئۆتكۈزۈلگەن G20 باشلىقلار يىغىنىدىن كېيىنكى ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىدا «خىتاي كىلىمات ئۆزگىرىشكە تاقابىل تۇرۇش توغرىسىدا ھېچقانداق ۋەدە بەرمىدى. كىشىلەر بۇنىڭدىن ئۈمىدسىزلىنىشكە ھەقلىق، مەنمۇ بۇنىڭدىن ئۈمىدسىزلەندىم» دېگەن.

## ئامېرىكا دېموكراتلار پارتىيەسى ئۇيغۇر قىرغىنچىلىقىغا چېتىشلىق شىركەتلەرنى مەبلەغ بىلەن تەمىنلىمەسلىك توغرىسىدىكى ماددىنى چىقىرىۋەتتى

«NationalReview» تورىنىڭ 4 ـ نويابىردىكى خەۋىرىگە كۆرە، دۆلەت مەجلىسىدىكى دېموكراتلار پارتىيەسى تەرىپىدىن بۇ ھەپتە ئېلان قىلىنغان «تېخىمۇ ياخشىسىنى قايتىدىن قۇرۇپ چىقىش لايىھەسى»نىڭ (Build Back Better Plan) تۈزىتىلگەن ئەڭ يېڭى نۇسخىسىدا ئىلگىرىكى نۇسخىدىكى «ئۇيغۇر قىرغىنچىلىقىغا چېتىشلىق ئورۇنلارنى تەتقىقات مەبلىغى بىلەن تەمىنلەشنى چەكلەش» ماددىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋېتىلگەن.

گەرچە زور ھەجىملىك مەزكۇر لايىھەنىڭ ئەڭ يېڭى نۇسخىسى 11 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى ئېلان قىلىنغان بولسىمۇ، 28 ـ ئۆكتەبىر ئېلان قىلىنغان دەسلەپكى نۇسخىدىن «ئۇيغۇر قىرغىنچىلىقىغا چېتىشلىق ئورۇنلارنى ئىلمىي مەبلەغ بىلەن تەمىنلەشنى چەكلەش» ماددىسىنىڭ ئۆچۈرۈلۈشى 4 ـ نويابىر چۈشتىن كېيىن ئاندىن كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغىغان بولۇپ، جۇمھۇرىيەتچى پارلامېنت ئەزاسى جىم بانكىس بۇ ھەقتە تۋىتېر يوللاپ: «دېموكراتچىلار نېمە ئۈچۈن باج تاپشۇرغۇچىلارنىڭ دوللارلىرىنى ئۇيغۇر مۇسۇلمانلارنى قۇل ئورنىدا ئىشلىتىدىغان شىركەتلەرگە بېرىدۇ؟» دېگەن.

كۆپلىگەن خەۋەرلەرگە قارىغاندا، خىتاي ھۆكۈمىتى بىلەن ھەمكارلىشىپ، كاربون قويۇپ بېرىش مىقدارىنى ئازايتىش ئۈستىدە باش قاتۇرۇۋاتقان ئامېرىكانىڭ كىلىمات ئالاھىدە ئەلچىسى جون كېرىي پارلامېنت ئەزالىرىدىن ئۇيغۇرلارغا ئالاقىدار يەنە بىر كىشىلىك ھوقۇق قانۇن لايىھەسىگە، يەنى «ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش قانۇنى»غا بېلەت تاشلىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشىنىمۇ تەلەپ قىلغان.

## ئامېرىكا خىتاينى قىشلىق ئولىمپىك مۇسابىقىسى جەريانىدا مۇخبىرلارنىڭ ئەركىنلىكىنى چەكلىمەسلىككە ئۈندىدى

«رېيتېر ئاگېنتلىقى»نىڭ 5 ـ نويابىردىكى خەۋىرىدە كۆرسىتىلىشىچە، بۇ ھەپتە «خىتايدىكى چەتئەل مۇخبىرلىرى كۇلۇبى» 4 ـ فېۋرالدىن 20 ـ فېۋرالغىچە ئۆتكۈزۈلىدىغان بېيجىڭ قىشلىق ئولىمپىك مۇسابىقىسىنى تەشكىللىگۈچىلەرنىڭ مەزكۇر مۇسابىقىنى خەۋەر قىلىش مەسىلىسىدە ئوچۇق ـ ئاشكارا بولماسلىقىدىن ئەندىشە قىلىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرگەنىدى.

بۇ ھەقتە، ئامېرىكا دۆلەت ئىشلىرى مەھكىمىسىنىڭ باياناتچىسى نېد پايىس ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىدا مۇنداق دېگەن: «بىز خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى ئەمەلدارلىرىنىڭ مۇخبىرلارنىڭ ھەرىكەت ئەركىنلىكىنى ۋە زىيارەت قىلىش ئەركىنلىكىنى چەكلىمەسلىكىنى ۋە ئۇلارنىڭ بىخەتەر ۋە ئەركىن خەۋەر بېرىشكە كاپالەتلىك قىلىشنى تەلەپ قىلىمىز».

بۇنىڭغا قارىتا، خىتاي دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقىنىڭ باياناتچىسى 5 ـ نويابىر ئۆتكۈزۈلگەن كۈندىلىك ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىدا چەتئەللىك مۇخبىرلارنىڭ مۇناسىۋەتلىك قانۇن ـ نىزاملارغا رىئايە قىلىش شەرتى ئاستىدا، بېيجىڭ قىشلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنى خەۋەر قىلىشقا رۇخسەت قىلىنىدىغانلىقىنى ئېيتقان.

## خىتاينىڭ يېڭى «قۇرۇقلۇق چېگراسى قانۇنى» يۈز بەرگۈسى قوراللىق ھەرىكەتلەرنىڭ شەپىسى بولۇشى مۇمكىن

«ئامېرىكا ئاۋازى» تورىنىڭ 5 ـ نويابىر خىتاينىڭ يېڭى قۇرۇقلۇق چېگراسى قانۇنى توغرىسىدىكى مەخسۇس ماقالىسىدە مۇنۇلار قەيت قىلىنغان:

2011 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «خىتاي ۋە ھىندىستان: چوڭ رەقىبلەر» ناملىق كىتابنىڭ ئاپتورى موھان مالىك بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «بېيجىڭ ھازىر جەنۇبىي خىتاي دېڭىزىدا مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا قوللانغىنىغا ئوخشاش قانۇنىي ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، ئۆزىنىڭ زېمىن كېڭەيمىچىلىكىنى قانۇنىي ئاساسقا ئىگە قىلدى. بۇ خىتاينىڭ ئۆز قانۇنىنى قوش تەرەپلىك كېلىشىملەر، قېلىپلاشقان قائىدىلەر ۋە خەلقئارا قانۇنلاردىن ئۈستۈن كۆرۈۋاتقانلىقىنىڭ ئالامىتىدۇر».

ۋېيتنامنىڭ خوچىمىن شەھىرىدىكى «ئىجتىمائىي پەنلەر ۋە ئىنسانىيەت ئۇنىۋېرسىتېتى» خەلقئارا تەتقىقات مەركىزىنىڭ مۇدىرى Nguyen Thanh Trung نىڭ قارىشىچە، خىتاينىڭ يېڭى چېگرا قانۇنى باشقا دۆلەتلەرگە قارىتىلغان زوراۋانلىق، بىرەسىمي ھەربىي ھەرىكەتلەرنىڭ شەپىسى بولۇشى مۇمكىن ئىكەن.

ئۇ بۇ ھەقتە شۇنداق دېگەن: «مېنىڭچە خىتاي ھەربىي كۈچ ئىشلەتمەسلىكى مۇمكىن، ئەمما ئۇلار جەنۇبىي خىتاي دېڭىزىدا قىلغىنىدەك، بىرەسىمي ھەربىي قىسىملارنى ياكى تولۇق قوراللانغان چېگرا مۇھاپىزەتچىلىرىنى ئىشقا سېلىشى مۇمكىن».

ھىندىستاندىكى ئالاقىدار مۇتەخەسسىسلەرمۇ خىتاينىڭ مەزكۇر قانۇننى ماقۇللىشىغا بولغان سەلبىي مۆلچەرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، بۇنىڭ چېگرادىكى سۈركىلىشلەرنىڭ تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقىدىغانلىقىنىڭ بېشارىتى ئىكەنلىكىنى قەيت قىلغان.

## ئامېرىكا جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسىدىكىلەر پرېزدېنتنىڭ كىلىمات ئەلچىسى جون كېرىنى زۇلۇمغا كۆز يۇمۇش بىلەن ئەيىبلىدى

«فوكس خەۋەرلىرى» تورىنىڭ 11 ـ نويابىردىكى خەۋىرىگە كۆرە، چارشەنبە كۈنى (10 ـ نويابىر) ئامېرىكا بىلەن خىتاي كىلىمات ئۆزگىرىشى مەسىلىسىدە كېلىشىم ھاسىل قىلغاندىن كېيىن، جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسى پرېزدېنتنىڭ كىلىمات ئەلچىسى جون كېرىنى كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىگە كۆز يۇمدى، دەپ ئەيىبلىگەن.

ئامېرىكانىڭ ب د ت دا تۇرۇشلۇق سابىق باش ئەلچىسى نىكى ھالېي (Nikki Haley) كېرىنى «ئۆزىنىڭ رادىكال كىلىمات كۈن تەرتىپىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن خىتاي (ئىشغالىيىتىدىكى شەرقىي تۈركىستان)دىكى قۇللۇق ئەمگىكىنى قوبۇل قىلىشتىن يانمىدى» دەپ ئەيىبلىگەن.

جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسىدىكىلەر بۇ خىل ئەيىبلەشلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشتىن بىر كۈن ئىلگىرى ئامېرىكا بىلەن خىتاي پارنىك گازى قويۇپ بېرىشنى ئازايتىش خۇسۇسىدا كېلىشىم ھاسىل قىلغانىدى. ئىككى دۆلەتنىڭ يىللىق كاربون قويۇپ بېرىش مىقدارىنىڭ دۇنيادىكى كاربون قويۇپ بېرىش ئومۇمىي مىقدارىنىڭ قىرىق پىرسەنتىنى ئىگىلەيدىغانلىقى مەلۇم.

ھالبۇكى، ئامېرىكا دۆلەت ئىشلىرى مەھكىمىسىنىڭ باياناتچىسى مەزكۇر تەنقىدلەرگە قارشى ھالدا، كېرىنى ئاقلاپ: «سېكرېتار كېرىنىڭ دەسلەپتىلا ئېيتقىنىدەك، ئامېرىكا بىلەن خىتاينىڭ كىلىمات كرىزىسىنى ھەل قىلىش جەھەتتە ئورتاق مەنپەئەتى بار، گەرچە باشقا مۇھىم مەسىلىلەردە ئارىمىزدا تۈپ پەرقلەر مەۋجۇت بولسىمۇ، ئەمما يەنىلا (مەسىلىنى ھەل قىلغۇدەك) ۋاقتىمىز بار» دېگەن.

## بېنگالدىكى پائالىيەتچىلەر خىتاينىڭ ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىغا قىلغان ۋەھشىي جىنايەتلىرىگە قارشى نامايىش قىلدى

«Aninews» تورىنىڭ 12 ـ نويابىردىكى خەۋىرىگە كۆرە، بېنگالنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا بىرىنچى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 88 يىللىقى، ئىككىنچى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 77 يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن بىر قاتار پائالىيەتلەر ئۆتكۈزۈلگەن ۋە پائالىيەتچىلەر بۇ جەرياندا خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئاساسلىقى ئۇيغۇرلاردىن تەشكىل تاپقان يەرلىك مۇسۇلمانلارغا قىلغان ۋەھشىي جىنايەتلىرىنى ئەيىبلىگەن.

## خىتاينىڭ چېختىكى باش ئەلچىخانىسى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنى «بۆلگۈنچىلىك» بىلەن ئەيىبلىدى

خىتاينىڭ ئاشقۇن مىللەتچى تاراتقۇلىرىدىن «يەرشارى ۋاقىت گېزىتى» تورىنىڭ 12 ـ نويابىردىكى ماقالىسىدە كۆرسىتىلىشىچە، خىتاينىڭ چېختىكى باش ئەلچىخانىسى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ چېخ جۇمھۇرىيىتىدە «خىتايغا قارشى پائالىيەتلەر»نى ئۇيۇشتۇرغانلىقىغا قاتتىق ئېتىراز بىلدۈرگەن. «يەرشارى ۋاقىت گېزىتى» مەزكۇر ماقالىسىدە يەنە دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنى «شىنجاڭ رايونىنى بۆلۈۋېلىش غەرىزى بار، زوراۋان، تېرورچى، بۆلگۈنچى تەشكىلات» دەپ ئاتىغان.

خىتاينىڭ بۇ يەردە نەزەردە تۇتقىنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ نۆۋەتتە چېخ جۇمھۇرىيىتىنىڭ پايتەختى پراگادا ئۆتكۈزۈلۈۋاتقان 7 ـ نۆۋەتلىك ئومۇمىي ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى ئىدى.

مەزكۇر ماقالىدە يەنە «ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىنىڭ ساغلام ۋە مۇقىم تەرەققىي قىلىشىغا شارائىت يارىتىش ئۈچۈن، خىتاي چېختىكى كىشىلەرنى <دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى>نىڭ خىتايغا قارشى ماھىيىتىنى چۈشىنىشكە ۋە بۆلگۈنچىلىك پائالىيەتلىرىنى قوللىماسلىق ئارقىلىق خەلقئارا قانۇن ۋە خەلقئارا مۇناسىۋەت مىزانلىرىغا ئەمەل قىلىشقا چاقىرىدۇ» دېيىلگەن.

## «كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزىتىش تەشكىلاتى» بېيجىڭ ئولىمپىك مۇسابىقىسىنى مەبلەغ بىلەن تەمىنلىگۈچى شىركەتلەرنى ئۇيغۇر مەسىلىسىدە خىتايغا بېسىم ئىشلىتىشكە ئۈندىدى

«رويتېرس ئاگېنتلىقى» تورىنىڭ 12 ـ نويابىردىكى خەۋىرىگە كۆرە، نيۇيوركتىكى «كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزىتىش تەشكىلاتى» 12 ـ نويابىر 2022 ـ يىللىق بېيجىڭ قىشلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنى مەبلەغ بىلەن تەمىنلىگەن شىركەتلەرنى «خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەتلىرىنى كۆرمەسكە سالدى» دەپ ئەيىبلىگەن.

مەزكۇر تەشكىلات يەنە توردا ئۆتكۈزۈلگەن ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىدا، 4 ـ فېۋرالدىن 20 ـ فېۋرالغىچە بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلىدىغان قىشلىق ئولىمپىك مۇسابىقىسىنىڭ ئاساسلىق مەبلەغ بىلەن تەمىنلىگۈچىلىرىنىڭ ساھىبخان دۆلەت (خىتاي) سادىر قىلغان كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىگە قارىتا خىتاي ھۆكۈمىتىگە ۋە خەلقئارا ئولىمپىك كومىتېتىغا بېسىم ئىشلىتىشى كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

مەزكۇر خەۋەردە كۆرسىتىلىشىچە، ئۆتكۈزۈلگۈسى ئولىمپىك مۇسابىقىسىنى مەبلەغ بىلەن تەمىنلىگەن 13 چوڭ «ئولىمپىك شېرىكلىرى»نىڭ ئىچىدە كوكاكولا، ئىنتېل ۋە AirBnB قاتارلىق دۆلەت ھالقىغان شىركەتلەر بار بولۇپ، بۇلار مەزكۇر مۇسابىقىنى جەمئىي نەچچە يۈز مىليون دوللار مەبلەغ بىلەن تەمىنلىگەن.

## ئەنگلىيەدىكى مۇسۇلمانلار ئۇيغۇرلارنى قوللاپ بەش مىڭ كىشىلىك نامايىش ئۆتكۈزگەن

ھىندىستاندىكى «سىياسەت كۈندىلىك گېزىتى» تورىنىڭ 14 ـ نويابىردىكى خەۋەرلىرىگە كۆرە، 11 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى ئەنگلىيەدىكى ئەللىكتىن ئارتۇق مۇسۇلمان تەشكىلاتلىرى بىرلىشىپ، لوندوندا «ئۇيغۇرلار ئۈچۈن دەس تۇرايلى» تېمىسىدا بەش مىڭ كىشىلىك نامايىش تەشكىللەپ، خىتاينىڭ يىللاردىن بۇيان ئۇيغۇرلارغا يۈرگۈزۈپ كېلىۋاتقان «ئىرقىي قىرغىنچىلىقى»نى ئەيىبلىگەن.

مەزكۇر نامايىشقا ئەنگلىيەدىكى تەسىردار شەيخ، دەۋەتچى ۋە پائالىيەتچىلەردىن ھەيسەم ئەلھەدداد، مۇھەممەد ھىجاب، سالمان بات، مۇئەززەم بەگ قاتارلىقلار قاتناشقان بولۇپ، تۆۋەندىكىسى شۇلارنىڭ ئىچىدىكى ياش دەۋەتچى مۇھەممەد ھىجابنىڭ سۆزلىرىدىن بەزىلىرىدۇر:

«بىزنىڭ ھېلىھەم بۇنداق ھادىسە (يەنى ئىرقىي قىرغىنچىلىق) يۈز بېرىۋاتقان دەۋردە ياشاۋاتقانلىقىمىز ئاجايىپ ئىش ئەمەسمۇ؟

بۇ ئىش خىتايدەك بىر دۆلەتتە (يەنى خىتاي ئىشغالىيىتىدىكى شەرقىي تۈركىستاندا) يۈز بېرىۋاتىدۇ، ئۇ يەردە ئاياللار باسقۇنچىلىقتا ئۇچرىماقتا، باللار ئائىلىسىدىن ئايرىۋېتىلمەكتە، بەدەن ئەزالىرى ئېلىۋېلىنماقتا ۋە كىشىلەر جازا لاگېرلىرىغا سولانماقتا.

شۇنداق تۇرۇقلۇق، ئۇلار (يەنى خىتاي) بىزنى بۇ ئىشلارغا ھاڭۋاقتىلارچە قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇرىدۇ، دەپ ئويلامدۇ؟

مەن خىتاي ھۆكۈمىتىگە ۋە خىتاي كومپارتىيەسىگە بىر گەپنى دەپ قوياي. سەنلەر ھۆكۈمەتلەرنى تىزگىنلىيەلىشىڭ مۇمكىن، ئەمما دۇنيا مىقياسىدىكى مىليونلىغان مۇسۇلمانلارنى تىزگىنلىيەلمەيسەن.

سەن ئۆزۈڭچە «ئۆز دۆلىتىم (نىڭ ئىشغالىيىتى ئاستى) دىكى ئاز سانلىقلارغا خالىغانچە زىيانكەشلىك قىلالايمەن ۋە بۇلار (يەنى مۇسۇلمانلار) بۇ ئىشقا ئارىلاشمايدۇ» دەپ ئويلاۋاتامسەن؟

سەن ئۆز كۈچۈڭگە ئىشىنىپ «ئۇيغۇرلارغا خالىغىنىمنى قىلالايمەن، ھېچكىم ماڭا غىدىڭ ـ پىدىڭ قىلالمايدۇ» دەپ ئويلاۋاتامسەن؟

سەن ئۆزۈڭچە «ئۇيغۇرلارغا قارشى ئۇرۇش قوزغىغانلىق مۇسۇلمانلارغا قارشى ئۇرۇش قوزغىغانلىق ئەمەس» دەپ ئويلاۋاتامسەن؟

مەن بۈگۈن بار غەزىپىم ۋە جاسارىتىم بىلەن خىتايغا ئېيتىپ قويايكى، سەن مۇسۇلمانلارغا قارشى ئۇرۇش قوزغىدىڭ ۋە بىز (سېنىڭ ئۈستۈڭدىن) غالىپ كەلمىگۈچە بولدى قىلمايمىز.

(ئى خىتاي) ساڭا ئېيتىپ قوياي، سېنىڭ ئەڭ ياخشى تالىلىشىڭ موڭغۇللارغا ئوخشاش ئىسلامغا كىرىشتۇر.

سەن قورالىنىڭ سىتىۋولىغا قارىغىنىدا جەننەتنى كۆرىدىغان دۈشمەننى (يەنى بىز مۇسۇلمانلارنى) ھەرگىز يېڭەلمەيسەن. بىز ئۆلۈمگە پەرۋا قىلمايمىز، بىزنى شېھىت بولغىلى قوي! سەن بىزنى يېڭەلمەيسەن، بىز يېڭىلمەس رەقىبلەرمىز.

ئەسلىدە سەن ئۇيغۇرلاردىن ھاياتىنىڭ ھەقىقىي مۇددىئاسىنى، يەنى يېگانە بىر ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشنى ئۆگىنىشىڭ كېرەك. سەن بۈگۈن «لا ئىلاھە ئىللاللاھ» كەلىمىسىنى مەسجىدنىڭ مۇنارلىرىدىن ئېلىۋېتەلىگىنىڭ بىلەن، ئۇنى مۇئمىنلەرنىڭ قەلبىدىن ئېلىۋېتەلمەيسەن.

ساڭا يەنە بىر قېتىم ئېيتىپ قوياي، بۇ (يەنى سېنىڭ مەغلۇبىيىتىڭ) پەقەت ۋاقىت مەسىلىسى، خالاس. مۇسۇلمانلارنى دۈشمەن قىلىۋېلىش ئاقىلانىلىق ئەمەس! تارىخقا قاراپ باق! (مۇسۇلمانلارغا يېڭىلگەن) پارسلارنىڭ، رىملىقلارنىڭ ۋە موڭغۇللارنىڭ ھالىغا قاراپ باق! بۇ تارىخ يەنە تەكرارلىنىدۇ، سەن يېڭىلىسەن!

**پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم «مۇئمىن مۇئمىنگە نىسبەتەن بىر - بىرىنى چىڭىتىپ تۇرىدىغان بىر بىناغا ئوخشايدۇ» دېگەن. مەن ئۇيغۇرلارنىڭ كۇلتۇرى توغرىسىدا كۆپ نەرسە بىلمەيمەن. ئەمما، مەن شۇنى بىلىمەنكى، بىز ئۇيغۇرلار ئۈچۈن بۇ يەرگە كەلدۇق ۋە تاكى ئادالەت بەرپا قىلىنغانغا قەدەر توختاپ قالمايمىز!».**

## ئۇيغۇر ياش - ئۆسمۈرلىرى مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىنىش ئۈچۈن شەرقىي تۈركىستاندىن خىتاينىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا يۆتكەلمەكتە

**«indiablooms» تورىنىڭ 15 - نويابىردىكى «ئەركىن ئاسىيا رادىيوسى»دىن نەقىل ئېلىنغان خەۋىرىدە كۆرسىتىلىشىچە، خىتايدىكى بىر ئەمگەك كۈچى يۆتكەش شىركىتى بۇ يىل 6 - ئايدا قەشقەردىن خىتاي ئۆلكىلىرىگە 3000 دىن ئارتۇق كىشىنى يۆتكىگەن بولۇپ، بۇلارنىڭ ئوتتۇز پىرسەنتى 16 ياشتىن 18 ياشقىچە بولغان ئۆسمۈرلەر ئىكەن.**

**ئەگەر بۇ يەككە ھادىسە بولمىغان تەقدىردە، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى 18 ياشقىمۇ توشمىغان باللارنى تۈركۈملەپ ئۆز ئۆلكىلىرىگە يۆتكىشىنى زۇلۇمنىڭ يەنە بىر بالداق ئېغىرلاشتۇرۇلغانلىقىنىڭ ئالامىتى دېيىشكە بولىدۇ.**

## يەنە بىر خىتاي خەلقئارا ساقچى تەشكىلاتى ئىنجرائىيە كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغا نامزات كۆرسىتىلدى

**«خەۋەر ھەپتىلىكى» تورىنىڭ 19 - نويابىردىكى ئالاقىدار ماقالىسىدە كۆرسىتىلىشىچە، 194 ئەزا دۆلەتتىن تەشكىل قىلىنغان دۇنيا ساقچى تەشكىلاتى ـــ ئىنتېرپول مۇشۇ ئاينىڭ ئاخىرىدا يىغىن چاقىرىپ، مەزكۇر تەشكىلات رەھبەرلىرىنىڭ خىزمەتلىرىنى نازارەت قىلىدىغان يېڭى ئىنجرائىيە كومىتېتىنى سايلاش ئالدىدا تۇرۇۋاتقان بولۇپ، خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىك مىنىستىرلىقىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى خۇ بىنچېن (胡彬郴) ئىنجرائىيە كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغا نامزات كۆرسىتىلگەن.**

**ئەگەر خۇ بىنچېن ئىنجرائىيە كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغا سايلانسا، ئىنتېرپول خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئىنتېرپولنى داۋاملىق سۇيىئىستېمال قىلىشىغا يول ئېچىپ، چەت ئەلدىكى ئۇيغۇر، تىبەت، تەيۋەن ۋە خىتاي ئۆكتىچىلىرىنى تېخىمۇ چوڭ خەۋپكە قويۇشى مۇمكىن ئىكەن.**

**بۇ ھەقتە، يىگىرمىدەك دۆلەتتىكى قىرىق - ئەللىكتەك پارلامېنت ئەزاسى خىتاينىڭ ئىنتېرپول ئىنجرائىيە كومىتېتىغا نامزات كۆرسىتىشكە ئېتىراز بىلدۈرۈپ، ئىنتېرپولغا بىرلەشمە خەت يازغان.**

## خىتاي ئىستراتېگىيىلىك ئۇزۇن مۇساپىلىك H - 6K تىپلىق بومباردىمانچى ئايروپىلانىنى ھىندىستان چېگراسىغا يېقىن جايغا ئورۇنلاشتۇردى

**«ھىندىستان ۋاقىت گېزىتى» تورىنىڭ 20 - نويابىردىكى ماقالىسىدە كۆرسىتىلىشىچە، خوڭكوڭدا چىقىدىغان «جەنۇبىي خىتاي سەھەر گېزىتى»نىڭ خەۋىرىگە كۆرە، خىتاينىڭ ئۇزۇن مۇساپىلىك H - 6K**

تىپلىق بومباردىمانچى ئايروپىلاندىن ئاز دېگەندە بىرى خىتاي ـ ھىندىستان چېگراسى ئەتراپىدا ئۇچۇپ، ھىندىستانغا «جىددىيلىكنى ئەدەتمەسلىك» توغرىسىدا سىگنال بەرگەن.

مەزكۇر خەۋەردە كۆرسىتىلىشىچە، 11 ـ نويابىر كۈندىكى خىتاي ھاۋا ئارمىيەسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 72 يىللىقىنى خاتىرىلەش توغرىسىدا خەۋەردە، خىتاينىڭ «مەركىزىي خەلق تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى» H ـ 6K تىپلىق بومباردىمانچى ئايروپىلانىنىڭ تاغلىق رايونلاردا ئۇچۇۋاتقان قىسقىچە كۆرۈنۈشىنى كۆرسەتكەن بولۇپ، بۇ مەزكۇر ئايروپىلانىنىڭ ھىمالايا رايونىغا ئەۋەتىلگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدىكەن.

خىتاينىڭ مەزكۇر ھەرىكىتى ھىندىستانىنىڭ رۇسىيەدىن سېتىۋالغان ئەڭ ئىلغار 400 ـ S تىپلىق باشقۇرۇلىدىغان بومبىدىن مۇداپىئەلىنىش سىستېمىسىنى ئۆز چېگراسىغا ئورۇنلاشتۇرۇشقا تەييارلىنىۋاتقان مەزگىلىگە توغرا كەلگەن.

خىتاي ھەربىي ساھەسىدىكى مەلۇم بىرەيلەننىڭ «جەنۇبىي خىتاي سەھەر گېزىتى»گە بىلدۈرۈشىچە، H ـ 6K تىپلىق بومباردىمانچى ئايروپىلانلار دەسلەپتە شەنشى ئۆلكىسىگە جايلاشتۇرۇلغان بولسىمۇ، بۇلتۇردىن باشلاپ شەرقىي تۈركىستانىنىڭ قەشقەر شەھىرىگە ئورۇنلاشتۇرۇلۇشقا باشلىغان. مەزكۇر ئۇچۇر مەنبەسى بۇ ھەقتە: «H ـ 6K تىپلىق بومباردىمانچى ئايروپىلانلارنىڭ خىتاي ـ ھىندىستان چېگراسىغا ئۇچۇپ بېرىشى بىردەملىك ئىش، چۈنكى بۇ ئايروپىلانلار (شەرقىي تۈركىستاننى ئۆز ئىچىگە ئالغان) غەربىي ئۇرۇش رايونىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان» دېگەن.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئۇرۇش رايونى (战区) ئۇرۇش بولۇۋاتقان رايوننى كۆرسەتمەستىن، خىتايدىكى بىرىنچى دەرىجىلىك ھەربىي تەشكىلات بىرلىكىنى كۆرسىتىدۇ، نۆۋەتتە خىتايدا بەش ئۇرۇش رايونى بار بولۇپ، بۇلار ئەسلىدىكى يەتتە ھەربىي رايوننىڭ ئورنىغا تەسىس قىلىنغان.

## كانادا «ئەڭ يېقىن شېرىكلىرى» بىلەن ئولىمپىكنى بايقۇت قىلىش ئېھتىماللىقى توغرىسىدا مۇزاكىرىلەشمەكتە

«ctvnews» تورىنىڭ 20 ـ نويابىردىكى خەۋىرىدە كۆرسىتىلىشىچە، كانادا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ باياناتچىسى خىتاي تېننىس توپ ماھىرى پېڭ شۇەينىڭ يېقىندا غايىب بولغانلىقى توغرىسىدا توختالغاندا «كانادا خىتايدىكى كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكلىرى توغرىسىدىكى خەۋەرلەردىن قاتتىق بىئارام بولماقتا. كانادا ئۆز شېرىكلىرى بىلەن، بېيجىڭ 2022 ـ يىللىق قىشلىق ئولىمپىك مۇسابىقىسىنى دىپلوماتىك بايقۇت قىلىشنى داۋاملىق مۇزاكىرە قىلىدۇ» دېگەن.

بۇنىڭدىن ئىلگىرى، «ۋاشىڭتون پوچتىسى گېزىتى» قاتارلىق تاراتقۇلار ئامېرىكا پرېزىدېنتى جوۋ بايدېننىڭ بېيجىڭ قىشلىق ئولىمپىك مۇسابىقىسىنى دىپلوماتىك بايقۇت قىلىشنى ئويلىشىۋاتقانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرلەرنى ئېلان قىلغانىدى.

## بايدېن بىلەن شى جىنپىڭنىڭ ئۇچرىشىشى نەتىجىسىز ئاياغلاشتى

«ئامېرىكا ئاۋازى» تورىنىڭ 20 ـ نويابىردىكى ماقالىسىدە كۆرسىتىلىشىچە، ئامېرىكا پرېزىدېنتى جوۋ بايدېن بىلەن خىتاي رەئىسى شى جىنپىڭنىڭ 15 ـ نويابىر كۈنى كېچىدە ئۆتكۈزۈلگەن، مۇئەييەن ساھەلەردە بولسىمۇ بىردەكلىك ھاسىل قىلىنىشى مۆلچەرلەنگەن، ئۈچ يېرىم سائەت داۋاملاشقان ۋىدېيولۇق ئۇچرىشىشىدىن كېيىن، ھېچقانداق كونكرېت قارار ياكى نەتىجە ئېلان قىلىنمىغان.

مەزكۇر ئۇچرىشىشتىكى يارقىن نۇقتىلاردىن بىرى سۆھبەتتە، پرېزىدېنت بايدېن تەيۋەن مەسىلىسىدە توختالغاندا، ئامېرىكانىڭ «بىر خىتاي» سىياسىتىدە چىڭ تۇرىدىغانلىقىنى، ئەمما تەيۋەن بوغۇزىنىڭ تىنچلىقى ۋە مۇقىملىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان، ئۆز ئالدىغا ئېلىپ بېرىلغان ھەرقانداق ھەرىكەتكە قەتئىي قارشى تۇرىدىغانلىقىنى تەكىتلىگەن بولسا، شى جىنپىڭ بۇنىڭغا قارىتا: «ئەگەر تەيۋەن مۇستەقىللىقىنى تەرغىب قىلىدىغان بۆلگۈنچى كۈچلەر ھەددىدىن ئاشسا، ھەتتا قىزىل سىزىقتىن بۆسۈپ ئۆتسە، بىز چوقۇم تەدبىر قوللىنىمىز» دېگەن.

ئۇيغۇر مەسىلىسىنىڭ بۇ ئۇچرىشىشتىمۇ باشقا مەسىلىلەر قاتارىدا يۈزەكىلا تىلغا ئېلىنغانلىقى «كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزىتىش تەشكىلاتى» باشچىلىقىدىكى تەشكىلات ۋە شەخسلەرنىڭ كۈچلۈك ئېترازىنى قوزغىغان.

## خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىن چىقىدىغان پاختىلارنى خەلقئارا تەمىنات زەنجىرىگە كىرگۈزۈشتىكى يېڭى تاكتىكىسى بايقالدى

«ئامېرىكا ئاۋازى» تورىنىڭ 23 ـ نويابىردىكى ماقالىسىغا كۆرە، شەرقىي تۈركىستاندىن چىقىدىغان پاختىلارنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ مەجبۇرىي ئەمگىكى بىلەن زىچ باغلىنىشلىق ئىكەنلىكى دەلىللەنگەندىن كېيىن شەكىللەنگەن خەلقئارالىق بېسىم ۋە ئامېرىكانىڭ شەرقىي تۈركىستاننىڭ پاختىسىنى ئىمپورت قىلىشنى چەكلىشى نەتىجىسىدە، قىسمەن داڭلىق ماركىلار ۋە خەلقئارالىق تەشكىلاتلار شەرقىي تۈركىستاننىڭ پاختىسىنى بايقۇت قىلىغانلىقىنى ئېلان قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئەنگلىيەدىكى شېفېلت خاللام ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ خېلېنا كېنېدى خەلقئارا ئادالەت مەركىزى تەييارلىغان «پاختا ئەتكەسچىلىكى: شەرقىي تۈركىستاننىڭ پاختىسى خەلقئارا تەمىنات زەنجىرىدە قانداق يوشۇرۇلىدۇ؟» ناملىق دوكلاتتا ئاشكارىلىنىشىچە، خىتاي شىركەتلىرى شەرقىي تۈركىستاندىن چىقىدىغان پاختا ۋە ئالاقىدار پاختا مەھسۇلاتلىرىنى شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا دۆلەتلىرىدە پىششىقلاپ ئىشلەپ، خەلقئارا تەمىنات زەنجىرىنى داۋاملىق ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكىگە چېتىشلىق پاختا مەھسۇلاتلىرى بىلەن تەمىنلىمەكتىكەن.

مەزكۇر دوكلاتنى تەييارلاش گۇرۇپپىسىنىڭ مەسئۇلى لاۋرا مۇرفېينىڭ ئېيتىشىچە، دوكلاتنى تەييارلىغان تەتقىقاتچىلار خىتايدىكى بەش شىركەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا دۆلەتلىرىدىكى 53 خەلقئارالىق پاختا كىيىم ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرىنى شەرقىي تۈركىستاندا ئىشلەپچىقىرىلغان پاختا بىلەن تەمىنلەيدىغانلىقىنى بايقىغان بولۇپ، بۇ 53 كارخانا 103 خەلقئارالىق داڭلىق ماركىنى مەھسۇلات بىلەن تەمىنلەيدىكەن.

### كورېيەدىكى ئۆكتىچى پارتىيە سايلامدا يېڭىپ چىقسا، خىتايغا قاراتقان تۇتۇمىنى قاتتىقلاشتۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى

«ئامېرىكا ئاۋازى» تورىنىڭ 23 ـ نويابىردىكى ماقالىسىدا كۆرسىتىلىشىچە، كورېيەدىكى ئەڭ چوڭ كونسېرۋاتىپ پارتىيە بولغان «خەلق كۈچى پارتىيەسى» (People Power Party) كېلەر يىلى ئۈچىنچى ئايدا ئۆتكۈزۈلىدىغان پرېزىدېنتلىق سايلىمىدا ئۇتۇپ چىقالىغان تەقدىردە، تاشقى سىياسەتتە كىشىلىك ھوقۇقنى تېخىمۇ بەك تەكىتلەپ، خىتايغا قارشى ھازىرقىدىن قاتتىق پوزىتسىيە تۇتىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

گەرچە كورېيە ئامېرىكا بىلەن رەسمىي كېلىشىم تۈزۈشكەن ئىتتىپاقداشلاردىن بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ئۆزىنىڭ ئەڭ چوڭ تىجارەت شېرىكى بولغان خىتاي بىلەنمۇ نىسبەتەن يېقىن مۇناسىۋەتنى ساقلاشقا ئۇرۇنۇپ كەلگەن ۋە بۇ خىل ئىككى قېيىققا تەڭ دەسسەش تاكتىكىسىنى «ئىستراتېگىيەلىك مۈجمەللىك» دەپ ئاتاپ كەلگەنىدى.

ھالبۇكى، «خەلق كۈچى پارتىيەسى»نىڭ پرېزىدېنت نامزاتى يۈن سېكيول بۇ ھەقتە: «دۆلەتنىڭ ئىشلىرىغا (ئىستراتېگىيەلىك مۈجمەللىك بىلەن ئەمەس، بەلكى) ئىستراتېگىيەلىك سۈزۈكلۈك بىلەن يېتەكچىلىك قىلىش كېرەك» دېگەن.

ئەمما، سىياسىي تەھلىلچىلەر بۇ پارتىيەنىڭ راستلا پرېزىدېنتلىق سايلىمىدا يېڭىپ چىققان تەقدىردىمۇ، خىتايغا قارشى ماھىيەتلىك قاتتىق تەدبىر قوللىنىشقا گۇمانىي پوزىتسىيە تۇتماقتا.

### ياۋروپا ئىتتىپاقى شەرقىي تۈركىستاندىكى كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىگە ئالاقىدار خىتاي ئەمەلدارلىرىغا قارىتىلغان جازانى يېڭىلاش ئالدىدا تۇرۇۋاتىدۇ

«رويتېرس ئاگېنتلىقى» تورىنىڭ 24 ـ نويابىردىكى خەۋىرىگە كۆرە، ئىككى نەپەر دىپلوماتنىڭ بىلدۈرۈشىچە، ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ باش ئەلچىسى چارشەنبە كۈنى كىشىلىك ھوقۇق قارا تىزىملىكىنى كېڭەيتىشنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە، خىتاينىڭ تۆت ئەمەلدارىغا ۋە بىر ئاپپاراتىغا قارىتىلغان جازانىڭ ئۈزارتىلىشىنى تەستىقلىغان.

كېلەر ئاينىڭ بېشىدا رەسمىي ماقۇللانغۇسى مەزكۇر قارار 2020 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا ئىمزالانغان خىتاي ـ ياۋروپا مەبلەغ سېلىش كېلىشىمىنى خەتەرگە ئۈچرىتىشى مۇمكىن ئىكەن.

خىتاينىڭ ياۋروپا بىرلەشمىسىدە تۇرۇشلۇق ۋەكىلى ئالدىنقى ھەپتە ياۋروپا ئىتتىپاقى (بىر قانچە نەپەر خىتاي ئەمەلدارىغا قارىتىلغان) جازانى بىكار قىلمىغۇچە يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان كېلىشىمنى رەسمىي تەستىقلاشنىڭ مۇمكىن بولمايدىغانلىقىنى، چۈنكى بېيجىڭ دائىرىلىرىنىڭ بۇنى «خىتاينىڭ ئىچكى ئىشىغا ئارىلاشقانلىق» دەپ قارايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

### خىتاي يېڭى گېرمانىيە ھۆكۈمىتىنى تەيۋەن، خوڭكوڭ ۋە شەرقىي تۈركىستان مەسىلىلىرى توغرىسىدا ئاگاھلاندۇردى

«بلۇمبېرگ» تورىنىڭ 25 ـ نويابىردىكى خەۋىرىگە كۆرە، بۇ قېتىملىق گېرمانىيە سايلىمىدىن كېيىن مىسلى كۆرۈلمىگەن بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇشقا مۇۋەپپەق بولغان ئولاف شولز (Olaf Scholz) ئەنجېلا مېركېلنىڭ ئورنىغا گېرمانىيەنىڭ باش مىنىستىرى بولۇش ئالدىدا تۇرۇۋاتقان ۋەزىيەتتە، خىتاي گېرمانىيەنىڭ مەزكۇر يېڭى بىرلەشمە ھۆكۈمىتىنى ئۆزىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلاشماسلىق، ئاتالمىش «بىر خىتاي سىياستى»دە چىڭ تۇرۇش توغرىسىدا ئاگاھلاندۇرغان.

خىتاينىڭ بۇنداق قىلىشىدىكى سەۋەب، گېرمانىيەنىڭ ۋەزىپىگە ئولتۇرۇش ئالدىدىكى باش مىنىستىرى ئولاف شولز ئويلىمىغان يەردىن خىتايغا قارشى قاتتىق ئىبارىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھۆكۈمەت پىلانىنى ئېلان قىلىپ، خىتاينى كىشىلىك ھوقۇققا ئەھمىيەت بېرىشكە، خوڭكوڭغا بولغان كونتروللۇقىنى بوشاشتۇرۇشقا ئۈندەيدىغانلىقى، شۇنداقلا تەيۋەننىڭ خەلقئارالىق تەشكىلاتلارغا ئەزا بولۇشىنى قوللايدىغانلىقى توغرىسىدا ۋەدە بەرگەنلىكى.

كېلەر ئاي يېڭى ھۆكۈمەت ۋەزىپىگە ئولتۇرغاندىن كېيىن يولغا قويۇلۇشقا باشلايدىغان مەزكۇر سىياسەت پروگراممىسى ئەنجېلا مېركېلنىڭ بېيجىڭغا قاراتقان سىياستىنىڭ ئۆزگەرتىلىدىغانلىقىدىن ۋە ياۋروپادىكى ئەڭ كۈچلۈك ئىقتىسادىي گەۋدە بولغان گېرمانىيەنىڭ بايدېن ھۆكۈمىتىگە يېقىنلىشىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدىكەن. شۇڭلاشقا، بېيجىڭ دائىرىلىرىنىڭ «سۇ كەلگۈچە توغان تۇت» دەپ مەزكۇر يېڭى ھۆكۈمەتكە ھازىردىن باشلاپ بېسىم ئىشلىتىۋاتقانلىقى مەلۇم.

## ياپونىيە باش ۋەزىرى فۇمىئو كىشىدا ئاسىيا ـ ياۋروپا باشلىقلار يىغىنىدا خىتايدىكى كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىگە قاتتىق كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى

«ياپونىيە ۋاقىت گېزىتى» تورىنىڭ 27 ـ نويابىردىكى خەۋىرىدە كۆرسىتىلىشىچە، ياپونىيە باش ۋەزىرى فۇمىئو كىشىدا ئاسىيا ۋە ياۋروپادىكى ئەللىكتەك دۆلەتنىڭ رەھبەرلىرى قاتناشقان تور يىغىنىدا خوڭكوڭ ۋە شەرقىي تۈركىستاندىكى كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىغا بولغان ئەندىشىسىنى بىلدۈرگەن.

كىشىدا يەنە ھەرقانداق بىر تەرەپنىڭ شەرقىي دېڭىز ۋە جەنۇبىي خىتاي دېڭىزىنىڭ ھازىرقى ھالىتىنى ئۆز ئالدىغا ئۆزگەرتىش ئۇرۇنۇشىغا قەتئىي قارشى تۇرىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، خىتاينىڭ مەزكۇر دېڭىز رايونلىرىدىكى ھەربىي قۇرۇلۇشلىرىنى تەنقىد قىلغان.

ھېكمەتيار ئىبراھىم تەييارلىغان



## كارل گېرشمان

ئامېرىكا دۆلەتلىك دېموكراتىيەنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتىنىڭ سابىق رەئىسى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىزچىل قوللىغۇچىسى ھۆرمەتلىك كارل گېرشمان ئەپەندى

# ...haman azatliq tengi atidu...

# ishengin!

## ئۇيغۇرلار

*The Uyghurs*

ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە مەۋجۇدىيىتىنىڭ ژۇرنىلى

The Magazine of the Uyghur Culture and Survival



ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئۇرۇشتىنمۇ قورقۇنۇچلۇق ۋە رەزىل جىنايەتتۇر